1

# باي تارىخى ماتېرىياللىرى



جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى باي
ناھىيىلىك كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللار ھەيئىتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# باي تارىخ ماتېرىياللىرى

(1)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى باي
ناھىيىلىك كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

# تەھرىر ھەيئەتلەر

باش مۇھەررىر: مەھەممەت ئىبراھىم

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ھەسەن سەپەر

مۇئاۋىن مۇھەررىرلەر: شېرئەلى مەھەممەت
ئايشەم مۇسا

تەھرىر ھەيئەتلەر: ئىسكەندەر مامۇت
تۇنىياز ساۋۇت
تەلەۋالدى لېتىپ
كەنجى راشىدىن
ۋۇجۇگسەن
خاپا خاۋ
قېيۇم مەمتەمىن
تۇنىياز مەمەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

重视研究文史
资料促进我县两个
文明建设

陈新年
九九五·七·一

## تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ناھىيىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى

چېن شىنيەن

(باي ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى)

1995. 7. 1

www.uyghurkitap.com

ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ،
ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ،
ناھىيىمىزنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىنى
توپلاش، رەتلەش خىزمىتىنى ياخشى
ئىشلەيلى

ئابدۇرۇسۇل گايىت

(باي ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى)

1995. 6. 20

تارىخ ماتېرىياللارنى چوڭقۇر قېزىپ،
بۇرۇنقىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت
قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى
ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ناھىيىمىزنىڭ سوتسىـ
يالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى
ئىلگىرى سۈرەيلى

مۇھەممەت ئىبراھىم

(باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى)

1995. 6. 29

تارىخ ماتېرىياللىرىنى توپلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، بۇرۇنقىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، ناھىيەمىزنى ئىتتىپاقلاشقان، تەرەققىي قىلغان، گۈللەنگەن، باي ناھىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىپ كۆرەش قىلايلى

ھېكىم ئانايەت

(باي ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي
كومىتېتى مۇدىرى)

1995. 6. 28

# بېغىشلىما

پۈتتى قىسسە، پۈتتى تارىخ بولغاچقا دەۋران رىغبىتى،
نەكى رىغبەت بۇندا ئۆتكەن ئەجداد روھىنىڭ خىسلىتى.

ياش تۆكۈپ ئۆتكەن كۈرەشكە بۇندا كۆرمىڭلاپ بۈگۈن،
ھەم مۇجەسسەم بولدى قۇر، ۋاراقتا ئەجداد ھۆرلىكى.

قىپقىزىل يۇلغۇن گۇۋاھتۇر، ھەم مۇزات دولقۇنلىرى،
دىلدا ئارمان، دىلدا ئارزۇ، تىللاردا داستان شۆھرىتى.

ئىز بېسىپ ماڭدۇق سەپەرگە بارچە مىللەت جەم بولۇپ،
ئاشقۇسى ئىشقا تىلەكلەر دىللاردا ئەجداد جۈرئىتى.

**تارىخ ماتېرىياللار خىزمىتىنى بىرلىك**
**سەپ ۋە ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى**
**ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرايلى!**

**ھەسەن سەپەر**

(باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى

1995. 6. 25

تارىخ ئىنزالىرى ئۈستىدە دادىل ئىزدىنىپ،


گۈزەل كېلەچەكنى قۇدرەتمۇھەللار ئۈچۈن

ئۆچمەس يادنامە قالدۇرايلى.


شىرئەلى مەمەت

١٩٩٣ . ٦ . ١

(باي ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى)




1 - رەسىم قىزىل مىڭ ئۆيىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنىشى




2 - رەسىم قىزىل مىڭ ئۆيىنىڭ كىرىش
ئېغىزىدىكى تاش غارلار


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



3 - رەسىم قىزىل مىڭ ئۆي ئوتتۇرا قىسىمىدىكى
تاش غارلاردىن كۆرۈنۈش




4 - رەسىم قىزىل مىڭ ئۆيىنىڭ غولىدىكى تاش غارلار



5 - رەسىم قىزىل سۇ ئامبىرى


ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



6 ـ رەسىم قىزىل سۇ ئامبىرى ئېلېكتر ئىستانسىسى




7 ـ رەسىم قىزىل سۇ ئامبىرىنىڭ چۈشۈرگىسى




8 - رەسىم ھەيئەتلەر ماتېرىيال تەھرىرلىمەكتە


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



9 - رەسىم باي ناھىيىلىك پارتكوم خىزمەت بىناسى




10 - رەسىم باي ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى
خىزمەت بىناسى




11 - رەسىم باي ناھىيىلىك كىنو - تىياتىرخانا


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



12 - رەسىم باي ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتىپى



13 - رەسىم پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى




14 - رەسىم باي بازار ئەمچى خانىقاسى




15 - رەسىم خەلق بانكىسى خىزمەت بىناسى


ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com




16 - رەسىم باي ناھىيىلىك تۇرلۇك ماللار شىركىتى-
نىڭ خەلققە پايدىلىق سودا سارىيى



17 - رەسىم سودا - سانائەت بانكىسى



18 - رەسىم تەمىنات سودا سارىيى



19 - رەسىم خەلق دوختۇرخانىسى يالىنىست بىناسى

# مۇندەرىجە


1- باي ناھىيىسىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ...... ھەسەن سەپەر 1

2- باي ناھىيىسىدە پەننىي مائارىپنىڭ بارلىققا كېلىشى ...... ئۆمەر كېرەم 15

3- باي ناھىيىلىك 1- باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ قىسقىچە تارىخى ...... رەتلىگۈچى: ئابلا مامۇت 26

4- ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيىسى جەنۇبىي يۈرۈش قوشۇنىنىڭ باي ناھىيىسىنى ئازاد قىلىشى ...... تۇنىياز مۇھەممەد 44

5- باي ناھىيىسىدىكى «ئاقتاغ ۋەقەسى» توغرىسىدا ...... تۇختى سەيىت 86

6- باي ناھىيىسىدە قۇرۇلغان شوتاڭ مەكتەپلەر ھەققىدە ...... نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھەسەن سەپەر 110

7- باي ناھىيىسىدە تىياتىرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەسلىمە ...... ئېلى ئېزىز 119

8 - مۇسا خەلپە قوزغىلىڭى توغرىسىدا... ........................ توختى سەيىت 151

9 - باي ناھىيىسىدىكى «گوڭ غوجام ئوردىسى» نىڭ بارلىققا كېلىشى ........ گاۋجىشەن 164

10 - 1927 - يىلى باي ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولغان جاڭجاۋجى ئەپەندىمنىڭ تەرجىمىھالى ........................ خۇافاخاۋ 171

11 - باي ناھىيىسىدە 1946 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان «دېموكراتىك سايلام» نىڭ ماھىيىتى نەشىرگە تەييارلىغۇچىلار: ھەسەن مەپەر، قېيۇم مەھەتەمىن ................................ 183

12 - 1941 - يىلى باي ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن «ئىمىن نەقى ۋەقەسى» نىڭ باش ئاخىرى ........................ مەتنىياز توختى 195

13 - ناھىيىمىزنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى پوچتا خەت - چەك، ئالاقە ئىشلىرى ھەققىدە ئەسلىمە ........................ ئېۋشەشۇ 211

14 - ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە پەننىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ........................ ئۆمەر كېرەم 219

15 - ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باي ناھىيىسىگە قوشقان تارىخىي تۆھپىلىرى ........... 240

16 - باي پەننىي مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى ساۋۇت داموللا ھاجىم ......... ئۆمەر كېرەم 272

17 - مەشھۇر تارىخشۇناس، ئالىم
موللا مۇسا سايرامى. ........ ئابدۇقەييۇم مەتقەممەن 278
18 - مەن ئەرمىيانىڭ تەرجىمەھالىم 299
19 - ئىنقىلابىي قۇربان ئابلا داۋۇتوپ
........................................ ئۆمەر كېرىم 320
20 - ناھىيەمىزنىڭ تارىخىي ماتېرىيال-
لارنى توپلاش ۋە رەتلەش جەھەتتىكى بەزى
پىكىرلەر ........................... ھەسەن سەپەر 324

# « باي تارىخى ماتېرىياللىرى » 1 - قىسمىنىڭ تۈزىتىش جەدۋىلى

| بەت | يۇقۇرىدىن -قۇر | تۆۋەندىن -قۇر | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|
| 6 | 4 | | -1944 | -1949 |
| 6 | 8 | | ئوخشاش | ئۇششاق |
| 20 | 10 | | ئوقۇتۇچىلار | ئوقۇغۇچىلار |
| 34 | 3 | | مەرھۇم ئېباي ئېزىز | ئېلى ئېزىز (ھايات) |
| 47 | 5 | | كەلگەكدە | كەلگەندە |
| 53 | 12 | | ئەمدۇللا | ئەمرۇللا |
| 55 | | 10 | ساچ | سايىم |
| 76 | 1 | | قۇرۇلۇش باشلىغى | قۇرۇلۇش باشقارما باشلىغى |
| 89 | | 6 | -1973 | -1937 |
| 126 | 9 | | بىبىرايىم | ئىبراھىم |
| 138 | 13 | | دوگوورلىشىپ | دېگىۋارلىشىپ |
| 179 | 4 | | جايغاكىلىپ | بايغاكىلىپ |
| 180 | | 8 | زۇگلى | زۇكتۇك |
| 183 | 4 | | ئۇرۇلتاي | قۇرۇلتاي |
| 185 | | 1 | رىۋزىيىمنىڭ | دېۋىزىيىمنىڭ |
| 190 | | 11 | چىتىمتانلىغى | چىقىمغانلىغى |
| 192 | | 6 | دەسئۇلىيىتىمنىڭ | مەسئۇتنىڭ |

| بەت | يۇقۇرىدىن -قۇر | تۆۋەندىن -قۇر | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|
| 208 | | 10 | كادان | كاداك |
| 220 | | 7 | ئىبراھم | ئىبراھىم |
| 221 | 2 | | مەمەترېھىم | مەمەترېھىم ئەلەم |
| 222 | | 9 | قۇمباش | ئومباش |
| 223 | 13 | | راشىدىن رابىت | راشىدىن داۋۇت |
| 235 | 9 | | -1941 | -1942 |
| 285 | | 2 | خۇنىنىڭ | خۇجىنىڭ |
| 301 | 10 | | مۆتىۋى | مۆۋلىۋى |
| 303 | 9 | | شىۋدېتكە | شىۋتكە |
| 305 | | 11 | ئەيدا باي | ئەبدا باي |
| 312 | 7 | | نەشىرلىك | تەھرىرلىك |
| 316 | 9 | | نامىلىرى | ناھىيىلىرى |
| 316 | | 6 | بېرىپ | بىز |
| 317 | 11 | | رىساسى | رىسالىسى |
| 317 | 11 | | غۇسلى | غەسلى |
| 317 | | 11 | مىجىلىلى | مىجەللىسى |
| مۇقاۋىنى لاھىلىگۈچى | | | باتۇر مەمەت | غالىپجان مەھەممەت |

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# باي ناھىيىسىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

تەھرىر ھەيئىتىدىن

## 1 - جۇغراپىيىلىك ئورنى

باي ناھىيىسى تەڭرى تېغىنىڭ ئوتتۇرا قىسىم جەنۇبىي ئېتىكى، مۇزات دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، چۆلتاغنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان، ئەتراپى تاغ بىلەن ئورالغان ئويمانلىق بولۇپ، ئورنى شىمالىي كەڭلىك 4024 تىن 42·39 غىچە، شەرقىي مېرىدىئان، 80·32 تىن، 83·03 غىچە ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ.

غەربىي تەرىپى ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى، شەرقىي تەرىپى كۇچار ناھىيىسى، شىمالىي تەرىپى تەڭرى تېغى ئارقىلىق تېكەس، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى، شەرقىي شىمال تەرىپى خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ باينبۇلاق يايلىقى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ناھىيىنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 184 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى 105 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر مەيدانى 19 مىڭ 100 كۋادرات كىلومېتىر، موغا سۈندۇرغاندا 28 مىليون 650 مىڭ مۇ. ھازىر بار تېرىلغۇ يەر 783

مىڭ 800 مو. ئومۇمىي نوپۇسى 179·905 نەپەر-
دىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ،
قىرغىز، موڭغۇل، ئۆزبېك، مانجۇ، چاۋشيەنزۇ، جۇاڭزۇ
قاتارلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاز سان-
لىق مىللەتلەر 150 مىڭ 200 نەپەردىن كۆپرەك
بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 92% نى ئىگىلەيدۇ.
پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدە ئىككى بازار، 11 يېزا،
ئىككى دېھقانچىلىق مەيدانى، بىر دۆلەت ئىگىلىكى-
دىكى نەسىللىك قوي فېرمىسى، بىر دېھقانچىلىق
تەجرىبە پونكىتى ۋە بىر ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش
مەيدانى بار.

باي ناھىيىسىنىڭ يەر ئاستى بايلىقى مول،
تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، تۈرى كۆپ بولۇپ، ھازىر-
غىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ۋە بىر قىسىم پايدىلى-
نىۋاتقان يەر ئاستى بايلىقلىرىدىن — ئالتۇن، مىس،
تۆمۈر، قوغۇشۇن، كۆمۈر، تۇز، مانگان، كالىي چىرىس-
تال، فىتورشپاتى، سۇرمە، ئاھاكتېشى، ياقۇت، قاشتې-
شى، سىڭگىرتاش قاتارلىقلار بار.

خەلقىنىڭ ئەمگەكچانلىقى، ياغلىق دان ۋە چار-
ۋىنىڭ كۆپ چىقىدىغانلىقى، مول يەر ئاستى بايلى-
قى، سۈيىنىڭ ئەلۋەكلىكى بىلەن ئىسمى-جىسمىغا
لايىقتۇر.

باي ناھىيىسى يەنە ئىلىم-مەرىپەتپەرۋەر كىش-
شىلىرى كۆپ بىر جاي بولۇپ، ئاتاقلىق تارىخشۇ-

ناس موللا مۇسا سايرامى ①، ئاتاقلىق شائىر نە-
ھەت، ئارمىيا ئېلى سايرامى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېر-
سىتېتىدا ئوقۇغان ئاتاقلىق تارىخچى، مەشھۇر پېداگوگ
ئابدۇللا داۋۇتوپ، ئاقسۇدا قۇرۇلغان گومىنداڭ ئەك-
سىيەتچىلىرىگە قارشى «ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى»
نىڭ ئەزالىرىدىن: قادىر ئېلى، ئوسمان قاسىم،
ئەھمەت يۈسۈپ قاتارلىق مەشھۇر شەخسلەر مۇشۇ يەر-
دە ئۆتكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا دۇنياغا مەشھۇر ئاسارە - ئەتىقە
«قىزىل مىڭ ئۆيى» مۇ باي ناھىيىسىگە جايلاشقان.

## 2 - يېزا - ئىگىلىكى

باي ناھىيىسىنىڭ سۈيى مول، تۇپرى-
قى مۇنبەت، خەلقى ئەمگەكچان، پۈتۈن
ناھىيە دائىرىسى دەل - دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان
بىر ياخشى ماكان. ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي،
قوناق، شال، مايلىق دان زىرائەتلىرىدىن قىچا، زى-
غىر، گازىر قاتارلىقلار ئاساس قىلىنىپ تېرىلىدۇ.
باي ناھىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئاشلىق،
مايلىق دان ئەڭ كۆپ چىقىدىغان ناھىيىلەرنىڭ بى-
رى. شۇڭا يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن مەر-
كىزى كومىتېت ۋە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى-
نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئاپتونوم رايون بۇ

① موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى»،
«تارىخىي ئەمنىيە» لەرنىڭ ئاپتورى.

ناھىيىنى ئاشلىق، ياغلىق دان بازىسى قىلىپ بېـ
كىتتى. باينىڭ قىچا يېغى پۈتۈن شىنجاڭغا مەشھۇر
بولۇپ، بۇ دىيارنىڭ قىچاماكانى دېگەن نامى بار. پارـ
تىيە 11 - قۇرۇلتىيى ۋە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي
كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ
يېزىلارغا قاراتقان ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى ئەمەـ
لىيلەشىپ، ئاشلىق، ياغلىق دان، سەي - كۆكتات، چارـ
ۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، ھەر خىل قوشۇمچە كەسىپ
(بېلىق بېقىش، توخۇ بېقىش، كالا - قوي بوورداش)
قاتارلىق ئائىلە - ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كەسىپلىـ
رىدە تېز يۈكسىلىش بىلەن بىرگە، يېزا - ئىگىلىك
مەھسۇلاتلىرى يىلمۇ - يىل ئېشىپ، دېھقانلارنىڭ
كىرىمى كۆپىيىپ، ئىقتىسادىي سەۋىيىسى زور دەـ
رىجىدە ئۆستى. تۆۋەندە بىز ئازادلىقنىڭ دەسلەپكىـ
مەزگىلى بىلەن ھازىرقى سان - ساناقنى سېلىشـ
تۇرۇپ كۆرەيلى:

1949 - يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى
40 مىليون جىڭ، ياغلىق دان 470 مىڭ جىڭ بولـ
غان بولسا، 1988 - يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھـ
سۇلاتى 164 مىليون 332 مىڭ جىڭ، ياغلىق دانـ
نىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 15 مىليون 790 مىڭ
144 جىڭ بولغان، 1994 - يىللىق ئاشلىقنىڭ
ئومۇمىي مەھسۇلاتى 103 مىليون 894 مىڭ
كىلوگرام، ياغلىق داننىڭ ئومۇمىي مەھـ
سۇلاتى 20 مىليون 950 مىڭ كىلوگرامـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىن ئاشتى.

— سەي - كۆكتاتمۇ كۆپ تېرىلىدىغان بولۇپ، ھەر خىل كۈزلۈك بەسەي، كۆممە چامغۇر (ياڭيۇ)، سامساق، سەۋزە، ئاش چامغۇر قاتارلىقلار پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا يۆتكىلىدۇ.

## 3 - چارۋىچىلىق

باي ناھىيىسى ئۇزاق زاماندىن بۇيان، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى تەڭ راۋاجلاندۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، بۇ جەھەتتە بىر قەدەر ئاساسى بار. 1944 - يىلىدىن باشلاپ گومىنداڭ دائىرىلىرى ئىلىدا- قوزغالغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، باي ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى تاغ ئېغىزلىرىغا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، چارۋىچىلارنى «ئىلى ئوغرىلىرى» بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالىدۇ، دەپ قاراپ چارۋىلارنى يايلاققا ئېلىپ چىقىپ بېقىشنى قاتتىق مەنئى قىلغانلىقتىن، پۈتۈن ناھىيىنىڭ چارۋىلىرى تاغقا (يايلاققا) چىقالماي ئېدىرلىقلاردا ھەم ئۆيلىردە بېقىلغانلىقتىن كېسەل بولۇپ ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچرىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بايدىكى بىر پولك گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ھەر كۈنى يەپ - ئىچىشى ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن زىيانلارغا ئۇچراپ 1944 - يىلىدىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا چارۋا سانى ناھايىتى زور دەرىجىدە كېمىيىپ كەتكەن. پەقەت ئازادلىقتىن كېيىنلا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ھۆكۈ-

مەت ئورۇنلىرىنىڭ زور كۆچ بىلەن چارۋىچىلىقىنى تۇتۇشى ئارقىلىق، چارۋىچىلىقتا ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۇق.

مەسىلەن، 1944-يىلىدىكى ئومۇمىي چارۋا 22 مىڭ 120 تۇياق بولسا، 1988-يىلىدىكى چارۋىنىڭ ئومۇمىي سانى 540 مىڭ 500 تۇياق، 1994-يىل ئاخىرىسىدىكى چارۋىنىڭ ئومۇمىي سانى 620 مىڭ 28 تۇياققا يەتكەن. بۇنىڭدىن ئۇخشاش چارۋا 523 مىڭ 101 تۇياق، يۇڭ مەھسۇلاتى 925 تونىنا، ئۆچكە تەۋىتى 169 تونىنا بولغان، بولۇپمۇ بۇ ناھىيىدە شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويچىلىقى ئالاھىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. ھازىر مىرنوس قويلىرىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلماقتا.

**4 - ئورمانچىلىق**

ناھىيە خەلقى ئۇزاق زاماندىن بۇيان ئورمانچىلىققا ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ھويلا - ئارام، يول - ياقىسى، ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرى، مەكتەپ، مەسچىت، خانىقالارنىڭ ئالدى - ئارقىسىغا كۆچەت تىكىپ، ئورمان ئەھيا قىلىپ، بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپ كەلگەن، ئازادلىقتىن كېيىن ئورمانچىلىق خىزمىتى چىڭ تۇتۇلۇپ ناھايىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئاساسلىق ئۆستۈرۈلىدىغان ئورمان قارا تېرەك (شىنجاڭ تېرىكى)، سېرىق تېرەك (بۇنى بەزىلەر ئاق تېرەك دەپمۇ ئاتايدۇ)، سۇۋادان تېرەك (پەي تېرەك) قاتارلىقلار بولۇپ، قارا تېرەك بىلەن سېرىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تېرەك بۇ ناھىيىنىڭ سۇ، تۇپراق ۋە ھاۋا كېلىما-
تىغا بەكمۇ ماس كېلىدۇ. كۆچەت تىكىلىپ 6 - 7
يىلدىلا رەسمىي ياغاچ بولۇپ، يېتىلىدۇ. قارا تېرەك
بىلەن سېرىق تېرەك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە
ئۆي جاھازلىرى سايمانلىرى ئۈچۈن بەكمۇ قىممەت-
لىك بولۇپ، بىرقانچە ئون يىلدىن بۇيان باي ناھى-
يىسىنىڭياغاچ ماتېرىياللىرى قوشنا ناھىيە ۋە ۋىلا-
يەتلەرگە داۋاملىق يۆتكەلمەكتە.

مېۋىلىك ئورمان جەھەتتە بولسا ئۆرۈك، ئالما،
تال ئۈزۈم، ئۈژمە، يىمىش جىگدە قاتارلىق مېۋىلىك
(ئورمان) دەرەخلەر ئۆستۈرۈلۈپ، كۆپلىگەن ئائىلى-
لەر باغ قىلىپ، مېۋە سورتلىرىنى ياخشىلاپ ئۆزلى-
رى يېتىشتۈرگەن مېۋىلەرنى ناھىيە بازىرىدىن سىرت-
قى بازارلارغا چىقارماقتا. مەسىلەن، ياتۇرىيېزىسىدىكى
تۆگە يويىنى كەنتىنىڭ قىزىل ئۆرۈكى ھەم يوغان،
ھەم سۈلۈق بولۇپ داڭقى بار. قىزىل يېزىسىنىڭ
قىزىل سايۋا ئۈزۈمى بەكمۇ رەڭدار، دانىسى ھەم
يوغان. ھەر يىلى ياز ۋە كۈز ئايلىرىدا ئۈرۈمچى با-
زارلىرىدا سېتىلىدۇ. ئومۇمەن باي ناھىيىسىدە مېۋى-
لىك ۋە مېۋىسىز ئورمان ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇل-
غان بولۇپ، ئېتىز - ئېرىقنى ئورمان بىلەن تور-
لاشتۇرۇش نىسبىتى % 80.6، ئورمان بىلەن
قاپلىنىش نىسبىتى 17% (پۈتۈن ناھىيە
زېمىنى)كە يەتتى. تەبىئىي ئورمان جەھەتتە ئومۇ-
مىي ئورمان كۆلىمى 1 مىليون 200 مىڭ مۇ، بۇ-

ئىچىدىن تەڭرى تېغى قارىغايزارلىقى 565 مىڭ مو، چاتقال - دەريا جىلغا ئورمىنى 400 مىڭ مو، سۈنئىي ئورمان 235 مىڭ مو، شۇڭا ئاپتونوم رايون 1989 - يىلى ئورمانچىلىق جەھەتتە ئۆلچەمگە يەتكەن ناھىيە، دەپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى.

## 5 - سانائىتى

ئازادلىقتىن بۇرۇن بۇ ناھىيىدە كۆمۈرچىلىك ۋە ئاددىي قول - ھۈنەرۋەنچىلىكتىن باشقا ھېچقانداق سانائەت ئاساسىي يوق ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ناھىيەمىزنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئەۋزەل شارائىتىدىن ئاساسەن، ھەر خىل چوڭ - كىچىك سانائەت كارخانىلىرى قۇرۇلۇپ، دۆلەتكە تېگىشلىك تۆھپىلىرىنى قوشماقتا. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، باينىڭ كۆمۈرچىلىك سانائىتى ئۇزاق زاماندىن تارتىپ، ھەر مىللەت خەلقى كان ئېچىپ، كۆمۈر قېزىپ، ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەپ، يېقىلغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ كەلگەن. ئازادلىقتىن كېيىن بولسا، كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش چىڭ تۇتۇلۇپ مەھەللىۋى ئۇسۇلدىن زامانىۋى ئۇسۇلغا يۈزلىنىپ، كۆمۈرچىلىك جەھەتتە ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ھازىر بۇ ناھىيىدە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كۆمۈر كانلىرى 28 ئورۇندا بولۇپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى كۆمۈر كانلىرى 25 ئورۇندا. 1994 - يىلى ئىشلەپچىقارغان كۆمۈر مىقدارى بىر مىليون 58 مىڭ توننا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كۆمۈر كان تۆت بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

1994 - يىللىق ئىشلەپچىقارغان كۆمۈرى 415
تونىنا، كۆيدۈرۈلگەن كوكۇس 38 مىڭ 200 تونىنا،
قالغان ئۈچ كۆمۈر كانىنى ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون-
لۇق جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى، شىنجاڭ ھەربىي
رايونى باشقۇرغان.

باينىڭ كۆمۈر زاپىسى مول، سۈپىتى ياخشى،
تۈرى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىق كۆمۈر تۈرلىرىدىن:
قۇرغاق كۆمۈر، كوكۇس كۆمۈرى، مايلىق كۆمۈر،
گازلىق كۆمۈر قاتارلىقلار بار. كۆمۈرنىڭ كالورىيە
مىقدارى يۇقىرى، كۈلى ئاز بولۇپ، سانائەتنىڭ كۆ-
ڭۈلدىكىدەك يېقىلغۇسى، كۆمۈر - خىمىيە سانائىتىنى
راۋاجلاندۇرۇشتا كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە.

باي ناھىيىسىدە يەنە 1956 - يىلى قۇرۇلغان
سوتكىسىغا 16 تونىنا ياغ تارتىدىغان ياغ زاۋۇتى،
50 تونىنا ئۇن تارتىدىغان ئۇن زاۋۇتى، دېھقانچىلىق
سايمانلىرىنى ياساش ۋە رېمونت قىلىش زاۋۇتى،
يەر ئاستى سۈيىگە ئىشلىتىدىغان ھەر خىل چوڭ -
كىچىك چۆيۈن تۇرۇبا زاۋۇتى، يىلىغا ئىككى مىڭ
تونىنا ئەتراپىدا يود ئارىلاشتۇرۇلغان تۇز ئىشلەپچى-
قىرىلىدىغان تۇز زاۋۇتى قاتارلىق دۆلەت ئىگىلىكى-
دىكى 19 كارخانا بولۇپ، بۇنىڭ 1994 - يىللىق
ئىقتىسادىي كىرىمى 56 مىليون 924 مىڭ 200 يۈەن
بولغان. كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىن
1080 بار بولۇپ، ئۇنىڭ 1994 - يىللىق ئىقتىسادىي
كىرىمى 82 مىليون 440 مىڭ يۈەن بولغان. ئۇنىڭ-

دىن باشقا، يەنە باي ناھىيىسىدە قۇرۇلۇپ ۋىلايەت باشقۇرىدىغان چوڭ تىپتىكى ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى، سېمونت زاۋۇتى، 640 مىليون كوب مېتر سۇ سىغىدىغان قىزىل سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ چىقىش ئېغىزىغا قۇرۇلغان 260 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىدىغان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق زاۋۇتلارمۇ بار.

6. مەدەنىي - مائارىپ، سەھىيە - ساقلىقنى ساقلاش.

(1) مائارىپ جەھەتتە: - ئازادلىقتىن بۇرۇن ھاكىمىيەتنىڭ چىرىكلىكى بىلەن مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىلمەيلا قالماستىن، ھەر خىل ئەكسىيەتچى كۈچلەر مائارىپچىلارنى كۆزىمىزگە قادالغان مىخ دەپ قاراپ، ئۇلارنى چەتكە قاققان، ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ زىيانكەشلىك قىلغان، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بېسىمدىن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى يىلدىن-يىلغا ئازلاپ كەتكەن. يەنە بىر تەرەپتىن 1945 - يىلى بايغا چۈشكەن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە زور بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار قاتنىشىپ كەتكەنلىكى بىلەن يەنە بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار سانى ئازىيىپ 1945 - 1946 - 1947 - يىللىرى ئوقۇتقۇچى يېتىشمىگەنلىكتىن كۆپلىگەن مەكتەپلەر تاقىلىپ كەتكەن. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرى بولسا، بۇ كەملەپ كەتكەن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى ھەرگىزمۇ تولۇقلىيالمىغان. ناھىيىنىڭ مائارىپ ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان مۇشۇنداق

پەيتتە، ئازادلىقنىڭ زەپەر مارشى ياڭراپ باينى
قاپلاپ كەتكەن قارا تۈتەك تارقىلىپ، مائارىپ ئىش-
لىرى يۈكسىلىشكە باشلىدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-
ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى مائارىپنى پۈتۈن كۈچى بىلەن
تۇتۇپ ۋە قوللاپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تېز يېتىش-
تۈرۈپ 1946 - 1947 - 1948 - يىللىرى تاقىلىپ
كەتكەن مەكتەپلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ مائارىپ قو-
شۇنى ئۈزلۈكسىز زورىيىپ، مەكتەپلەر كۆپەيدى.
بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغ-
ىنىدىن كېيىن، مائارىپچىلارغا كىيدۈرۈلگەن «سې-
سىق توققۇزىنچى» دېگەن قالپاق ئېلىپ تاشلىنىپ،
ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئورنى يۇقىرى كۆ-
تۈرۈلدى. سىياسىي سۈپىتى ۋە كەسپىي ئەخلاقى ئۆس-
تى. مائاش دەرىجىسى يىلمۇ - يىل ئۆسۈپ تۇرمۇشى
خاتىرجەم بولۇپ، مائارىپنى چىن قەلبىدىن سۆيىدى-
غان بىر ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. ھەر
يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئالىي مەكتەپلەرگە 125
نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملارغا 67 نەپەر
ۋە ھەر خىل تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىگە 130
نەپەر ئوقۇغۇچى يېتىشتۈرۈپ بېرىش سەۋىيىسىگە
يەتتى. ئەمدى ناھىيىمىزنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى
مائارىپ ئەھۋالىنى تۆۋەندىكى سان - ساناقتىن
كۆرەيلى: 1950 - يىلى مەكتەپ سانى 11،
سىنىپ سانى 47، ئوقۇغۇچى سانى 1897 نەپەر،
ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى سانى 74 نەپەر

بولغان بولسا، 1990 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ سانى 146، سىنىپ سانى 1036، ئوقۇغۇچى سانى 24 مىڭ 67 نەپەر، ئوقۇتقۇچى ئىشچى - خىزمەتچى سانى 1118 نەپەر. 1955 - يىلىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ سانى بىر، سىنىپ سانى ئىككى، ئوقۇغۇچى سانى 102 نەپەر، ئوقۇتقۇچى سانى يەتتە نەپەر. 1990 - يىلىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 22، سىنىپ سانى 115، ئوقۇغۇچى سانى 7391 نەپەر، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى سانى 555 نەپەر بولغان. 1994 - يىلىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ سانى 166، سىنىپ سانى 1128، ئوقۇغۇچى سانى 30 مىڭ 585 نەپەر، ئوقۇتقۇچى ئىشچى - خىزمەتچى سانى 1401 نەپەر. ئوتتۇرا مەكتەپ سانى 21، سىنىپ سانى 146، ئوقۇغۇچى سانى 4873 نەپەر، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى سانى 556 نەپەرگە يەتتى.

(2) سەھىيە، ساقلىق ساقلاش جەھەتتە: ئازادلىقتىن بۇرۇن ناھىيىمىزدە ساۋۇت دوختۇر (كۆچالىق) دېگەن كىشى ساقلىقنى ساقلاش ۋە داۋالاش جەھەتتە ناھىيە خەلقىگە ئۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، شۇ ۋاقىتتىكى دورا، ئۈسكۈنىلەرنىڭ يېتىشمەسلىكى، تېخنىكا جەھەتتىكى يېتەرسىزلىك، ئادەم كۈچىنىڭ ئازلىقى، فېئودال خۇراپىي ئىدىيىلەرنىڭ توسقۇنلۇقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ داۋالاش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرمەسلىكى قاتارلىق ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ناھىيە خەلقىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ساقلىقنى ساقلاش ۋە داۋالاش ئىشلىرى كاپالەتكە ئىگە بولالماي، ھەر خىل كېسەللىكلەر ئەۋج ئېلىپ كەتكەن. مەسىلەن، 1947 - يىلى ناھىيە بويىچە قارا كىزىك كېسىلى تارقالغان بولۇپ، ھەر بىر يېزا - كەنتلەردە كۈنىگە بىر قانچە ئادەم جان ئۈزىدىغان ئەھۋاللار ئۇزلۇكسىز داۋاملاشقان. كۆپلىگەن ئائىلە- لەردە ئائىلە بويىچە قارا كىزىك كېسىلى بىلەن ئاغرىپ يېتىپ قېلىپ، ئاش - تاماق ئېتىپ بېرىدى- غان ئادەممۇ قالمىغان. ھەتتا بەزى ئائىلىدىكى جان ئۈزگەن ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، يەرلىكىدە قو- يۇپ، ئۆيگە قايتىپ كەلگىچە يەنە بىرى جان ئۈزگەن. دېمەك «گۆر بىر، ئۆلۈك ئىككى» دېگەنگە ئوخشاش ئەھۋاللار يۈز بېرىپ تۇرغان.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە ماۋجۇشىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن، ناھىيىمىزنىڭ سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، ھەر خىل مۇرەككەپ ئوپېراتسىيەلەرنى ئىشلەش ئىقتىدا- رىغا ئىگە بولدى. 1950 - يىلى باي ناھىيىسىدە ئادەتتىكى شىپاخانا قۇرۇلغان بولۇپ ئاددىي كېسەل- لەرنى داۋالاش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. 1990 - يىلىغا كەلگەندە بولسا ناھىيە بويىچە 19 داۋالاش ئورنى (يېزا، بازار، مەيدان، كان - زاۋۇتلىرىدىكى دوختۇرخانىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قۇرۇلۇپ

تىببىي خادىم 4100 نەپەرگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ تىببىي خادىمى 217 نەپەر، 453 كېسەل كارۋىتى بار، قۇرۇلۇش كۆلىمى $14465\cdot2(m^2)$ كۋادرات مېتىر.

قىسقىسى، پاكىتلاردىن بىز شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، باي ناھىيىسىدە ئازادلىقتىن كېيىن خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىدا ناھايىتى زور تەرەققىياتلار قولغا كېلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشى، مىللەتلەر ئىناق بولغان بىر ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپ، باي ناھىيىسى قوش ئىلغار («مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار»، «ئارمىيە، خەلق ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار») ناھىيىلەرنىڭ بىرى بولۇپ باھالىنىپ، 1989 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ نام بېرىشىگە ئېرىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# باي ناھىيىسىدە پەننىي مائارىپنىڭ بارلىققا كېلىشى

ئۆمەر كېرەم

30 - يىللار شىنجاڭ تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە يىللار بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزالىرى شىنجاڭغا كېلىپ، ئىنقىلابىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ كەڭ رايونغا ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى چاچتى. يەنە بىر تەرەپتىن مىللىي زۇلۇمغا قارشى خوجا نىياز ھاجى باشچىلىقىدا قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ، ئىستىبداتلىققا ۋە جاھالەتكە قارشى ئوت ئاچتى. بۇ ئىنقىلاب ئوتى ناھايىتى تېزلا تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغا تۇتاشتى ھەمدە غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان شىنجاڭنى ئويغىتىپ، جاھالەت تۇمانلىرىنى سۈرۈپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتتى، مەدەنىيەت جەھەتتىن ئويغىنىش ئېلىپ كەلدى. ئىنقىلابنىڭ تۆرتكىسى، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ۋە ئېھتىياجى، شۇنىڭدەك تارىخىي تەرەققىياتنىڭ تەلىپى بويىچە ۋەتەننى، مىللەتنى سۆيىدىغان، يورۇقلۇققا ئىنتىلگەن

تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، ئىلغار مەرىپەتچىلەر شۇ زامانلاردا دەۋران سۈرگەن زۇلۇم ۋە خۇراپاتلىققا ئوت ئېچىپ، يېڭىلىققا، ئىلىم - مەرىپەتكە يۈرۈش قىلىشنىڭ يېڭى يولىنى ئاچتى. بۇ، ئەڭ ئاۋۋال كىشىلەرنى مەدەنىي - مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق تەربىيىلەش تەشەببۇسى ئارقىلىق ئىپادىلەندى.

1933 - يىلى «12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشى» دە قوزغىلاڭنىڭ مېۋىسىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغان شېڭ شىسەي خەلق رايىنى ئۆزىگە مايىل قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى پىلانلىغانلىقى ئۈچۈن، ئىلغار زىيالىيلار ئوتتۇرىغا قويغان پەننىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى جايلاردا مەدەنىي - مائارىپقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان «مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلۇشقا باشلىدى، يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر بارلىققا كەلدى. جۈملىدىن باي ناھىيىسىدىمۇ پەننىي مەكتەپ قۇرۇش ئىشىغا تۇتۇش قىلىندى. خۇراپاتلىق، نادانلىقنىڭ دەردىنى تارتىپ يېڭىلىققا، ئىلىم - مەرىپەتكە تەشنا بولۇپ كەلگەن باي خەلقى ساۋۇت داموللا ھاجىم، نىمشېھىد ئارمىيە ئېلى سايرامى، رەھمىتۇللا يۈسۈپ (داموللا)، داۋۇت مۇپتاخۇنۇم، ئوسمان داموللام قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ باشلامچىلىقى، تەرەققىيپەرۋەر ھاكىملارنىڭ قوللىشى، ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ مەدەت بېرىشى ۋە ياردىمى بىلەن باي ناھىيىسىنىڭ پەننىي

مائارىپى بارلىققا كەلدى. ھەرەمگە ھەجگە بېرىپ قايتىپ كېلىشىدە قەشقەردە تۇرۇپ ۋە يېڭىلىقنى كۆرۈپ، ئاقسۇغا كېلىپ ئىنىيازدوتەي بىلەن كۆرۈشۈپ، باي ئاھىيىسىگە مائارىپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن ساۋۇت داموللاھاجىم 1932-يىلى بايغا يېتىپ كېلىپلا ھازىرقى ئاھىيىلىك 1-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنىدىكى «زاۋۇتخانا» دەپ ئاتالغان قورۇدا بىر سىنىپ تەييارلاپ پەننىي مەكتەپ ئېچىشقا كىرىشتى. بۇ— ئاھىيىمىز تارىخىدىكى تۇنجى پەننىي مەكتەپنىڭ ئاساسى ئىدى. 1933-يىلى بىر سىنىپلىق پەننىي مەكتەپ قۇرۇلدى. شۇ يىلى كۈزدە ئاقسۇدىن تەكلىپ قىلىنغان سوپى كامىل، توختى تۇردىدىن ئىبارەت ئىككى ئوقۇتقۇچى كەلگەندىن كېيىن سىنىپ سانى ئىككىگە كۆپەيتىلدى. بىر سىنىپقا 45 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ساۋۇت داموللا ھاجىم ئۈستىگە ئالدى. ئوقۇغۇچىلارنى يىغقان دەسلەپكى كۈنلەردە ئىككى سائەت دىنىي دەرس، ئاندىن كېيىن تەنتەربىيە، شېئىر دەرسلىرى ئۆتۈلگەنىدى. دەرس باشلاپ بىر مەزگىل ئىچىدە مەكتەپنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى تۇراقلاشتۇرۇش ۋە يەنە يېڭىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تەييارلىقىنى ئىشلەش بولغانىدى. دەل شۇ پەيتتە ئاز ساندىكى بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەر، قارا قورساق يەرلىك ئەمەلدارلار پەننىي مەكتەپكە قارشى چىقىپ قانداقتۇر:

«ساۋۇت داموللا ھاجىم باللىرىمىزنى ئوقۇتىمەن دەپ ئورۇسلارغا ئەسكەر قىلىپ بەرمەكچى، باللىرىمىزنى دىندىن ئازدۇرۇپ جەددىتلىك يولىغا باشلىماقچى» دەپ ئىغۋا تارقىتىدۇ. بۇلارنىڭ «ئورۇسقا ئەسكەر قىلىپ بېرىدۇ» دېگەن ئىغۋاسى كىشىلەرنى ئەندىشىگە سالىدۇ. چۈنكى شۇ يىلى ئەتىيازدا ھاجىگىدىك قىسىملىرىنى قوغلاپ ماڭغان رۇس ئەسكەرلىرى بايدا توختاپ ئۆتكەن ھەم ئەسكەر تۇتقاندا ساۋاتى بارلارنى ئاۋۋال تۇتقانىدى. شۇڭا يېڭىچە پەننىي ئوقۇش دېگەننى كۆرۈپ باقمىغان، ئوقۇشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان دېھقان، ھۈنەرۋەن، تىجارەتچى شەھەر ئاھالىلىرى باللىرىنى مەكتەپكە بېرىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. جاھىل مۇتەئەسسىپلەر باللىرىنى پەننىي مەكتەپكە بەرمەيدۇ. مۇشۇنداق پەيتتە مەرىپەت سۆيەر زاتلار تۈرلۈك تەشۋىقاتلار ئارقىلىق بۇ خىل ئىغۋاغا تاقابىل تۇرىدۇ. ساۋۇت داموللا ھاجىم دىنىي سورۇنلار ۋە مەككىدە ھەج قىلىش سەپىرىدە ئەرەب ئەللىرى ۋە قوشنا ئەللەردە كۆرگەن يېڭىلىق، تەرەققىيات ھەم قەشقەردىكى يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ. ئۆز بالىسى ئابلىز مەخسۇم، ئابدۇرېھىم مەخسۇملارنىڭ، داۋۇت مۇپتاخۇنۇمنىڭ ئوغلى ئابلا داۋۇتنىڭ پەننىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلىقىنى مىسال كەلتۈرىدۇ. شۇ قاتاردا يەنە بۇلارنىڭ مەدرىسىدىكى تالىپلاردىن بىر تۈركۈملىرى پەننىي مەكتەپكە كىرىدۇ. ئارمىيە داموللام ئوقۇغۇچىلارنى رەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەيىندۇرۇپ تىزىپ، شېئىر ئوقۇتۇپ كوچا ئايلاندۇرىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھى كەيپىياتى ئۈستۈن، جۇشقۇن بولۇپ، ئۆمرىدە بۇنداق يۈرۈشنى كۆرمىگەن كىشىلەر يولنىڭ ئەتراپىغا تىزىلىپ ئەجەبلىنىش، قىزىقىش كەيپىياتىدا كۆرۈشىدۇ. باللار قىزىقىپ ئوقۇغۇچى-لاردىن قالماي ئەگىشىپ، قانداق قىلىپ مەكتەپكە كىرىپ قالغانلىقىنى بىلمەي قالىدۇ.... شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما بايغا ئوقۇتقۇچىلىققا ئەۋەتكەن توختى تۇردى، سوپى كامىل، ئابدۇرېشىت ھامىدلەر بايغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇلار ئاقسۇدا پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغان، پېداگوگىدىن خەۋەردار ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلار ئىدى. بۇلار كېلىپ سىنىپنى قايتا تەشكىللەپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئىككى سىنىپ قىلىپ ئايرىپ چىقىدۇ. توختى تۇردى مەكتەپ مۇدىرى بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا دىنىي دەرس، ئانا تىل، ھېساب، رەسىم، تەبىئەت، تەنتەربىيە، شېئىر دەرسلىرى ئۆتۈلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا يەنە بىر تۈركۈم يېڭى شېئىرلارنى ئۆگىتىدۇ.

قوپ، قان-قېرىنداش بىر ئەتراپىڭغا باق،
باق، نە كۆرەرسەن ئويلاغىل ئۇزاق.
دەر سۇ ئىبرەتلەر كېلۇر بۇ جاھاندىن،
ياۋروپالىقلاردىن ئال ئىمدى ساۋاق.
بىر، ئىككى، ئۈچ! بىرلىكتەدۇر كۈچ!
ئۇلار نە ئىلمىي ھېكمەت بىلەن يۈر،
سىنەلەردە ھىممەت بىلەن يۈر.

يەردە، ھاۋادا، سۇدا ئۈزە يۈرلەر،
.. جۇملە جاھاننى يۇتماق بىلەن ئىستە يۈر.
بىر، ئىككى، ئۈچ! بىرلىكتىدۇر كۈچ!

بۇ مارشنى ئوقۇغۇچىلار بىر خىل كىيىنىپ ئىككى كۆكرىكىگە قىزىل لاتىدىن گۈل تاقاپ، رەتلىك تىزىلىپ ناغرا، دۇمباقلارنىڭ تەڭكەش قىلىنىشى بىلەن كوچا ئايلىنىپ ئورۇنداپ ماڭىدۇ. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن چىقىپ يېڭى بازار، ياكوچا، تەلۋىچۇك بويىنى ئايلىنىپ چاسا كوچا بىلەن مەكتەپكە قايتىپ كېلىدۇ. كىشىلەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەينىدىن قالماي ئەگىشىپ مېڭىشىدۇ. يۈزى يېپىلغان ئاياللارمۇ ئۆگزىلىرىگە چىقىشىپ مارىشىدۇ. بۇنىڭ داغدۇغى تەرەپ-تەرەپكە تارقاپ بالىلارنى مەكتەپكە جەلپ قىلىدۇ. ئاتا-ئانىسى مەكتەپتىن ئەپچىقىپ يېزىلارغا-تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويغان، ئۆيلىرىدىن سىرتقا چىقارماي يۈرگەن بالىلار بىر ئىلاجى قىلىپ مەكتەپكە بېرىۋېلىشقا باشلايدۇ.

قىش كېلىپ سوغۇق كۈچىيىشكە باشلىغاندا كىيىم-كېچەكلىرى يېلىڭ، كىيىم ئېلىشقا ئىمكانىيىتى يوق ئوقۇغۇچىلاردىن بىر تۈركۈم يېتىم بالىلار، ئاتا-ئانىسى قېرى بولۇپ كىيىم-كېچەكنى قامدىيالمايدىغان ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپتىن كىيىم-كېچەك، دەپتەر، قەلەم ئېلىپ بېرىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرغان «دارىلىتام» نىڭ ئاساسى ئىدى.

## تۇنجى دارىلمۇئەللىمىن ۋە پەننىي مائارىپنىڭ يېزىغا كېڭىيىشى

«ئىقبالىيە» باشلانغۇچ مەكتىپى باي ناھىيىسىدىكى مائارىپ تارىخىدا ئانا مەكتەپ ئىدى. 1934-يىل 3-ئايدا سايرام يېزىسىغا بىر سىنىپلىق پەننىي مەكتەپ ئېچىلغانىدى. باشقا يېزىلاردا تېخى پەننىي مەكتەپ يوق ئىدى. قەلبىنىڭ تەقەززاسى پەننىي مەكتەپنى كېڭەيتىش ئېھتىياجىنى تۇغدۇردى. ھەر قايسى يېزا، مەھەللىدىكى مەرىپەتكە ئىنتىلگۈچى يۇرت چوڭلىرىنىڭ قوللىشى، كىشىلەرنىڭ تىرىشىشى بىلەن يېزىلاردا مەسچىتنىڭ ۋەخپە ئۆيلىرى، مەدىرىسلەر، بايلارنىڭ قورۇسى ياكى يېڭىدىن سېلىنغان سىنىپلار تەييارلىنىپ، پەننىي مەكتەپ ئېچىشنىڭ تەييارلىقى ئاساسىي جەھەتتىن ھازىرلىنىدۇ. لېكىن بۇ مەكتەپلەرگە يېتىشكۈدەك ئوقۇتقۇچى تېخى يوق ئىدى. بۇ ئېھتىياجنى قامداش ئۈچۈن 1934-يىل يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ، 7-ئايدىن 9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە قىسقا مۇددەتلىك دارىلمۇئەللىمىن ئېچىلىدۇ. بۇ دارىلمۇئەللىمىنگە «ئاقارتىش» دەپ نام بېرىدۇ. مەسئۇللىقىنى توختى تۇردى ئۈستىگە ئالىدۇ. سوپى كامىل، ئابدۇرىشىت ھامىدى، نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى سايرامى دەرس بېرىدۇ. دارىلمۇئەللىمىنگە «ئىقبالىيە مەكتىپى»، سايرامدىكى «سايرامىيە» مەكتىپىنىڭ دەرستە ياخشى، خېتى چىرايلىق، بوي-

تۇرقى ئوقۇتقۇچىلىقتا ماس كېلىدىغان ئوقۇغۇچىلىرى
مەدرىستىن بىر قىسىم تالىپلار بولۇپ 45 ئوقۇغۇچى تال-
لاپ چىقىلىدۇ. بۇلارغا تىل، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە،
فىزىكا دەرسى ئۆتۈلىدۇ. ئوقۇتۇش مېتودى، مەكتەپ باش-
قۇرۇش تۈزۈملىرىدىن چۈشەنچە بېرىلىدۇ. دارىلمۇئەللىم-
مىندىكىلەرگە دەرس چۈشىنىشلىك، كۆرسەتمىلىك ئۆ-
تۈلگەنلىكى ئۈچۈن قىسقا مۇددەت تەربىيىلەنگەن بولسى-
مۇ كەسپىي سەۋىيە ۋە مېتود جەھەتتىن خېلى يۇقىرى
سەۋىيىگە ئىگە بولۇپ چىقىدۇ. بولۇپمۇ توختى تۇردى
ئوقۇغۇچىلارنى ناھايىتى چىڭ تۇتىدىغان، مول بىلىمگە
ئىگە ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ بىر قېتىم ئوقۇ-
غۇچىلارغا پار ماشىنىسى ھەققىدە دەرس ئۆتكەندە،
پار ماشىنىسى قانداق ھەرىكەتلىنىدۇ؟ دېگەن تېمىدا
ئوقۇغۇچىلارنى كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا رىغ-
بەتلەندۈرىدۇ. ئوقۇغۇچىلار قانائەتلىنەرلىك جاۋاب
بېرەلمىگەندىن كېيىن، ئاتىسى ناۋايلىق قىلىدىغان
ھەسەن قاسىم دېگەن ئوقۇغۇچىنى ئۆيگە چۆگۈن
ئەكىلىشكە بۇيرۇيدۇ. ھەسەن قاسىم ئۆيىدىن چاي قاي-
نىتىدىغان يوغان مىس چۆگۈننى ئېلىپ كېلىدۇ.
توختى تۇردى ئوقۇغۇچىلارنى مەيدانغا ئېلىپ چىقىپ
ئوت قالىتىدۇ. چۆگۈنگە لىق سۇ قاچىلاپ، ئاغزىنى
ھىم ئېتىپ، لاي بىلەن چاپلاپ ئوتقا قويىدۇ. ئوت
راسا كۆيۈپ چۆگۈن قايناشقاندا چۆگۈندىن ھور چىقى-

www.uyghurkitap.com

دىغان جاي بولمىغاچقا چۆگۈن ئۆرنىدا تۇرۇپ سە-
رەشكە باشلايدۇ. قايناغانچە بەك سەكرەپ ئوتتىن
چىقىپ ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ، سۇ تۆكۈلىدۇ. «توختى ئە-
پەندىم چۆگۈننى جان كىرگۈزۈپ ماڭدۇرۇۋېتىپتۇ»
دېگەن سۆز ناھايىتى تېزلا ئەتراپقا پۇر كېتىدۇ.
ئوقۇغۇچىلارمۇ بۇ ئارقىلىق كۆرسەتمىلىك ئوقۇتۇش
ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋالىدۇ. 9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇلار
مەكتەپ پۈتتۈرۈپ 45 ئوقۇتقۇچى ناھىيىنىڭ ھەر
قايسى جايلىرىغا پەننىي مەكتەپ ئېچىشقا ئاتلىنىدۇ.
ئۇلار يېزىلارغا ماڭغان كۈنى جاراڭلىق ھالدا:

مۇئەللىم بىز يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچۇرمىز،
مىللەتنىڭ بېشىغا نۇرلار چاچۇرمىز.
ماڭغان يولىمىز بىزلەرنىڭ سائادەت يولى،
بىز ۋەتەننىڭ ئېچىلغان قىپقىزىل گۈلى.
خەلقىم يۈر ئەمدى،
مەكتەپ ئاچايلى.
نادانلىقلارغا،
قارشى تۇرايلى.
مارش! مارش! يۈرەيلى ئاداش،
غەپلەتتە ياتما ئەمدى كۆزۈڭنى ئاچ!

دېگەن ناخشىسىنى ياڭرىتىپ، ھاكىم ئابدۇراخمان
ھاجىم، مائارىپ مۇدىرى ساۋۇت داموللا ھاجىم باشلىق
ھەر ساھە ئەربابلىرى، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئۇزىتىپ
قويۇشى بىلەن يۈرۈپ كېتىدۇ. تەسىرلەنگەن كىشىلەر
كۆزلىرىگە ياش ئالىدۇ. شۇ قېتىم يېزىلاردا، قېيىردا

قازانچى، يۇلغۇن ياقا، قىزىلدا ئۆتەك، سايرامدا بۇغان، (كونا بازاردا) توخسۇندا لەڭگەر، تىزەك قاغۇ، ياتۇر يېزىسىدا تۇريا بۇزۇرۋا، مىچىخ، كېۋەزلىك، ئومباش، قۇشتېمى داخانغا، داۋانچى، قارىئاغدا گەمە، كۆكيار، بۇلۇڭ يېزىسىدا يۇلغۇن جاي، ياقىرىقىدا ياقىرىق ئارشو... قاتارلىق مەكتەپلەر يېڭىدىن بارلىققا كېلىدۇ. يەنە «دارىلئىتام»، قىزىل يېڭى بازار شوتاڭ، «ئىقبالىيە»، «سائادەت» مەكتەپلىرىنى قوشقاندا 28 مەكتەپ بار بولۇپ، «ئىقبالىيە» مەكتىپى، قىزىل ياقىرىق مەكتەپلىرى ھۆكۈمەت قارمىقىدا، باشقىلىرى ئۆيۈشما قارمىقىدا بولىدۇ. بۇ قېتىم قۇرۇلغان مەكتەپلەر ئىچىدە قېپىر، سايرام، مازار غوجام، توخسۇن لەڭگەر، ئومباش خانقا، داۋانچى، ياقىرىق، قارىئاغ كۆكيار مەكتەپلەر 3 - 4 ئېغىزلىقتىن 6 - 7 ئېغىزلىققىچە سىنىپ، ئىشخانا، ئائىلىلىك ئۆيى قوشۇپ سېلىنغان مەكتەپ بولسا، بۇغان، كانچى، مىدچىغ، كېۋەزلىك قاتارلىق مەكتەپلەر مازار ياكى مەسچىتلەر يېنىغا سېلىنغان مەكتەپلەر ئىدى. قىزىل ئۆتەك قاتارلىق ئاز بىر قىسىم مەكتەپلەر شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرىنى مەكتەپ قىلغان ئىدى. ئوقۇتۇش شەكلىمۇ شارائىتقا قاراپ ھەر خىل بولغانىدى. يېزىلارغا قۇرۇلغان پەننىي مەكتەپلەرگە شۇ يېزا، مەھەللىدىن كىشىلەر ئارىسىدا بىر قەدەر ئىناۋىتى بار كىشىلەر «مەكتەپ مۇئاۋىنى» قىلىنغانىدى. بۇلار مەكتەپكە كەلمىگەن ۋە مەكتەپتىن قاچقان ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپكە ئېلىپ كېلىش، مەكتەپنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مال-مۈلكى كەم بولسا تولۇقلاش، ئوقۇتقۇچىلار تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش، ئائىلىسىگە بېرىش ئۈچۈن ئات-ئۇلاغ تېپىپ بېرىش ئىشلىرىنى بېجىرگەنىدى. قېيىردىن ساۋۇت ئەلماخۇنۇم، قىزىلدىن ئىبراھىم قازى ھاجىم، سايرام توخسۇندىن شېرىپ بوجاڭ، نىيازقازى، تىزەكقاغۇدىن قاسىم دوغام، ياتۇردىن تاھىر قازى، مىرچىغدىن مۇسا خۇيجاڭ، كېۋەزلىكتىن ئىمىن ھاجى، ئومباشتىن يۈسۈپ ھاجى، داۋانچىدىن يۈسۈپ مىراپ، قارىۋاغدىن مەمتىل خۇيجاڭ، يۈسۈپ شېخىملار مەكتەپ مۇئاۋىنى بولۇپ مەكتەپنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىغا جىق ياردەم قىلغانىدى.

# باي ناھىيىسىنىڭ 1 - باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ قىسقىچە تارىخى

(1933 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە)

باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش، رەتلىگۈچى:
ئابلا مامۇت

باي ناھىيىسىدە يېڭى مەكتەپ مائارىپى يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى، ناھىيە بازىرىدا ئۈچ سىنىپلىق «شوتاڭ» مەكتەپ بار ئىدى. بۇ مەكتەپ 19 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا (1886 - 1887 - يىللار) قۇرۇلغان بولۇپ بۇ جەرياندا مەكتەپتە نىيازبەگ (باش مەسئۇل مۇئەللىم)، ئىسابەگ، مەمتىمىن بەگ، دىنىي دەرس بېرىدىغان مەمتىل قارى قاتارلىق مۇئەللىملەر، 100 گە يېقىن ئوقۇغۇچى بار ئىدى. مەزكۇر مەكتەپنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆزلىرى ئۈچۈن تۇڭچى (تىلماچ) يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ قۇرغان، ئوقۇيدىغان دەرسلىرى ئاساسلىق خەنزۇ تىلى، قوشۇمچە ئانا تىل ئەدەبىياتى، ئىلمىي ھېسابتىن ئىبارەت ئىدى. ھەپتىدە بىر سائەت دىنىي دەرسمۇ ئۆتۈلەتتى. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى مىللىي ئوقۇغۇچىلار، ئاز بىر قىس-

مى خەنزۇ، خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلار ئىدى. مۇئەللىملەردىن نىيازبەگنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى ھەممىدىن يۇقىرى بولۇپ، تەرجىمە ۋە خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە نۇتۇق ئىقتىدارى مۇكەممەل ئىدى. تارىخ، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا ئىلىمىگىمۇ ئىنتايىن پىششىق ئىدى.

«شۆتاڭ»نىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى جەھەتتە، باي، ئەمەلدارلار، يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن مەكتەپتە ئوقۇش ئىختىيارى، ئاۋام خەلقىنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن كۆپىنچە مەجبۇردى ئىدى. ناھىيە بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر نەچچە ئۆيلۈك ئەمەلدارلار ۋە ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەنزۇ - خۇيزۇلار پەرزەنتلىرىنى خەنزۇ مەكتەپ بولمىغاچقا، «شۆتاڭ» غا ئوقۇشقا بېرەتتى. «شۆتاڭ» مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش تۈزۈمى ھەر خىل ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى ئون يىل، بىر قىسمى ئاز دېگەندە ئالتە يىل ئوقۇيتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇغان ۋاقتى مەيلى ئاز، مەيلى كۆپ بولسۇن، مەدەنىيەت سەۋىيىسى جەھەتتە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە يەتكەندە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئۇلارنى بىر تۇتاش خىزمەتكە تەيىنلەيتتى. ئۆگىنىش نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشىلىرى شيەنگۇەن (ھاكىم) ۋە شۇ دەرىجىدىكى باشقا ئەمەل - مەنسەپكە قويۇلاتتى. بىر قىسمى تۈگچى (تەرجىمان) بولۇپ ئىشلەيتتى. مۇئەللىملەرنىڭ ئىش ھەققىنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەتتىن بېرىلەتتى. ئوقۇتۇش جەھەتتىكى

باشقا خىراجەتلەر ئۆشرە - زاكاتتىن چىقىم قىلىناتتى.

«شۆتاڭ» مەكتەپىنىڭ ئورنى ھازىرقى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى دەرسخانا بىلەن چارۋا دوختۇرخانىسىنىڭ شەرقىدىكى بىر كورپۇس ئۆيىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، «شۆتاڭ» نىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش پائالىيىتى 1936 - يىلىغىچە داۋاملاشقان.

1930 - يىللار، شىنجاڭ تارىخىدا ئاجايىپ ۋەقەلەر يۈز بەرگەن دەۋر بۆلگۈچ يىللار بولدى. شىنجاڭدا ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن ياڭزېڭشىن، جىن شۇرېن قاتارلىق مىلىتارىستلارنىڭ ئېزىشىگە، ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرىغان ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى زۇلۇمغا، زوراۋانلىققا قارشى كۆرەشكە ئاتلىنىپ، نادانلىق ئاسارىتىدىن دادىللىق بىلەن قۇتۇلۇپ، مەدەنىيەت جەھەتتە ئويغىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. بولۇپمۇ «قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى»، «12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشى» قاتارلىق ۋەقەلەر خەلقنىڭ ئېڭىغا تەسىر كۆرسەتتى. ئەنە شۇ ۋەزىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە، پۈتكۈل شىنجاڭ مىقياسىدا، ھەر مىللەتنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. جۈملىدىن باي ناھىيىسىدىمۇ 1935 - يىلى مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بارلىققا كەلدى (بۇ ئۇيۇشما كېيىنكى ۋاقىتتا قىسقارتىلىپ «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» دەپ ئاتالدى).

ئىلگىرى قەشقەرغىچە بېرىپ، ئەينى زاماننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئالىي بىلىم يۇرتى ئولغان مەدرىسلەردە ئوقۇپ
ئىلىم تەھسىل قىلغان ئاتاقلىق مەرىپەتپەرۋەر مەش-
ھۇر زاتلاردىن ساۋۇت داموللاھاجىم① 1933 - يىلى
ياز پەسلىدە، ھەج سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپلا باي
ناھىيىسىدە يېڭىچە پەننىي مەكتەپ مائارىپىنى يول-
غا قويۇش، پەننىي مەكتەپ قۇرۇشنى تەشەببۇس
قىلدى ھەمدە ئۆزى بىۋاستە دادىللىق بىلەن خىز-
مەت ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئۆزى تەربىيىلىگەن شا-
گىرتلىرىدىن ئەرەمىيا ئېلى (نىمشېھىت) قاتارلىق
يېڭىدىن بىخلىنىۋاتقان مەرىپەت ئىگىلىرىنى ۋە
باشقا ئىلغار ئىدىيىدىكى تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنى
ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەر ساھەدىكى كىشىلەرنى يېڭى مەك-
تەپ قۇرۇشقا دالالەت قىلىش، ئىئانە توپلاپ مەكتەپ-
كە پارتا - ئورۇندۇق ياساتتىش قاتارلىق خىزمەتلەر-
گە يېتەكچىلىك قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن مەكتەپ
سېلىنىدىغان ئورۇننى بېكىتىش، ئوقۇتقۇچى مەسىلە-
سى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، پەننىي مائارىپنى
يولغا قويۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ دەسلەپكى پىلان،
چارە - تەدبىرلىرىنى جامائەتچىلىك بىلەن بىرلىكتە
مۇزاكىرە قىلدى. ئەل - جامائەتنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ
ماقۇللىشى ئارقىلىق، پەننىي مەكتەپنى ئەسلىدىكى
«شۆتاڭ» مەكتەپنىڭ يېنىدا (ھازىرقى 1 - باشلانغۇچ
مەكتەپنىڭ ئورنىدا) قۇرۇش قارار قىلىندى. دەسلەپ
قۇرۇلغان پەننىي مەكتەپتەپكە (ئاھالىلەر بۇ مەكتەپنى
«يېڭى بازار مەكتەپ» دەپ ئاتايتتى) ئەرەمىيا ئېلى

(نەمشەھەت)، رەھمەتۇللا داموللام (رەھمەتۇللا يۈسۈپ
قاتارلىق كىشىلەر مۇئەللىملىككە بەلگىلەندى. بۇنىڭ
غا ئۇلاپلا، ساۋۇت داموللا ھاجىم باشچىلىقىدا مۇئە
سىۋەتلىك كىشىلەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمە
تىنى باشلىۋەتتى. مەكتەپكە ئىلگىرى دىنىي مەدرى
لەردە ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغان بىر قىسىم ياشلار
ئۆسمۈرلەرنى (بۇلار كۆپرەك) يىغىپ تەشكىللەپ ئو
قۇش باشلىنىپ، يېڭى پەننىي مەكتەپنىڭ دەسلەپ
كى ئاساسىي ھۇلىنى ھازىرلىدى. ئەرمىيا ئېلى باش
مۇئەللىم، رەھمەتۇللا يۈسۈپ ياردەمچى مۇئەللىم
بولۇپ، ئىككى نەپەر ئوقۇتقۇچى ئىككى-ئۈچ ئاي
تەنتەربىيەدىن دەرس ئۆتۈپ، ھەم ئوقۇغۇچىلارنى
قىزىقارلىق پائالىيەتلەرگە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلار-
نىڭ تەشكىلىي ئىنتىزام جەھەتتىكى ئىشلىرىنى
تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن، ئاقسۇ ۋىلايەتتىن تەربىيە-
دىن ئۆتەلىگەن② تۇختى تۇردى، سوپى كامىل،
ئابدۇرېشىت ھامىدى قاتارلىق مۇئەللىملەر يېتىپ
كەلدى ۋە مەكتەپنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنى قايتى-
دىن تەرتىپكە سېلىپ، پەننىي مائارىپنىڭ بىر يۈ-
رۈش قائىدە - مىزانى، پېداگوگىكا تەلەپلىرى بويى-
چە دەرس ئۆتتى. ئەرمىيا ئېلى، رەھمەتۇللا يۈسۈپ
قاتارلىقلار ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىن-
دى، ھەم ئوقۇغۇچىلارغا قوشۇلۇپ ئوقۇپ پەننىي بى-
لىملەردىن ساۋاق ئالدى. مەكتەپ مۇدىرلىق خىزمى-
تىنى ساۋۇت داموللا ھاجىمنىڭ چوڭ ئوغلى ئابلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەخسۇم بىلەن تەۋختى تۇردى ئۈستىگە ئېلىپ
ئىشلىدى.
يېڭى مەكتەپكە دەسلەپكى قەدەمدە 70 نەپەرگە
يېقىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، بۇلارنى
ئائىلە ئىقتىسادى شارائىتىغا ئاساسەن ئىككىگە
بۆلۈپ، بىر سىنىپنى دارىلئىتام سىنىپى قىلىپ
دائىرىم ئوقۇتقان (دارىلئىتامغا ئىگە - چاقىسى يوق
يېتىم - يېسىرلار، ئائىلە قىيىنچىلىقى نىسبەتەن
ئېغىر، ئەمما ئۆگىنىشى ياخشى بالىلار قوبۇل قىلى-
نىپ ھەقسىز ئوقۇتۇلاتتى. ئىقتىسادىي جەھەتتە كى-
يىم - كېچەك ياردەم قىلىناتتى). يەنە بىر سىنىپ
دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى بولدى. بۇ يەردە مۇنداق
بىر مەسىلىنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش لازىمكى: باي
ناھىيىسىدە پەننىي مەكتەپ قۇرۇلغان ئاشۇ يەردە
جەمئىيەتنىڭ ئويغىنىشى، كىشىلەرنىڭ يېڭى مائا-
رىپقا بولغان كۆز قارىشى جەھەتتە، بىر خىل يېڭى-
لىق پىكىر ئېقىمى، يېڭى مەكتەپكە قىزىقىش؛ يېڭى
مائارىپنى قوللاش كەيپىياتى بارلىققا كەلگەنىدى.
كىشىلەر ئۆز پەرزەنتلىرىنى قىزغىن، ئىختىيارى
ھالدا مەكتەپكە ئوقۇشقا بەردى! مەدرىسىلەردىكى بىر
قىسىم تالىپلار دىنىي ئوقۇشنى تاشلاپ پەننىي مەك-
تەپتە ئوقۇشنى تەلەپ قىلىپ كەلدى. كونا «شۆتالىك»
مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار پەننىي مەكتەپتىكى ئوقۇغۇ-
چىلار بىلەن ئارىلىشىپ بىللە ئويناپ، بەزىدە ئىككى
مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىللە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش

داۋامىدا «شۆتاك» مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پەننىي مەكتەپنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلاردىن بىر قىسىملىرى پەننىي (يېڭى) مەكتەپكە قوشۇلدى. كىشىلەرنىڭ يېڭى مەكتەپكە قىزىقىشى، ئىنتىلىشىدەك قاينام - تاشقىنلىق كەيپىياتىنى كۆرگەن ساۋۇت داموللاھاجىم قاتارلىق يېتەكچىلەر دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئاچقان بۇ يېڭى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش تەلىم - تەربىيە ئىشىنى جاي ناھىيىسىنىڭ كەلگۈسى مائارىپ تەرەققىياتىغا قارىتىپ، بۇ بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتقۇچى قىلىپ تەربىيىلەشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئوقۇغۇچىلار 1933 - يىلى كۈز پەسلىدىن 1934 - يىلى ياز ئاخىرىغىچە بىر يىللىغا يېقىن ۋاقىت تەربىيىلىنىپ ئوقۇپ ئىلمىي ھېساب، ئانا تىل ئەدەبىياتى، تارىخ، جۇغراپىيە، تەنتەربىيە، خەتاۋ تىلى، رەسىم، شېئىر (مۇزىكا) دەرسلىرىدىن ئاساسىي بىلىم ئىگىلىدى. شۇنداقلا ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنىڭ ئۇسۇلى، مېتودىكا ۋە زۆرۈر شەرتلەرنى ھازىرلاپ، ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك تاماملىدى.

مەكتەپ قۇرۇلغان ۋاقىتتىن باشلاپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە تەسىس قىلىنغان پەننىي مائارىپ بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ساۋۇت داموللاھاجىم پات - پات مەكتەپكە كېلىپ، مەكتەپ خىزمىتىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ، ئوقۇتۇش ۋە باشقا خىزمەتلەرنى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلاتتى. ھەمدە مەكتەپ شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىمكانىچە توپلاش توغرىسىدا تەشۋىق تەرغىبات ئېلىپ

بېرىپ، ھۆكۈمەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ ياردىمىنى
قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جاپاغا چىداپ
دادىللىق بىلەن ئىشلەپ، باي ناھىيىسىدە پەننىي
مائارىپنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش ۋە ئۇنى تەرەق-
قىي قىلدۇرۇشنىڭ پىلان - تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىق-
تى. ئىشلىگەن خىزمەتنىڭ ھەقىقەتەن ئۈنۈمى بولدى.
قىسقا ۋاقىتنىڭ ئىچىدىلا توپلانغان مەبلەغ بىلەن
ئەسلىدىكى سىنىپ ۋە كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنىدى-
غان سىنىپلارنىڭ پارتا - ئورۇندۇق، ئىشخانا مۈلۈكلى-
رىنى يېتەرلىك ياساتقاندىن باشقا، ھەربىر يېزا-
كەنتلەردە قۇرۇلىدىغان مەكتەپلەرنىڭ پارتا - ئورۇن-
دۇق مۈلۈكلىرىمۇ ياسىتىلدى. باي ناھىيىسىنىڭ شۇ
چاغدىكى ھاكىمى كۈچالىق ئابدۇراخمان داموللاھاجىم
دېگەن كىشى تەرەققىيپەرۋەر مەرىپەتچى ئادەم بولغاچ-
قا، كىشىلەرنىڭ يېڭى مەكتەپ قۇرۇش تەلەپ - ئارزۇ-
لىرىنى قوللىدى. مۇشۇنداق قولايلىق شارائىت، ياخ-
شى ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، ساۋۇت داموللاھاجىم
يېتەكچىلىكىدىكى يېڭى مەكتەپ قۇرغۇچى تايانچىلار
تەشكىللىنىپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ ھەربىر يېزىلىرىدا
بىردىن پەننىي مەكتەپ قۇرۇش خىزمىتىنى باشلى-
ۋەتتى. 1934 - يىلى كۈز پەسلىگىچە بولغان ئارى-
لىقتا، ھەربىر يېزىدا بىر جايدا، دائىرىسى چوڭراق
بولغان يېزىلاردا ئىككى جايدا مەكتەپ سالدۇرۇلدى.
ناھىيە بازىرىدىكى بۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئىككى
سىنىپ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈردى. ئۆگىنىشى

ئالاھىدە ياخشى بولغانلاردىن مەرھۇم ئۆمەر سابىر-
ئوزى ئىبراھىم، ئەرمىيا ئېلى، رەھمەتۇللا يۈسۈپ-
ئېلى ئېيزىز (بۇلار دارىلمۇئەللىمىن سىنىپىدا
ئوقۇغان)، يەنە ھايات بارلاردىن ئىمىن ئىياز، ئىمىن
ئۆمۆر، مەمەتئىمىن تۇختى، تالىپ نىياز (بۇلار دارىل-
تام سىنىپىدا ئوقۇغان) قاتارلىقلار تاللىنىپ، ھەر
قايسى يېزىلاردىكى يېڭى مەكتەپلەرگە مۇئەللىمچى-
لىككە ئەۋەتىلدى. ئارقىدىنلا ئىككىنچى قارارلىق
ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇ قېتىم قوبۇل قىلىن-
غان ئوقۇغۇچىلار ئۆت سىنىپ بولدى. ئوقۇغۇچى سانى
130 غا يەتتى. ئىككىنچى قارارلىق ئوقۇش باشلى-
نىش بىلەن مەكتەپ شارائىتى ياخشىلىنىپ، ئوقۇغۇ-
چىلار يېڭىدىن ياسىتىلغان پارتا - ئورۇندۇقلاردا
ئولتۇرۇپ خاتىرجەم ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە مۇيەسسەر
بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپمۇ پۈتۈن كۈنلۈك تۈ-
زۈمدىكى ئۆت يىللىق مۇنتىزىم مەكتەپ بولدى. بۇ
قېتىم قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارمۇ كۆپ قىسمى
ناھىيە بازىرىدىكى ئولتۇرۇشلۇق ئائىلىلەرنىڭ بالى-
لىرى، بىر قىسمى ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى يېزا-
كەنتلەردىن ئىدى. شۇڭا ئوقۇغۇچىلار ئۆيلىرىدىن
كېلىپ - كېتىپ ئوقۇيتتى. ئوقۇتۇش مەزمۇنى ئالدىن-
قى قاراردا ئوقۇغان دەرسلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ،
قىسمەن ئىسلاھ قىلىنغان، ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى
دەرسلىكلەر ئىشلىتىلەتتى. بۇ قېتىم ئوقۇش باشلانغان-
دا، ھەپتىسىگە بىر سائەت دىنىي دەرس ئۆتۈلىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولدى. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا يېڭى پەننى بىلىم بېرىش، يېڭىلىق يارىتىش، ئۇلارغا ئىلغار ئىدىيىنى سىڭدۈرۈش بىلەن بىللە، جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشكىمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى. تەنتەربىيە ۋە باشقا پايدىلىق، قىزىقارلىق مەدەنىي مەشغۇلاتلار قىزغىن ئېلىپ بېرىلاتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىي كەيپىياتىمۇ ناھايىتى ئۈستۈن ھەم جانلىق ئىدى. شۇڭا كۆپلىگەن ياش - ئۆسمۈرلەر يېڭى مەكتەپتە ئوقۇشنى تەلەپ قىلىپ، ئۆزلۈكىدىن ئىسمىنى مەلۇم قىلاتتى.

1936 - يىلى ئوقۇغۇچى سانى تەدرىجىي كۆپىيىپ 190 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى ئالتىگە يەتكەن. 1933 - يىلدىن 1936 - يىلغىچە مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ساۋۇت داموللاھاجىمنىڭ ئوغلى ئابلىز مەخسۇم بىلەن ئاساسلىق ئوقۇتقۇچى تۇختى تۈردى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىگەن، كېيىن ئەيسابەگ (بۇ كىشىنىڭ لەقىمى قاغا بولۇپ، ئەيسا قاغا دەپمۇ ئاتىلاتتى. بۇ كىشى 1946 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە باي ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى بولغان) مەكتەپ مۇدىرى بولدى. مەكتەپنىڭ ئىسمى (نامى) 1935 - يىلغىچە «ئىقبالىيە مەكتىپى» دەپ ئاتالدى ۋە «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى. 1935 - يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە مائارىپ بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، مەكتەپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈۋېلىندى. مەكتەپنىڭ نامى «شىنەنلى مەكتەپ» (ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى

مەكتەپ) كە ئۆزگەرتىلدى.

1935 - يىلدىن 1938 - يىلغىچە «شىيەنلى مەكتەپ»نىڭ - ئوقۇتۇش شارائىتى ياخشىلىنىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى سانى، سىنىپ سانى كۆپىيىپ ئوقۇتۇش سۈپىتى يىلمۇ - يىل ئۆسۈپ، مەكتەپ خىزمىتىدە ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن يىللار بولدى. جۈملىدىن مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، كىشىلەر يېڭى مەكتەپكە پۇل، ماددىي نەرسىلەرنى ئىئانە قىلىپ، مەكتەپنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللايدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. 1936 - يىلى بىر قېتىملىق ئىئانە توپلاش ھەرىكىتىدە ھۈنەرۋەن - كاسىپلاردىن ھاپىزاخۇن ئاشپەز 70 سەر تەڭگە (ياچەن) ئىئانە قىلغان. كىنىدىكىدۈك مەھەللىسىدىكى ئاۋۇت ھاجىم 60 چارەك (1800 جىڭ) بۇغداي ئىئانە قىلىپ كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئىئانە قىلغانلارنىڭ ئىچىدە ئالتۇن، كۈمۈش، چارۋا، ئوتۇن-ياغاچ ۋە باشقا ماددىي نەرسىلەرنى ئىئانە قىلغانلارمۇ بار ئىدى. كىشىلەرنىڭ پەننىي مائارىپنى قوللاشتىكى قىزغىنلىقىنىڭ مۇنچە يۇقىرىلىقى، ئەمەلىي ياردەم، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا بولغان غەمخورلۇقى مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا زور ئىلھام بولدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت ئىرادىسىنى كۈچەيتتى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىرىشىپ پەن - مەدەنىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلىملىرىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ھەمدە كەلگۈسى-
گە بولغان ئۈمىد - ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى.

1936 - يىلىدىن باشلاپ «شىيەنلى مەكتەپ» تە زور تەرەققىيات ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. مۇشۇ يىللاردا، مەكتەپ پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ھىما-يىسىگە، قوللىشىغا ئېرىشىپ، كۆپلىگەن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، ئۇلارنى ئويغىتىپ نادانلىققا، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇپ فېئودالىزمنىڭ قاتمۇ-قات ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشقا يېتەكلەپ، يېڭىلىق يارىتىش، يېڭى مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن ئۇرۇقىنى چېچىشتىن ئىبارەت يۈكسەك باشلامچىلىق رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇردى. شۇ يىلى «شۆتاڭ» مەك-تەپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ 40 تىن ئارتۇق ئوقۇغۇ-چىسى، ئىككى نەپەر ئوقۇتقۇچى، (بۇلارنىڭ بىرى — نىيازبەگ)، ئىككى ئېغىزلىق دەرسخانا، بىر ئېغىزلىق ئىشخانا ۋە باشقا مۈلۈكلىرى «شىيەنلى مەكتەپ» كە ئۆتكۈزۈۋېلىندى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن مەكتەپتە سىنىپ، پارتا - ئورۇندۇق يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى. مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش - تەلىم - تەربىيە خىزمىتى راۋان يۈرۈشۈپ ياخشى نە-تىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈۋاتقان شۇ يىللاردا، ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنىڭ سانىمۇ كۆپىيىپ، ماڭارىپ سېپىگە بىر ئەۋلاد تايانچ كۈچ قوشۇلۇپ، ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشتى. شۇ يىللاردا مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇپ چىققانلار-دىن بىر قىسىملىرى ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن، ئۈرۈم-

چى ئالدى - ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىغا، ھەتتا سوۋېت
ئىتتىپاقىغىمۇ ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيا
(تاشكەنت) ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ كەلگەن، 1945 - يە-
لى ئاقسۇدا گومىنداڭ جاللاتلىرى تەرىپىدىن قەتلى
قىلىنغان ئىنقىلابىي قۇربان — ئابدۇللا داۋۇت ئەنە
شۇلارنىڭ بىرى. مەكتەپ شۇ يىللاردا ئۆز قۇرغۇچىسى،
مەرىپەتپەرۋەر ساۋۇت داموللا ھاجىمنىڭ بىۋاسىتە
يېتەكچىلىكىدە تىلدا داستان بولغۇدەك نەتىجىلەرنى
قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن غال-
جىرلاشقان شېڭشىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر خىل بې-
سىم، ئوقۇتۇش خىزمىتىگە بولغان توسقۇنلۇقىدىن
خالى ئەمەس ئىدى. مەكتەپتىكى بىر قىسىم ئوقۇتقۇ-
چىلار، جەمئىيەتتىكى يېڭى مائارىپنى قوللىغۇچى
تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر تۇتقۇن قىلىنىشقا، زىيانكەش-
لىككە ئۇچراشقا باشلىدى. ئەكسىيەتچى چىرىك ھۆكۈ-
مەت دائىرىلىرى مائارىپچىلارنى «كۆزگە قادالغان مىخ»
دەپ قاراپ، ھەر خىل يوللار ئارقىلىق مەكتەپنىڭ
نورمال ئوقۇتۇش خىزمىتىگە پۇتلىكاشاڭ بولۇش تو-
پەيلى، ئوقۇتقۇچىلار يۆتكىلىپ كېتىش، كەسىپ ئال-
مىشىپ كېتىش ئەھۋاللىرى كېلىپ چىقتى. يېشى چوڭراق
ئوقۇغۇچىلارنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېتىش
ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. مەكتەپ ۋەزىيىتىدە
مۇشۇنداق مۇقىمسىزلىق بولۇۋاتقان 1938 - يىلى،
بايى ناھىيىسىدە پەننىي مائارىپنىڭ ئورۇقىنى چاچقۇ-
چى، ئاساس سالغۇچى ساۋۇت داموللاھاجىم شېڭشىسەي

ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قامىلىپ تۈرمىدە يوقىتىۋېتىلدى. ساۋۇت داموللاھاجىمنىڭ يارىدىمىدە يېتىشىپ چىققان ئوسمان داموللام (بۇ كىشى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى جەريانىدا ناھەق زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەن) ئۇستازىنىڭ ئىرادىسىگە، پەننىي مائارىپنى گۈللەندۈرۈش ئىددىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ناھىيىلىك «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» نىڭ رەئىسلىكى بىلەن مائارىپ بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىدى ھەمدە مەكتەپنىڭ خىزمەتلىرىگە ھەر جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلدى. 1941 - يىلىدىن باشلاپ مائارىپ مۇدىرى ئوسمان داموللام مەكتەپ مۇدىرى ئەلچى روزى (بۇ كىشى مىللىتى قىرغىز، ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدىن) ۋە مائارىپنى قوللىغۇچى كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن بىر نىيەتتە زىچ ھەمكارلىشىپ، مەكتەپنى كېڭەيتىپ قۇرۇش، ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىئانە توپلاپ ھەمدە ھۆكۈمەتتىن بېرىلگەن ئازغىنە خىراجەتنى ئىشلىتىپ، ئەسلىدىكى سىنىپنىڭ يېنىغا ئالتە ئېغىزلىق سىنىپ، بىر ئېغىزلىق ئىشخانا سېلىندى. كېرەكلىك كېسەكلەرنى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى تۆكتى، يېقىن ئەتراپتىكى يېزا - كەنتلەردىن كېلىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ياغاچ - بادىرا، ئوت - سامان ياردەم قىلدى. يېڭى مەكتەپ پۈتۈپ مەكتەپ شارائىتى ياخشىلىنىش بىلەن بىللە، باشلانغۇچ سەككىز سىنىپ، ئىككى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەك-



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەپ سىنىپى (ئۇ چاغدا تولۇقسىز سىنىپنى «كاۋجى
بەن» يەنى ئالىي سىنىپ — دەپ ئاتايتتى) تەسىس
قىلىنىپ، ناھىيىمىزنىڭ مەدەنىيەت مائارىپ تەرەق-
قىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تايانچ كۈچلىرىنى
يېتىشتۈردى.

ئەپسۇسكى، 1942 - يىلىغا كەلگەندە، مەكتەپكە
ھەر جەھەتتىن ياردەم بېرىپ كەلگەن، ئىلىم - مەرى-
پەتكە تەشنا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىگە
يېڭى مەكتەپتە ئوقۇش نېسىپ بولمىدى. شېڭ شىسەي
ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى مەكتەپ خىزمىتى-
گە ئورۇنسىز ئارىلاشقانلىقتىن، مەكتەپ ۋەزىيىتى
ئىنتايىن خاراب ھالغا چۈشۈپ قالدى. شۇ يىلى
ئابدۇللا داۋۇت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈ-
رۈپ بۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلدى ۋە باش-
لانغۇچ - تولۇقسىز سىنىپلارنىڭ تەبىئىي پەن ھەم
باشقا ئاساسلىق دەرسلىرىنى ئۆتتى ۋە مەكتەپنىڭ
مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىلمىي مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈس-
تىگە ئالدى. مەكتەپنىڭ باش مۇدىرلىقىنى سوۋېت
ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن، غۇلجىلىق يۈسۈپجان
ئىمياز دېگەن كىشى ئىشلىدى. 1944 - يىلىغىچە، مەك-
تەپنىڭ ئوقۇتۇش، تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىنى يۇقى-
رىقى ئىككى كىشى بىرلىكتە باشقۇرۇپ، ئوقۇتقۇچى -
ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپتىن ئايرىلماي، نورمال ئوقۇ -
تۇشنى داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا ئىدىيىۋى خىز-
مەت ئىشلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاشۇ يىللاردا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەكسىيەتچى قورچاق ھۆكۈمەت ۋە ساقچى دائىرىلىرى مەكتەپتە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، تەرتىپ ساقلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ «كوممۇنىستلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلارنى قېزىپ چىقىرىش» دېگەن باھانە - سەۋەبلەر بىلەن قالايمىقانچىلىق چىقىرىش، تۇتقۇن قىلىشنى ۋەھشىيلەرچە كېڭەيتىۋەتكەنلىكتىن، مەكتەپ خىزمىتى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئوقۇش توختاپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلدى.

1944 - يىلى مەكتەپ مۇدىرى يۈسۈپجان نىياز، ئابدۇللا داۋۇت قاتارلىقلار ۋە بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار گومىنداڭ ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلدى. 1945 - يىلى مەكتەپ ئېغىر ۋەيرانچىلىق ھالىتىدە تۇرغان مەزگىلدە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىغا پىدائىي بولۇپ قاتنىشىپ كەتتى. 1949 - يىلغىچە مەكتەپتە ئوقۇتۇش پۈتۈنلەي توختاپ قالمىسىمۇ، خىزمەتلەر قالايمىقانچىلىق، مۇقىمسىزلىق، خارابلىق ھالىتىدە داۋاملاشتى. دېمەك شىيەنلى مەكتەپ (ھازىرقى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ) ئازادلىقتىن بۇرۇنقى (1933 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە) 17 يىللىق تارىخىدا، جاپالىق، ئەگرى - توقاي ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈش بىلەن بىللە، ئوخشاش بولمىغان دەۋر، ۋەزىيەتنىڭ ئېغىر، دەھشەتلىك سىناقلىرىدا تاۋلىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، تەرەققىي قىلىپ، نەچچە يۈزلىگەن ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەپ

ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىلىم نۇرى بىلەن يورۇتۇپ، ئازادلىقتىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تايانچ كۈچلىرىنى يېتىشتۈردى. بىز ئاشۇ 17 يىللىق تارىخنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئەينى زاماندا باي ناھىيىسىگە ئىلىم - پەن، يېڭى مەدەنىيەت نۇرۇقىنى چېچىپ، پەننىي مەكتەپ مائارىپىدا ئاساس سالغۇچى، باي بازىرىدىكى تۇنجى پەننىي مەكتەپ (1 - باشلانغۇچ) نى قۇرغۇچى ۋە يېتەكچى ئۇستازلىرىمىز — ساۋۇت داموللاھاجىم، شائىر نىمشېھىت، ئوسمان داموللام قاتارلىق پېشىۋالارنى، مەكتەپ خىزمىتىدە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ئىنقىلابىي قۇربان ئابدۇللا داۋۇت، يۈسۈپجان نىيازلارنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيمىز، ئۇلاردىن پەخىرلىنىمىز. ئۇلارنىڭ خەلقىمىز، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن سىڭدۈرگەن جاپالىق ئەمگەك ئەجرى يۇرتىمىز تارىخىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

ئىزاھات:

بۇ ماتېرىيال ئەينى ۋاقىتتا «شىيەنلى مەكتەپ»تە ئوقۇغان ۋە ئىشلىگەن شاھىدلاردىن ئۆمەر سابىر، روزى ئىبراھىم، ئىمىن نىياز، تالىپ نىياز، سىدىق راشىدىن، رىشىت ئىزىز، ئەيسا روزى قاتارلىقلارنىڭ ئاغزاكى بايانلىرى ھەمدە ۋاپات بولۇپ كەتكەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يېزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسلىمىلىرىگە ئاساسەن رەتلەندى.

1988 - يىلى 5 - ئاۋغۇست تاماملاندى

1990 - يىلى 22 - ئىيۇن قايتا تولۇقلاپ كۆچۈرۈلدى.

قوشۇمچە ئىزاھاتلار:

① ساۋۇت داموللاھاجىمنىڭ تەرجىمىھالى دېگەن ماقالىگە قارالسۇن.

② تەرخەتتى تەزردى، سۇپى كامىل، ئابدۇرىشىت ھامىدى قاتارلىقلار ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان زىيالىيلار بولۇپ، ئۇلارنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ھەربىي مەھكىمە ئارقىلىق 1934 - يىلى بايغا تەكلىپ قىلىنغان.

③ ئىنقىلابىي قۇربان — ئابدۇللا داۋۇت ھەققىدىكى ماقالىگە قارالسۇن.

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيىسى جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ باي ناھىيىسىنى ئازاد قىلىشى

باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش، رەتلىگۈچى: تۇنىياز مۇھەممەد

1944 - يىلى ئىلىدا پارتىزانلارنىڭ ئاساس، ئىلىنى مەركەز قىلىپ قوزغالغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارقىمۇ - ئارقا غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇ ئىنقىلاب شەرقىي فرونتتا گومىنداڭنىڭ ئاساسىي قوشۇنىنى يوقىتىپ زور غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، بىر قىسىم كۈچىنى جەنۇبقا (جەنۇبىي شىنجاڭ) قاراتتى. ئۇلار ئالدى بىلەن ئاقسۇدىكى زۇلۇم چەككەن ھەر مىللەت خەلقىنى زۇلۇم ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ بېلىدىن ئۈزۈپ تاشلاشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش فرونتى تەشكىل قىلىپ ئالدى بىلەن باي ناھىيىسىنى ئازاد، قىلىپ قوغانغا ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق مۇز داۋان يولىنى ئېچىپ، جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى بىلەن ئىلى تەرەپنىڭ ئالاقىسىنى ئورنىتىپ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئومۇمىيۈزلۈك ئازاد قىلىشنىڭ سىتراتې-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېيىنكى پىلاننى تۈزدى.

1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى باي ناھىيەسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيىسى جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى تەرىپىدىن ئازاد قىلىندى، ناھىيە خەلقى خۇشاللىق تەنتەنىسى بىلەن پەرزەنت قوشۇنىنى كۈتۈۋالدى. باي ناھىيىسىدە ھاكىمىيەت ئۆزگەرتىش، خەلقنى ئىنقىلابقا سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت بىر قاتار ئىشلار ئىشلەندى. باي ناھىيىسىنىڭ ئازاتلىقى گەرچە ئانچە ئۇزۇن داۋام قىلالمىغان بولسىمۇ (50 كۈندىن ئوشۇغراق داۋاملاشقان)، گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۈچىنى ئېغىر ساراسىمىگە سالدى، بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچىلەرنىڭ يۈرىكىنى تىترەتتى، خەلقنى ئويغاتتى. شۇڭا بۇ ۋاقە باي ناھىيىسىنىڭ تارىخىدىكى ئۆچمەس شانلىق سەھىپىدۇر.

باي ناھىيىسىدىكى ھەرمىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا زىچ ماسلىشىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى، بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان زىيالىيلار، ئىشچى، خىزمەتچى، قول ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، شەھەر كەمبەغەللىرى، دېھقانلار، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇمۇشلۇق، تەرەققىيپەرۋەر يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئۆزلىرىنى ئىنقىلابقا تەقدىم قىلدى، ھەتتا بىر قىسىملىرى ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزۇپ خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن كىشىلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلدى.

يۇقىرىقى تارىخىي ۋەقەنى باي ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق.

## جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشنىڭ تەييارلىقى

1944 - يىلى ئىلىقا پارتىزانلىرى تەرىپىدىن قوزغالغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق تېكەس، موڭغۇلكۈرە، كۈنەس قاتارلىق بىر قانچە جايلارنى ئازاد قىلدى. ئىنقىلابنىڭ بۇ غەلىبە خەۋىرى تېزلىكتە يۇقىرىقى جايلارغا تام قوشنا بولغان تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىگە، جۈملىدىن باي ناھىيىسىگە تېزلىكتە يېتىپ كەلدى. ئاقسۇ، كۇچا، باي، ئاقسۇ كونا شەھەر قاتارلىق ناھىيىلەردە تۇرۇش-لۇق گومىنداڭچىلار ۋە ئۇلارنىڭ يەرلىك ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنى كۈچلۈك ساراسىمىگە سالدى. گومىنداڭ ھۆ-كۈمىتى جەمئىيەتتە ھەرخىل پىتنە - پاسات، ئىغۋالارنى تارقىتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى خەۋەرلىرىنى قامال قىلىشقا كىرىشتى. ئەمما بۇ خەۋەرلەرنى توسۇپ قالالمىدى. باي ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ تارماقلىرىدا ئىشلەۋاتقان ئابدۇللا داۋۇتوپ، يۈسۈپجان نىيازى، ئوسمان قاسىم، ئەمەت يۈسۈپ، قادىر ئىلىلارغا ئوخشاش بىر تۈركۈم ئىلغار زىيالىيلار باي، سايرام، ياقىئېرىق، قىزىل، قېيىر قاتارلىق جايلاردا ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرغا-نىدى.

www.uyghurkitap.com

1944 - يىلى 11 - ئاي ئەتراپىدا، ئۈچ ۋىلا-
يەت تەرەپتىن مەرزادۆلەت، قوش دۆلەت ئىسىملىك ئىككى
نەپەر قازاق يىگىتنىڭ باي ناھىيىسىنىڭ قىيىرىيەز-
سىغا رازۋېتكىغا ماڭدۇرغان، ئۇلار تۈز ئېلىش ئۈ-
چۈن كەلگەنلىك سالاھىيىتى بىلەن قىيىرغا كەلگەندە
شۇ جايدىكى يەرلىك ئەمەلدارلار تەرىپىدىن باي
ناھىيىلىك تۈرۈكچاق ساقچىنىڭ سايرامدا تۇرۇشلۇق
پەيچۇسوسىغا مەلۇم قىلغان، سايرام پەيچۇسو مەخسۇس
ئادەم ئەۋەتىپ تۇتۇپ كېلىپ بىرنەچچە كۈن قامى-
غاندىن كېيىن، ئاقسۇغا مەلۇم قىلغان ۋە كېيىن
ئاقسۇغا يۆتكەپ ئېلىپ بېرىپ قەتلى قىلدى. يەنە
شۇ 1944 - يىلى غۇلجا تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن رازۋېت-
چىكلار (ئىسمىنى ئاشكارىلىمىغان) قىيىرلىق روزى
بوجاڭنىڭ يېڭى يايلاقتىكى قوتىنىغا كېلىپ، مالچى
ھاموتاخۇن ۋە ھاكىماخۇن دېگەن كىشىگە ئۈچ ۋىلا-
يەت تەرەپنىڭ بىر قىسىم تەشۋىق ۋەرەقىسىنى «مەس-
چىتكە ئاپىرىپ تاشلاڭلار» دەپ بېرىپ قايتىپ
كەتكەن. بۇ ئىككى مالچى تەشۋىقات ۋەرىقىنى ئوكە
تۈۋى (10 - دادۈي)دىكى ياغاچ مەسچىتكە ئاپىرىپ
تاشلىغان. بۇنى يەھيا موپتاخۇنۇم دېگەن كىشى
بىلىپ قېلىپ بەگلەرگە خەۋەر قىلغان. ئۇلار ھاكىما-
خۇننى تۇتۇۋېلىپ، كۈچاغا ئېلىپ بېرىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن،
ھاموتاخۇن غۇلجا تەرەپكە قېچىپ كەتكەن.

1945 - يىل 3 - 4 - ئاي ئەتراپلىرىدا، كۈچا،
باي، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنىڭ ۋەزىيىتىنى كۆزى-

مىش ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن جۇمەك پالتا-
ئىسىملىك بىر رازۋېتچىكنى ئەۋەتكەن، بۇ ئادەم-
پىرقىراچە كىيىنىپ، زىبۇ-زىننەت ساتقۇچى قىياپىتىدە
باي ۋە ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ ئەھۋالىنى
بىر مەزگىل مەركەزلىك كۆزەتكەن ھەمدە باي
ناھىيىسىدىكى ئىسمائىل ئېگەرچى (ئېگەر ياسايدىغان
ھۈنەرۋەن)، شاۋۇدۇن (خوشاك ئېتىپ ساتىدىغان
ئاشپەز) لار ۋە ئۇلار ئارقىلىق بىر قىسىم ئىلغار
كىشىلەر بىلەن ئالاقە باغلىغان.

ئۈرۈمچىدىن جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنى بايغا
چۈشىشتىن ئىلگىرى، باي ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋا-
لىنى پۇختا ئىگىلەپ، جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشتىكى
ئاساسىي لىنىيىنى بېكىتكەن.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيىسى جەنۇبىي
يۆنىلىش قوشۇنى نېمە ئۈچۈن باي ناھىيىسىنى مۇھىم
بۆسۈش ئېغىزى قىلغان؟

جەنۇبقا ئۆتىدىغان ئاساسلىق ئېغىز مۇزداۋان
يولى بىلەن تەلەمەتنىڭ يولى بولۇپ، بۇ يوللار
خېلى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان سودىگەرلەرنىڭ
قاتنايدىغان كارۋان يوللىرى ئىدى. بىراق ئۈچ ۋىلا-
يەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، گومىنداڭ
بۇ يوللارغا قاراتا مۇداپىئەنى كۈچەيتكەنىدى.
يەنى گومىنداڭنىڭ كۇچادا تۇرۇشلۇق 2-دىۋىزىيە
ئاتلىق 4-پولكىنى تەلەمەت يولىدىكى مۇداپىئەنى
كۈچەيتىشكە، ئاقسۇدىكى ئاتلىق 5-پولكىنى مۇزدا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋان ئارقىلىق ئۆتىدىغان بوزدۆك، تۆز ئاۋات، قو
قاتارلىق يول ئېغىزلىرىنى قاتتىق قامال قىلمىشقا
قويغان، گومىنداڭنىڭ بۇ جايلارغا ئورۇنلاشتۇرغان
كۈچى بىر قەدەر كۆپ بولۇپلا قالماي، قورال - ياراغ،
ئوق - دورىلىرىمۇ خېلى يېتەرلىك ۋە خىل ئىدى،
شۇنداقلا بۇ جايلارغا پوتەي سالدۇرۇپ، ئاكوپلارنى
قازغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭ ئارمىيىسى شىنجاڭ
ئۆلكىلىك ھەربىي شتابى خىل قوراللار بىلەن قورال-
لانغان بۇ مۇنتىزىم مۇستەقىل يىگىنى كۇچانىڭ مۇ-
داپىئەسىنى كۈچەيتىشكە ئەۋەتكەن. باي ناھىيىسىنىڭ
مۇداپىئە ئىشىغا ئاقسۇ، كۇچادىكى گومىنداڭ پولكى
مەسئۇل ئىدى. ئەمما باي ناھىيىسىدە «بوسوگتۈەن»
دېيىلىدىغان گومىنداڭنىڭ بىرىنىڭ ھېسابىدىكى ئۈچ
لىيەن، ئەمەلىيەتتە 20 ئەتراپىدا ئەسكىرى، 15 دەك
ساقچى بولۇپ، ئامانلىق ساقلاش ئىشىغا مەسئۇل
بولسىمۇ، باي ناھىيىسىنىڭ ھەربىي مۇداپىئەسى
دېگەندەك مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى.

قىرىيېزىسى تۆت ئەتراپى تاغ ۋە ئېدىرلار بىلەن
ئورالغان جاي بولۇپ، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ تېكەس ناھى-
يىسى بىلەن بىۋاستە تۇتىشىدۇ، قىرىيېزىسىدىن
كۈنەس ناھىيىسى ۋە تېكەس ناھىيىسىگە ئۆتىدىغان
«ئالتۇن قوش»، «چوڭ غول (بوز كىرىدىگى)»، «كىچىك
غول» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قانچە يول ئېغىزلىرى
بولۇپ، «ئالتۇن قوش» ۋە كىچىك غول يولىدا پەقەت
پىيادە ئادەملەرلا ئاران ماڭالايتتى، چوڭ غول (بوز-

كىرىكى) بىلەن ئادەملەر ئات - ئۇلاغ بىلەن ئۆتكىلى بولاتتى. بۇ ئېغىزلاردىن چارۋىچىلار پايدىلىنىپ كەلگەن بولغاچقا گومىنداڭ ئانچە ئەھمىيەت بەرمىگەنىدى قىيدىيېزىسىنىڭ ئامانلىق ئىشلىرىغا سايرامدا تۇرۇشلۇق پەيچۇسو مەسئۇل بولۇپ ئەھۋال كۆرۈۋاسچىقاتتى، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىدى. پەقەت 1945 - يىلى 5 - 6 - ئايلاردىن باشلاپ چوڭ غولدا ئۆتۈش ئېغىزىنى توسۇپ سېپىل ۋە پوتەي سالدۇرۇشقا باشلىغان. يۇقىرىقى ئەھۋاللاردى رازۋېتكا قىلىش ئەھۋالىغا ئاساسلىنىپ باي ناھىيىسىنىڭ قىرىيېزىسى جەنۇبىدا يۈرۈش قىلىشتىكى بۆسۈش ئېغىزى قىلىنغان.

### باي ناھىيىسىگە يۈرۈش قىلىش ۋە بوزكېرىدىكى تۇنجى جەڭ غەلىبىسى

1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ بېشىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، سوپاخۇن سوۋۇروۋ، قاسىمجان قەمبەرى، رازىيوپ داموللا باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى تەشكىل قىلىنىپ، شۇ ئاينىڭ ئاخىرلىرى باي ناھىيىسىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. بۇ مەزگىلدە باي ناھىيىسىنىڭ ۋەزىيىتى جىددىيلىشىپ گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ باشلىقلىرى تەلەمەتنىڭ داۋنىمىنى قوغداشقا كېتىپ قالغانىدى. ناھىيىلىك لەك ساڭ (دېھقانچىلىق بېجى ئۈچۈن ئېلىنغان ئاشلىقنى ساقلايدىغان - ئاشلىق ئىسكىلات)، تۆت ئەتراپى 7 - 8 مېتر ئېگىزلىكتە

www.uyghurkitap.com

كوڭگورلۇق «قارىغا ئېلىش تۆشۈكى»، بىر قالا جايىدا قوماندانلىق ئۆيى بار. سېپىل بىلەن قورشالغان، سېپىلنىڭ سېرتى كەڭلىكى 10 مېتر، چوڭقۇرلۇقى 7 - 8 مېتر كېلىدىغان خەندەك بار ئىدى. بۇجاي ھازىرقى ناھىيىلىك رېمونت زاۋۇتىنىڭ ئورنى بولۇپ، سېپىل ۋە ئاشلىق ئىسكىلاتىنىڭ قىسمەن ئىزلىرى ھېلىمۇ بار)نى قوغداش ئۈچۈن ئاقسۇدىن ئەۋەتىلگەن بىر پەي ئەسكەر ئورۇنلاشقان، قورچاق ھۆكۈمەت جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن خەلققە زۇلۇم سېلىپ، ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپى (ھازىرقى قۇرۇلۇش كوپىراتىپىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى يار ئۈستىدە)، غەربىي تەرىپى (ئورمان پونكىتىنىڭ ئورنىدا)، جەنۇب تەرىپى قاتارلىق بىر قانچە جايغا پوتەي سالدۇرغان، جەمئىيەتتە گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى تەرەپ - تەرەپكە قاتىراپ ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشقا كىرىشكەن. 1945 - يىلى ئاقسۇدا گومىنداڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلىرى تەرىپىدىن لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىرگە قەتلى قىلىنغان يۈسۈپجان، ئەمەت يۈسۈپ، ئابدۇللا داۋۇتوپ، ئوسمان قاسىم، قادىر ئېلىلار ئەنە شۇ ۋاقىتنىڭ ئالدى - كەينىدە تۇتۇپ كېتىلدى.

1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرى، جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى قىزىل كۆرەدىن بايغا قاراپ يولغا چىققان، ئۇلار 1944 - يىلى 10 - ئايدا باي ناھىيىسىدىن سودىگەرچىلىك قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن

غۇلجىغا چىقىپ، يولىنىڭ توسۇلۇپ قېلىش تۈپەي-
لىدىن قايتىپ كېلەلمەي تۇرۇپ قالغان سايىم
ئەپەندىم (سايىم ھاجىم) نىڭ يول باشلىشى بىلەن باي
ناھىيىسىنىڭ ئاق بۇلاق يايلىقىغا كەلگەن. بۇ جايدىن
قىيىرلىق داۋۇت خاگتو دېگەن ئادەمنىڭ مېلىنى بېقى-
ۋاتقان ھامۇت كۆۋىل دېگەن ئادەمنىڭ قېشىغا باشلاپ
كەلگەن. مۇشۇ ۋاقىتتا گومىنداڭ قىيىرنىڭ مۇداپىئەسى
ئۈچۈن بىر پەيگە يېقىن ئەسكەر چىقارغان بولۇپ،
ئۇلار ئالتۇنقۇش، چوڭ غول، كىچىك غولنى مۇداپىئە
قىلىشقا قويۇلغان. چوڭ غول (بوزكىردىگى)نى ساقلا-
ۋاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى 150 دىن ئارتۇق
دېھقانلارنى بوزكىردىگە ھەيدەپ چىقىپ، ھەدەپ پو-
تەي، سېپىل سالدۇرۇۋاتاتتى.

1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى مىللىي
ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى باي ناھىيىسى
تەۋەسىگە كىردى. ئۇلار چوڭ غول ئېغىزىدىكى قورۇق
جىلغا دېگەن جايغا چۈشۈپ تۇرۇشىغا، گومىنداڭنىڭ ئىككى
ئەسكىرى تۆت - بەشتەك دېھقانغا ئوندەك تۆگىنى يېتىلەپ
تاغقا قارىغاي كەسكىلى چىقىپ دېھقانلارنى قارىغاي كەس-
كىلى قويۇپ، ئۆزلىرى قورالىرىنى قارىغايغا يۆلەپ قو-
يۇپ، ئۆز ئىشلىرى بىلەن بولىدۇ. مىللىي ئارمىيە-
رازۋېتچىكلىرى پەم بىلەن بېرىپ بىر گومىنداڭ
ئەسكىرىنى قولغا چۈشۈردى، بىرسى قارىغايلىق ئىچىگە
قېچىپ كەتتى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى داۋام-
لىق ئالغا ئىلگىرىلەپ بوزكىردىگى ئېغىزىغا يېتىپ

كېلىدۇ، بۇ جايدا پوتەي سالدۇرۇۋاتقان ۋە ساقلاۋاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئىككى سائەت ئەتراپىدا قاتتىق ئۇرۇش بولىدۇ، ئاندىن گومىنداڭنىڭ تۈنجى توسالغۇسى بىتچىت قىلىنىپ، باي ناھىيىسىگە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرلەشكە يول ئېچىلىدۇ. گومىنداڭچىلار پۇقرالارغا ئالۋاڭ سېلىپ ئېلىپ چىقىۋالغان ئاش-ئوزۇقلار پوتەي سېلىشقا ئېلىپ چىققان دېھقانلارغا تارقىتىپ بېرىلىدۇ ھەم ئۇلار ئائىلىسىگە قايتۇرۇلىدۇ. بوزكىرىدىكى ئۇرۇشتا گومىنداڭنىڭ ئىككى ئەسكىرى ئۆلۈپ، قالغانلىرى قېچىپ كەتكەن. پوتەي سېلىشقا ئېلىپ چىقىلغان دېھقانلاردىن ئەمدۇللا ساۋۇت (ھازىر ھايات، باي ناھىيىلىك يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋا خوجىلىق بىرىنچى ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان، ھازىر دەم ئېلىشتا) تۈنجى قېتىم باي ناھىيىسى تەۋەسىدىن مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان پىدائىي جەڭچى بولىدۇ.

جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى بوزكىرىدىكى تۈنجى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، داۋاملىق ئىلگىرلەپ قىير يېزىسىنىڭ قازانچى بازىرىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى، ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە گومىنداڭنىڭ ئالتۇن قۇشنى ساقلاۋاتقان ئەسكىرىدىن بىرسى ھېزىم بوجاڭ دېگەن ئادەمنى «ئوت-سامانى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەرمىدىڭ» دەپ ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىپ سۆرەپ قازانچىغا ئېلىپ كەلگەن، بىراق بازارغا



www.uyghurkitap.com

يېقىن كېلىپ پوستتا تۇرغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىسىنى كۆرۈپ قېرىقىنىدىن ئارقىسىغا قاراپ قېچىپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋالنى بىلگەن سوپاخۇنىڭ ئايالى تۇخان ئىككى جەڭچىنى ئېلىپ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، ژۇلغۇن ياقا مەھەللىسىگىچە بارغاندا قېچىلىقتا مۆكۈۋالغان يېرىدىن تۇتۇپ ئەسىرگە ئالىدۇ. يەنە شۇ كۈنى بوزكىرىدىكى بولغان ئۇرۇشتا قېچىپ كەتكەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن 8 نەپەرنى قولغا چۈشۈرگەن، بۇلاردىن بىرسى قېيىر خەلقىگە ئېغىر زۇلۇم سالغان بولۇپ، خەلق تەرىپىدىن ھەقلىق جازاغا تارتىلغان. خەلق چەكسىز خۇشاللىققا چۆمگەن.

جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى قازانچى بازىرىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، سايىم ئەپەندىم باشچىلىقىدا ئۈچ كىشى بايىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ كېلىشكە ھەمدە ئوسمان دامولام، ياسىن ئەھمەدىگە يېزىلغان خەت ۋە تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن ماڭدۇرغان، بۇلار قېيىر يېزىسىنىڭ مىس بۇلاق، توخسۇن يېزىسىنىڭ غول، ياتۇر يېزىسىنىڭ تۈگە بېشىنى، ئىشتارچى كەنتلىرى ئارقىلىق سايىم ئەپەندىنىڭ بۇلۇڭ يېزا ياسىرىم كەنتىدىكى ئائىلىسىگە كەلگەن، ئەتىسى ئىككى ئىشەككە قوناق شادىلىرىنى ئارتىپ مەخپىي ھالدا باي بازىرىغا كېلىپ، قېيىن ئاتىسى ئارقىلىق ئوسمان دامولام، ياسىن ئەھمەدىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ خەت، تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى تاپشۇرۇپ بەرگەن ھەم ئۇلارغا مىللىي ئارمىيە جەنۇبىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ قېيىردىن بايغا قاراپ يۈ چىقىدىغانلىقىنى يەتكۈزۈپ بولۇپ يەنە كېچىلەپ قېيىرغا قاراپ مېڭىپ كەتكەن.

سوپاخۇن قىسمى قېيىرنىڭ قازانچى بازىرىدا ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن، 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنلىرى بايغا قاراپ يولغا چىققان. ئۇلار يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى گومىنداڭنىڭ كۇچادا تۇرۇشلۇق 4 - ئاتلىق پولكىنىڭ بايغا چىقىشتىكى يول ئېغىزىنى توسۇش ئۈچۈن بىر پەي ئەسكەرنى قىزىل داۋانغا ماڭدۇرغان.

### باي ناھىيىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىشغال قىلىنىشى

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى قېيىر يېزىسىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ھەمس بۇلاق، غول، توگە بويىنى، ئىشتارچى كەنتلىرى ئارقىلىق باي بازىرىغا كەلگەن. ئىشتارچى دېگەن يەرگە كەلگەندە ئالدىن ئەۋەتكەن ساچ ئەپەندى باشچىلىقىدىكى رازۋېتچىكلار بىلەن ئۇچرىشىپ باي بازىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان. مۇشۇ ۋاقىتتا جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ قېيىرغا چۈشكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ناھىيىنىڭ ھاكىمى ۋە بىر قىسىم ئەمەلدارلار ئاقسۇغا قېچىپ كېتىپ، ھاكىم ئىدارىسى (شيەنجېڭفۇ)، ساقچى ئىدارىسى قاتارلىق مۇھىم ئورۇنلار ئىگە - چاقىسىز قالغانىدى. جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى داۋاملىق ئىلگىرىلەپ 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى باي بازىرىغا كىرگەن. ئۇلار باي بازىرىنىڭ شەرقى-

دىكى تەلۋىچۇك دەريا كۆۋرۈكىگە يېقىنلاشقاندا بازا نىڭ شەرقىي شىمال تەرەپتىكى پوتەي ئىچىگە يوشۇرۇنغان گومىنداڭنىڭ ئونىدىن ئارتۇقراق ئەسكەرلىر پىلىمۇتتىن ئوق چىقىرىپ قارشىلىق قىلىدۇ. قورچا ساقچىنىڭ بىربۆلۈك ژاندارمىلىرىمۇ قارشىلىق قىلدى ئاشلىق ئىسكىلاتىنى ساقلاۋاتقان بىر پەي گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ساڭنىڭ دەرۋازىسىنى مەھكەم تاقىۋېلىپ سېپىل ئۈستىدىن ئىبارەت پايدىلىق شارائىتقا تايىنىپ، ئوق چىقىرىپ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. گومىنداڭنىڭ ئاز ساندىكى قوراللىق غالچىلىرى ھەرقانچە قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىرقى مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلالمايدۇ. يېرىم كۈن ئەتراپىدا بولغان سوقۇشتا پوتەي پارتلىتىلىدۇ. گومىنداڭنىڭ يوشۇرۇنغان ئەسكەرلىرى تەسلىم بولىدۇ. ئاشلىق ئىسكىلاتىنىڭ ئالدىدا بولغان ئېتىشىش بىرئاز شىددەتلىك بولغان بولسىمۇ، ساڭغا ئورۇنلىشىۋالغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئاخىرى يوقىتىلىپ، باي بازىرى ئوزۇل - كېسىل ئىشغال قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل باي ناھىيىسى ئوزۇل - كېسىل ئازاتلىققا ئېرىشىدۇ. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن بىرسى قۇربان بولىدۇ. زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ ئازادلىققا ئېرىشكەن باي خەلقى يۇرت مۆتىۋەرلىرى، ئوقۇمۇشلۇق زاتلار بىلەن بىرگە جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنى چەكسىز خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالىدۇ.

مىللىي ئارمىيە جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئابدۇكېرەم ئاببباسوپ، سوپاخۇن، قاسىمجان قەمبەرى
رازىيوپ داموللام قاتارلىق ئاساسلىق رەھبەرلىرى باش-
چىلىقىدىكى باش شتابى شەنجىڭغۇ (ناھىيىلىك
ھۆكۈمەت)، ساقچى ئىدارىسى، ئۇيغۇر ئۇيۇشما قاتار-
لىق ئورۇنلارغا ئورۇنلاشقان.

باي ناھىيىسىدە يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى

1945 - يىلى 17 - ئاۋغۇست باي ناھىيىسى
ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، جەنۇبىي يۆنىلىش ئارمى-
يىسى رەھبەرلىرى توقسۇن، سايرام قاتارلىق جايلارغا
ۋە يېقىن ئەتراپتىكى يېزا - كەنتلەرگە بىر بۆلۈم ئا-
دەملەرنى تەشۋىق - تەرغىبات ئىشلىرىنى ئىشلەشكە ئەۋەت-
كەندىن تاشقىرى، تۆۋەندىكى ئىككى ئاساسىي ئىشنى
قىلغان:

بىرسى ناھىيىنىڭ ھاكىمىيەت مەسىلىسىنى
تەشكىللىدى، يەنى گومىنداڭ تەرىپىدىن تۇرغۇزغان
ھاكىم، ساقچى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ ئور-
نىغا ئەينى ۋاقىتتىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلاردىن ئوسمان
داموللام، ئىسمايىل قازى، ھاشىم بەگ، ياسىن ئەھ-
مەدى قاتارلىقلارنى تۇرغۇزدى. ئوسمان داموللام،
ئىسمايىل قازى، ھاشىم بەگ ناھىيىنىڭ ھاكىم ۋە
مۇئاۋىن ھاكىمى بولدى. ياسىن ئەھمەدى (ياسىن
سەتەڭ دەپمۇ ئاتىلاتتى) جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدا-
رىسىگە باشلىق بولدى. يۇسۇپ ئەيۋى، كەنجى ئىب-
راھىم ياقۇپبېگ — سايرام شۆبە ساقچىسىغا باشلىق
بولدى. ھەرقايسى رايون، يېزىلار ئاساسىي قاتلام ھا-

كېيىنىدە باۋچا تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مىڭ
بېگى، يۈز بېگى قاتارلىق تۈزۈم ئورنىتىلدى. ھۆكۈ-
مەت تارماقلىرىدا ئەسلىدىكى بىرقىسىم خادىملار
ساقلاپ قېلىنغاندىن باشقا، ئاساسىي ۋەزىپە ئويغۇر
ئۇيۇشما خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا تاپشۇرۇلدى.
ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە 45 نەپەر خادىم سەپ-
لەپ بېرىلدى، ھەرقايسى تارماقلاردا ئىشلەۋاتقانلاردىن
پاك، دىيانەتلىك بولۇپ خەلققە كۆپرەك پايدىلىق
ئىش قىلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنغان.

يەنە بىرى، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىسكىلاتىنى
تاپشۇرۇۋېلىپ، بىرقىسىم نامراتلارغا ئاشلىق تەقسىم
قىلىپ بېرىلدى. گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن بىگۇناھ
قامالغان خەلق ۋە زىيالىيلار تۈرمىدىن ئازاد قىلىندى.
خەلق ئاممىسىنى ئىنقىلابنىڭ تولۇق غەلىبە قىلىشىغا
ياردەم بېرىشكە چاقىرىق قىلدى. شۇ ۋاقىتتا ناھىيە
بازىرى، يېزا قىشلاقلاردىن ئۆزلىرىنى ئىنقىلابقا ئاتاپ
تېزدىنا ئالدۇرغان زىيالىيلار، دېھقانلار، قول ھۈنەرۋەن
كاسىپلار، شەھەر ئاھالىلىرى بىرنەچچە مىڭغا يەتكەن.
يېزا - قىشلاقلاردىن ئارمىيىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئۆز-
لىرىنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىنى ئېلىپ كەلگەنلەر، ناھىيىلىك
ھۆكۈمەت، يېڭى بىنا قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھويلىلىرى،
دەرۋازا ئالدىلىرىغا پاتماي قالغانىدى. كىشىلەرنىڭ
ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، ناھىيە بازىرى، يېزىلار-
دىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئويغۇر
ئۇيۇشما، باج خادىملىرى، دېھقان - چارۋىچىلاردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ بىر يېرىم مىڭدىن ئارتۇق ئادەم مىللىي ئار-مىيە سېپىگە قاتنىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيىسى جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچىگە ئايلانغان. بولۇپمۇ قوغاننى ئېلىش ئۇرۇشى ئاقسۇدىكى جەڭلەردە ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمانلىق جاسا-رىتىنى كۆرسەتكەن. جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى باي ناھىيىسىنى ئىشغال قىلىپ يۇقىرىقىدەك بىرقاتار ئىشلارنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قوغانغا قاراپ يولغا چىققان. ئۇلار شۇ كۈنى باي ناھىيىسىنىڭ ياقا ئېرىق دېگەن يېرىدە بېرىپ بىر كۈن تۇرۇپ، قوشۇنلارنى رەتلەش ۋە كېيىنكى كۈرەش نىشانىنى بەلگىلەش ئۈستىدە يىغىن ئاچقان. كېيىنكى كۈنى يولغا چىقىپ ياقا ئېرىقنىڭ شاختۇر، ئالتە گۇمبەز، ئۆستەڭ بويى، ئاقسۇ كونا شەھەرگە قاراشلىق كالچى مەھەللىسى قاتارلىق جايلار ئارقىلىق قوغاننى ئېلىش ئۈچۈن ماڭغان. قوشۇن ئاقسۇ تەرەپكە مېڭىش-تىن ئىلگىرى قېيرلىق سادىق لوزۇڭ بىلەن ئابلا قازىنى باينىڭ ئىشغال قىلىنىپ بولغانلىقى، يولنىڭ ئېچىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن غۇلجا تەرەپكە ماڭدۇرغان. سوپاخۇن قىسمى باي ناھىيىسى تەۋەسىگە كىرىپ 15 كۈن ئەتراپىدا ئۆتكەندە، يەنى 8 - ئاينىڭ ئاخىرى ناسىروپ (ئەسلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ھەربىي) 200 دىن ئارتۇق ئەسكىرى بىلەن بوزكىرىدىكى ئارقىلىق قېيرغا چۈشۈپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ 32 نەپەر ئەسكەر قوبۇل قىلغان ھەمدە ئۇلارنى ئىككى ھەپتە

ئەتراپىدا تەربىيىلىنگەن. 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئىبراھىموپ، ئابدۇرېھىم ئاخۇن ئىسىملىك ئىككى كوماندىرنى بىر ئىزۋوت جەڭچى بىلەن قىپىر بىلەن قىزىلنى قوغداشقا قالدۇرۇپ، قالغان قوشۇننى باشلاپ كۆچانى بىرتەرەپ قىلىۋېتىپ ئاندىن ئاقسۇغا بېرىپ ياردەم بېرىمىز، دەپ كۈچا تەرەپكە ماڭغان. ئۇلار غەربكە قاراپ مېڭىپ قىپىرنىڭ يولغۇن ياقا كەنتىنىڭ ئايىقىدىكى تاغ ئىچىدىكى تىكمەك دېگەن كونا يول بىلەن مېڭىپ كۈچانىڭ كان دېگەن يېرىگە بېرىپ، قادىر بوجاڭ دېگەن ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشقان، ناسىروپ ئۆزى تۇردى قارىم دېگەن ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشقان. كاننىڭ سوقتوغراق دېگەن جايىدا گومىنداڭنىڭ سېپىلى بولۇپ، بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى مۇشۇ سېپىل ئىچىگە ئورۇنلىشىۋالغانىدى. ناسىروپ تۇيدۇرماي تۇرۇپ گومىنداڭنىڭ ئەسكەرلىرىنى قورشاپ يوقىتىشنى ئورۇنلاشتۇرغان. بىراق كېيىنكى كۈنى تاڭ سەھەردە گومىنداڭچىلار تۇيۇپ قىلىپ ئات - ئۇلاغلىرىنى توقۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي كۈچا تەرەپكە قېچىپ كېتىدۇ. مىللىي ئارمىيە تەرەپ گومىنداڭ تەرەپنىڭ قايتارما ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى مۆلچەرلەپ، جەڭچىلەرگە قارىتا مۇبادا گومىنداڭ تەرەپ ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ قالسا، ئىككى يۈز مېتىر ئارىلىق قالغىچە ئوق چىقارماسلىقنى بۇيرۇق قىلىدۇ. بىراق گومىنداڭ تەرەپنىڭ بىر ئاشپىزى قېچىشقا ئۈلگۈر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەي سېپىل ئىچىدىكى سەي گەممىسىگە يوشۇرۇنۇۋالغان بولۇپ، كۆچار تەرەپتىن قايتا ھۇجۇم قىلىپ چىققان ئۈچيۈزدىن ئارتۇق گومىنداڭ ئەسكىرىنى كۆرۈپ قېلىپ تۆت يۈز مېتىردىن ئارتۇقراق ئارىلىق قالغاندا ئوق چىقىرىپ بەلگە بېرىپ تۇيۇدۇرۇپ قويىدۇ. نەتىجىدە كەسكىن سوقۇش باشلىنىپ كېتىدۇ. ئاخىرىدا گومىنداڭ تەرەپ بەرداشلىق بېرەلمەي قاچقان بولسىمۇ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىگەن گومىنداڭ تەرەپ مەلۇم ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ كۈچىنى كۆپەيتىپ يەنە قايتارما ھۇجۇم قىلىدۇ. بىر كۈن قاتتىق ئېتىشىش جەريانىدا مىللىي ئارمىيە تەرەپتىن بىر دوختۇر، بىر كوماندىر، ئىككى جەڭچىگە ئوق تېگىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن گومىنداڭنىڭ قىزىل قاتلىق، كەڭ ئېقىن دېگەن جايلار بىلەن كۈچادىن ياردەمگە كەلگەن كۈچى كۆپ بولغاچقا ئاندىن كەچ بولغاندا چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. سەيدۇللا قاتارلىق بىرنەچچە جەڭچى قوشۇننىڭ چېكىنىشىنى مۇداپىئە قىلىشقا قالدۇرۇلىدۇ. قالغان قىسىملار كان دېگەن جايغا قاراپ چېكىنىپ كېچىچە يول يۈرۈپ ئاغىز دېگەن جايغا كېلىپ چۈشىدۇ، مۇداپىئە ئۈچۈن قالدۇرۇلغان جەڭچىلەرمۇ يېتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ناسىروپنىڭ كۈچادا قىلغان تۇنجى قېتىملىق يۈرۈش قىلىشىدا غەلىبە قىلالماي قېيرىنىڭ قازانچى بازىرىغا قايتىپ كەلگەن. قېيردا بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن قېيردىن قىزىلغا كەلگەن. قىزىلدىن بىر بۆلۈك ئەسكەر ئالغان بولۇپ، ھاشىم

مىراپ، توختى مىراپ دېگەن كىشىلەر ئەسكەر ئېلىشقا قىزغىن ياردەم بېرىپلا قالماي ئۆزلىرىمۇ ئۈچ ۋىلايەت قىسىملىرى بىلەن بىرگە غولجىغا چىقىپ كېتىپ 1950 - يىلى قايتىپ كەلگەن. ناسىروپ قىزىلدىكىلەرنىڭ ئىشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بايغا مېڭىشىغا ئەسكادىرون ئابدۇرېھىم ئاخۇن، ئىبراھىموپ، مۇنەۋۋەر خوجا قاتارلىقلارنى 60 نەپەردەك كونا - يېڭى جەڭچىلەر بىلەن قىزىلدا قالدۇرغان. ئۆزى ئاقسۇغا بېرىپ سوپاخۇن قىسىمىنىڭ ئاقسۇ يېڭى شەھەرنى ئېلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئاقسۇغا قاراپ مېڭىپ باي بازىرىدا تۇرۇپ (بىر كۈن) ئاندىن ئاقسۇغا كەتكەن.

8 - ئاينىڭ ئاخىرى 9 - ئاينىڭ باشلىرى، ناسىروپ كورلىدىن ئاقسۇغا قاراپ كەتكەندىن كېيىن كۇچانى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قىسىملىرىدىن بىر قىسمى باينى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ. قىزىلنى مۇدا قىلىپ تۇرغان ئۈچ ۋىلايەت قىسىملىرىنىڭ رازۋېتكىدا چىققان جەڭچىلىرىنىڭ خەۋەر يەتكۈزۈشى ئارقىلىق قىزىلنى ساقلاۋاتقان جەڭچىلەر دەرھال قىزىل بىلەن كۇچا ئارىلىقىدىكى پەس داۋانغا بېرىپ مۇداپىئەدە تۇرىدۇ، شۇنداقلا گومىنداڭ قوشۇنى بىلەن پۈتۈن بىر كۈن ئەتراپىدا قاتتىق ئۇرۇش قىلىدۇ.

گەرچە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ قىزىلنى مۇداپىئە قىلىشقا قالدۇرۇپ قويغان جەڭچىلىرى پايدىلىق يەر شارائىتىدا تۇرغان بولسىمۇ، ئادەم كۈچى جەھەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نە ئاز بولغاچقا چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ قىبىر-
سايراملارغا چېكىنىدى. بۇ مەزگىلدە سوۋپاخوزنىڭ ئاق-
سۇغا يۈرۈش قىلغان قوشۇنى ئاقسۇ كونا شەھەر ناھى-
يىسىنى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ ئۇرۇشتا غەلىبە
قىلالمىدى، ئۇلار مۇزداۋان ئارقىلىق ئىلىغا چىقىپ
كەتمەكچى بولدى. 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرى
ئاقسۇدىكى قىسىمنىڭ مۇزداۋان ئارقىلىق چىقىپ
كەتمەكچى بولغانلىق خەۋىرى تېخى ئاقسۇغا يېتىپ
بارمىغان، ناسىروپ قوشۇنىغا ۋە قىزىل، بايىنى مۇدا-
پىئە قىلىشقا قالدۇرۇلغان جەڭچىلەرگە يېتىپ كەلمى-
گەنىدى. جەنۇبىي يونىلىش قوشۇنىنىڭ رەھبەرلىرى
ناسىروپ قىسىمى بىلەن بايىنى مۇداپىئە قىلىشقا قال-
غانلارنىڭ قېيىرغا چىقىپ بوزكىردىكى بىلەن چىقىپ
كېتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلىندى. ناسىروپ
قېيىرقا قاراپ يولغا چىقتى، قىزىلنى ساقلاشقا قال-
دۇرۇلغان جەڭچىلەرنىڭ بىر بۆلىكى توقسۇنىڭ غول
ۋە مەس بۆلاقيولى بىلەن بوزكىردىكە يېتىپ باردى.
بىر بۆلۈكى باي، سايرام، قىزىلدىن ئىلىغا چىقىپ
كېتىش ئۈچۈن ماڭغانلارنىڭ بىخەتەريۈرۈشى ۋە ناسىروپ
باشلاپ ماڭغان قىسىمنىڭ بىخەتەر چېكىنىشىگە
كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قىزىلنىڭ تېتىر مەھەل-
لىسىگە بېرىپ ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇلارمۇ قىسىمنىڭ
ئارقىسىدىن يېتىشىپ چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار
بوزكىرىدىكىدە جەم بولۇپ ئىلى تەرەپكە چى-
قىپ كەتتى. ئومۇمەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى

جەنۇبىي يۈنىلىش قوشۇنى 1945 - يىلى 10 - ئاينىـ
بېشىدا مۇزداۋان ۋە قىيىر ئارقىلىق ئىلىغا چىقى
كەتتى. گەرچە باي ناھىيىسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاب
جەنۇبىي يۈنىلىش قوشۇنى تەرىپىدىن ئازاد قىلىنى
ئەللىك كۈندىن ئارتۇقراقلا داۋاملىشىپ، ئىككىنچ
قېتىم گومىنداڭنىڭ قايتا ئىشغال قىلىشىغا قالغا
بولسىمۇ، بىراق باي ناھىيىسىدىكى ھەرمىللەت خەلق
1945 - يىلىدىكى بۇ بىر ۋەقەنى ھەرگىز ئېسىدىن
چىقىرىپ قويغىنى يوق.

## باي خەلقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قوشقان تۆھپىسى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەنۇبىي يۈنىلىش قوشۇن
نىڭ باي ناھىيىسىنى ئىشغال قىلىش، قوغان، ئاق
كونا شەھەرنى ئىشغال قىلىش ۋە ئاقسۇغا ھۇجۇ
قىلىش ئۇرۇشى داۋامىدا باي ناھىيىسىدىن مىللىي ئا
مىيە سېپىگە قوشۇلغان زىيالىيلار، ئىشچى - خىزمەتچى
لەر، ئوقۇغۇچىلار، دېھقانلار زور باتۇرلۇق كۆرسىتىپ
قالماي، ھەتتا بىرمۇنچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق
قانلىرىنى ئايىمىدى. 1944 - يىلى كۈز ئەتراپلىرى
ئۈچ ۋىلايەت تەرىپىدىن ماگدۇرۇلغان تەشۋىقات ۋەر
قىنى تارقاتقان ھاكىماخۇننى گومىنداڭچىلار كۆچا
ئېلىپ بېرىپ قەتلى قىلدى.

قىيىر يېزا و - كەنتتىن مامۇت مىراپ دېگ
ئادەم جەنۇبىي يۈنىلىش قىسمىغا ئاش - ئوزۇق، ئوت

سامان يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن گومىنداڭچىلار ئۆلتۈرۈۋەتتى، باي بازىرىدىن ئىسمايىل ئېگەرچى، مەھەممەت قاۋان، ناسىر (ناسىر قالماقمۇ دېيىلىدۇ)، ياسىن ئەھمىدى قاتارلىقلار جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىغا قوشۇلغاندىن كېيىن، جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى ئاقسۇغا يۈرۈش قىلغاندا باينىڭ مۇداپىئەسى ئۈچۈن قالدۇرۇلغان ھەم مەلۇم مىقداردا قورال ئوق - دورا بەرگەن، گومىنداڭچىلارنىڭ كوچاردا تۇرۇشلۇق قىسمى بايغا ھۇجۇم قىلىپ چىققاندا، ئۇلار شەھەر خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى تەلۋىچۈك كوۋرۈكى (باي بازىرىنىڭ شەرقى تەرىپىدە) بويىدا توسۇپ قاتتىق زەربە بەرگەن بولۇپ باي تارىخىدا ئۇنتۇلغۇسىز سەھىپە قالدۇردى. كېيىن ئاقسۇنى ئېلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ زور تۆھپە قوشتى. بولۇپمۇ ئىسمايىل ئېگەرچىنىڭ ئاقسۇدىكى ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقىنى ھازىرمۇ كىشىلەر ئەسلىشىدۇ. ئاقسۇدا بولغان ئۇرۇشتا گومىنداڭچىلار سېپىلىنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۇرۇش شىددەتلىك بولغان. قوشۇنغا يېڭىدىن قاتناشقان ئىسمايىل ئېگەرچى دۈشمەننىڭ سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ ئاتقان شىددەتلىك ئوقىغا قارىماي بىر يەشمەك ئوق، بىر دىكتار پىلىموت (تەخسىلىك پىلىموت)نى ئېگىز تېرەك ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ، گومىنداڭ سىلىكبۇسىنى شىددەتلىك ئوققا تۇتۇپ ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتقان، شۇندىلا جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىدىكى جەڭچىلەرنىڭ چېپ

كىنىشىنى مۇداپىئە قىلغانىدى، ئاخىرى دۈشمەن تەرىپىدىن بايقىلىپ مەرتلەرچە قۇربان بولغان.

ھاشىم بەگنىڭ سىڭلىسى توختىخان، ئابلەھەت، ئىمزاخۇن (ئونباشتىن)، توردى (ئونباشتىن 18 ياش)، يۈسۈۋاخۇن (يۈسۈپ تازمۇ دىيىلەتتى)، نىياز ئىبلى (باي بازىرى يېڭى بازاردىن بولۇپ، ئوغۇللار مەكتەپ- نىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى) قاتارلىق جەنۇبىي يۈنىلىش قوشۇنىغا يېڭى قان بولۇپ كىرگەن بىر تۈركۈم ئەز- مەتلەر تۇزئاۋات، قوغان قاتارلىق جايلاردىكى ئۇرۇش- تا قۇربان بولدى. توختۇنلۇق سۇلايمان قىزىلنى مۇداپىئە قىلىشتا ئالاقىچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بولۇپ، قىزىلنىڭ تېتىر دېگەن مەھەللىسىدە گومىن- داڭچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، ياغ چېچىپ ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈۋەتتى، قېيىردىن پىدائىيلىقتا قو- بۇل قىلىنىپ قېيىرنى مۇداپىئە قىلىشقا قالدۇرۇلغان ئەيسا سىدىق، تۇراپ قوربان، زايىت روزى، ھامۇتاخۇن (ھەممىسى قېيىر 10-كەنتتىن) قاتارلىقلارنى گومىن- داڭ ئەسكەرلىرى قېيىرغا قايتا چىققاندا تۇتۇۋېلىپ بوغۇزلاپ ئۆلتۈرگەن. قارىۋاغدىن مەمتىلى بەگ (مەمتىل خەزىچاڭ دەپمۇ ئاتىلاتتى) دېگەن ئوقۇمۇشلۇق كىشى، جەنۇبىي يۈنىلىش قوشۇنى تۇزئاۋات، قوغاننى ئېلىش ئۇرۇشى قىلىۋاتقاندا ئۆز ئىقتىسادىدىن ئاش- ئوزۇق، كۆش، ئوت-سامان قاتارلىق يېمەك-ئىچمەك- لەرنى يەتكۈزۈپ بەرگەن. ياقىشىرىقتىن ئىبراھىم

كىتاب تورى يىغقۇر www.uyghurkitap.com

ھاجىم دېگەن كىشى جەنۇبىي يۆتكىلىش قوشۇنىنى ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگەپ قالغاندا، ياقىنىراقتىكى ئاۋايلارغا نان ياقتۇرۇپ بىرقانچە ئون تاغار ناننى ئاپىرىپ بەرگەن ۋە ئۆزىمۇ ئائىلە بويىچە جەنۇبىي يۆتكىلىش قوشۇنىغا پىدائىي بولۇپ قاتناشقان. ئوغلى سۇلايمان ئىبراھىم (ھازىر ھايات) بىر قانچە قېتىم خىزمەت كۆرسىتىپ «باتۇرلۇق»، «ساداقەت»، «ئىستىقلالىيەت» قاتارلىق 5 دانە مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان، مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ.

ئومۇمەن باي ناھىيىسىدىن جەنۇبىي يۆتكىلىش قوشۇنىغا قاتناشقان پىدائىيلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ جەھەتتىن زور تولۇقلاش رولىنى ئويناپلا قالماستىن، يەنە بىر قانچە قېتىم ئۇرۇش داۋامىدا پىداكارلىق كۆرسەتتى. ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ئەرمىيە ئېلى ۋە باشقا زىيالىيلار ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قوشۇنغا قاتنىشىپ، قولغا ئالغان قورالنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھەر قايسى تەركىبىي قىسىملىرىدا تەشۋىقات، تەرغىبات، مەدەنىي ئاقارتىش، مالىيە، سىياسىي قانۇن خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى، بولۇپمۇ مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان ئوقۇتقۇچىلار غۇلجىغا چىققاندىن كېيىن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدىكى ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشتا تولۇقلاش رولىنى ئوينىغانىدى.

گومىنداڭنىڭ باي ناھىيىسىنى قايتا ئىشغال قىلغا
دىن كېيىن، باي خەلقىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ئېغىر كۈلپە
ـ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئابدۇكېرەم ئابباسوۋ
سوپاخۇن، قاسىمجان قەمبىرى باشچىلىقىدىكى جەنۇبـ
يۆنىلىش قوشۇنى 1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ بېشىـ
بويرۇققا بىنائەن موزداۋان ۋە قېيىر يولى بىلەن
قايتىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، گومىنداڭ ئىككىنـ
چى قېتىم باي ناھىيىسىنى قايتا ئىشغال قىلدى
شۇ ۋاقىتلا ئەسكەرلىرىنى كۆپەيتتى. يەنى تولۇق قورا
لانغان 195 - پولكنى تۇرغۇزدى. ئۇلار يېڭى بىنادى
پولك شتابى قىلىپ ئىگىلىۋالدى. 1946 - يىلى
6 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ تە
رەپ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئون بىر بىتىمنىڭ قا
رارىغا ئاساسەن، دېموكراتىك سايلام ئېلىپ بېرىش
بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئۇ قۇرۇق قەغەزگە ئايلىنىپ
قالغان. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ دېموكراتىك سايلىمىغـ
نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن ئەۋە
تىلگەن ھامۇت ئېزىز، روزى ئىبراھىم، ئەمەت راشىـ
دىن، ئېلى ئېزىز، مامۇت ھاشىملار كۇچا ناھىيىسىگـ
كەلگەندە گومىنداڭچىلار تۇتقۇن قىلىپ، ئۇلارنىڭ
رەسمىيەتلىرىنى مۇسادىرە قىلدى.

گومىنداڭچىلار باي ناھىيىسىنى قايتا ئىشغال
قىلغاندىن كېيىن خەلق ئۈستىگە تېخىمۇ ئېغىر زۇ
لۇم سالدى. ئالدى بىلەن يەرلىك ئەكسىيەتچى كۈچ
لەرنى سەپەرۋەر قىلىپ پۈتۈن ناھىيە بويىچە دئىلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇغرىلىرى»[1] غا قوشۇلغانلارنىڭ ئائىلە - تاۋاب-لىرى ۋە ياردەم بەرگۈچىلەرنى ئېنىقلاشنى يولغا قويۇپ، قىرغىن قىلىش ھەم تۇتقۇن قىلىشنى ئېلىپ باردى. مەسىلەن، قېيىرلىق ئابدەك ئېزىز ئون بەر بەتتەمدىن كېيىن 1946 - يىلى ئىلىدىن قايتىپ كەلگەندە «ئىلى ئوغرىلىرى»غا قوشۇلغان، دەپ ئۆلتۈ-رۈۋەتتى. قىزىلىدىن ھوشۇر بارات مىللىي ئارمىيىگە پىدائىي بولۇپ قوشۇلۇپ قىزىلنى مۇداپىئە قىلغان-دىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە بىلەن ئىلىغا چىقىپ كەتكەنلىكتىن ئۇنىڭ ئورۇق - تۇغقان، قان - قېرىن-داشلىرىدىن موسىراخۇن، ئابدۇقادىراخۇن، ئەھمەت مەمەت، ھېيتاخۇن ئۇستام ۋە يەنە، باشقا ئۈچ ئادەمنى قىزىل ئۆتەڭدە چېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇ ۋاقىتتا قىزىلدىنلا گومىنداڭ جاللاتلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئونغا يەتكەن. ھاشىم مىراپ، توختى مىراپ دېگەن كىشىلەرنىڭ ئۆي - ۋاق، يەر - زېمىنلىرىنى مۇسادىرە قىلغان.

سايرامدىن لىتىپ ھاجىم، ئابلىتىپ موپتائاخۇنۇم، جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى باي ناھىيىسىنى ئازاد قىلغاندا باي بازىرىغا كېلىپ جەنۇبىي يۆنىلىش قىسىم رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلاردىن ھال سورىغانلىقى ئۈچۈن كۇچادىن چىققان گومىنداڭ جاللاتلىرى لىتىپ موپتائاخۇنۇمنى ئېتىۋەتتى.

ماتېرىيالىمىزنىڭ بېشىدا ئىسمى قەيت قىلىن-غان جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىغا يول باشلىغۇچى

ساينىڭ ئەپەندىمنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى قىيىن - قى
تاققا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ يەر - زېمىن، چارۋا، ئۆ
ۋاقلىرىنى مۇسادىرە قىلغان.

ياقېئېرىقتىن ئىبراھىم ھاجىم دېگەن كىش
جەنۇبىي يۈنىلىش قوشۇنىغا ياردەم بەرگەنلىكى ھە
پۈتۈن ئائىلە بويىچە پىدائىي بولۇپ مىللىي ئارم
يىگە قاتناشقانلىقتىن، ئۇنىڭ ئائىلىسىدە قېپقالغا
50 مىڭ جىڭ ئاشلىق، مايلىقدان، 12 دانە گىلەم
200 پارچە، كېگىز، 120 دانە كالا، 17 ئات، 350
دانە مال قاتارلىق نەرسىلىرىنى مۇسادىرە قىلغان.
باي ئوغۇللار مەكتەپ (شەنلى مەكتەپ دەپمۇ ئاتاي-
تۇق) ئوقۇتقۇچىسى ئىنقىلابىي قۇربان نىياز ئېلى-
نىڭ بارلىق ئۆي - ۋاقىنى بۇلاپ كېتىپلا قالماي
خوتۇن، بالىسىنى (ئۇلار ھازىر ھايات بار) يېزىغا
ھەيدىۋەتكەن. مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. بىز
بۇ يەردە بىر قانچە پاكىتلارنى كۆرسەتتۇق.

باي خەلقىنىڭ بېشىغا چۈشكەن يەنە بىر بالايى-
ئاپەتلىك زۇلۇم شۇ بولدىكى، باي خەلقىنىڭ ئۈستىگە
يۈكلەنگەن ئۈچ يىللىق سېپىل ھاشىرىدىن ئىبارەت
بولدى. يەنى گومىنداڭ باي ناھىيىسىنى قايتا ئىش-
غال قىلغاندىن كېيىن، 1946 - يىلدىن 1949 -
يىلغا قەدەر پۈتۈن ناھىيىدىكى زۇلۇم، ئازاب چېكى-
ۋاتقان دېھقان، چارۋىچىلارنى مەجبۇرىي سېپىل ھاشى-
رىغا ھەيدىدى. ئۈچ يىللىق سېپىل سېلىش قىش -
ياز توختىمىدى. توختىمىغان يەرلەرگە بىر نەچچە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۇختاخۇنلار بېرەلدى. ئېگىزلىكى ئون مېتىر، كەڭلىكى 8 - 9 مېتىر كېلىدىغان، سوقما قىلىپ سېلىنغان داھىيە يازىرىنى ئايلاندۇرۇپ ياسالغان بۇ سېپىل ھاشىرىغا بالاغەتكە يەتكەن ئەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھەيداپ كېلىنىپلا قالماي، بىر قىسىم ئاياللار، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بالىلارمۇ ھەيداپ كېلىنگەن. مەنمۇ (قەلەم تەۋرەتكۈچى) 15 كۈندىن ئارتۇق ئىشلىگەنىدىم. ئەتىمىسى تاڭ سوزۇلۇش بىلەن ئىشقا چىقسا ئاخشىمى ئادەم - ئادەمنى پەرق ئەتكۈسىز قاراڭغۇ بولغىچە ئىشلەيتتى. يەرلىك ئەمەلدارلار قانلىق قامچىلىرىنى تۇتۇپ ئىشقا نازارەتچىلىك قىلاتتى. بۇ سېپىل ئازادلىقتىن كېيىن بۇزۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قىسمەن ئىزنالىرى، باي خەلقىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرى چەككەن زۇلۇم - كۈلپەتلىرىنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە ساقلىنىپ تۇرماقتا.

يۇقىرىقى ۋەقەلەر ھازىر ھايات بار شاھىدلارنىڭ ئەسلىمىلىرىگە ئاساسەن يېزىپ چىقىلدى، شۇنداقلا ۋالىيمىدىن ئۆتكەن بىر قىسىم پېشقەدەملەرنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسلىمىلىرىدىن پايدىلىنىلدى. ئېھتىمال توغرا بولماي قالغان، خاتا بولۇپ قالغان جايلىرى بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئەھۋالنى بىلىدىغان، بىۋاسىتە قاتناشقان يولداشلارنىڭ تولۇقلاپ، تۈزىتىپ كېتىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز. ھەمدە مۇشۇ ۋەقە ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان يولداشلارنىڭ ناھىيىمىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللار كىتابىنىڭ كېيىنكى سانلىرىدى

ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىشىنى سورايمىز.

تۆۋەندە يۇقىرىقى ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك ئىنـ
قىلابچىلارنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇشنى قوشۇمچە
قىلدۇق:

### 1944 - يىلى ئاقسۇدا قۇرۇلغان «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى»نىڭ باي ناھىيەسىدىكى ئاساسلىق ئەزالىرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

ئابدۇللا داۋۇتوپ باي ناھىيە بازىرىدىن، مەرـ
پەتپەرۋەر دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن
سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇغان
تارىخچى، ئۆلكىلىك سىفەندە، ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنـ
دە، باي ئوغۇللار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان. ئۇرۇمـ
چى مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىدا ئىشلىگەن.

«ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتچىلارنىڭ بىرسىـ
1945 - يىلى 9 - ئايدا ئاقسۇدا گومىنداڭ تەرىپىـ
دىن قەتلى قىلىنغان.

ئابدۇقادىر ئېلى باي ناھىيەسىنىڭ تۇغقۇن
يېزا، تىرەكقاغا كەنتىدىن، مەرھۇم ئىمىشىمەت قارىمـ
يە ئىلى سايرامىنىڭ ئىنىسى. ئاقسۇ گېزىتخانىسىدا
ئىشلىگەن. «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى»نىڭ ئەزاسى بولۇپ
1945 - يىل 9 - ئايدا، ئاقسۇدا گومىنداڭ جاللاتـ
لىرى تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان.

يۈسۈپجان نىيازى غۇلجىدىن، ئۆلكىلىك سىفەندە
ئوقۇغان. ل. مۇتەللىپ بىلەن ساۋاقداش. باي ئوغۇللا
مەكتىپىدە مۇدىر، ئاقسۇ سىفەندە ئوقۇتقۇچى بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«ئۈچقۇنلار ئىتتىپاقى»نىڭ ئەزاسى بولۇپ، 1945 - يىلى ئاقسۇدا گومىندالڭ جاللاتلىرى تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان.

ئوسمان قاسىم ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مائارىپ مۇپەتتىشى ئىدى. ئۆلكىلىك سىفەندە ئوقۇغان. «ئۈچقۇنلار ئىتتىپاقى»غا قاتناشقان. 1945 - يىلى ئاقسۇدا گومىندالڭ جاللاتلىرى تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان.

ئەخمەت يۈسۈپ باي ناھىيىسى ياقىمبىرىق بازار ئىچىدىن، ئۆلكىلىك سىفەندە ئوقۇغان. ل. مۇتەللىپنىڭ ساۋاقدىشى. ياقىمبىرىق باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ، «ئۈچقۇنلار ئىتتىپاقى»غا قاتناشقان. 1945 - يىلى ئاقسۇدا گومىندالڭ تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان.

نىياز ئېلى باي بازىرى يېڭى بازاردىن. ئوغۇللار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، 1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. شۇ يىلى ئاقسۇدا بولغان ئۇرۇشتا قۇربان بولغان.

### باي ناھىيىسىدىن 1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي جەنۇبىي يۈرۈش قوشۇنىغا پىدائىي بولۇپ قاتناشقانلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

كەنجى ئىبراھىم باي ناھىيىسىنىڭ ياتۇر يېزا يېڭى لەڭگەر كەنتىدىن، ئۆلكىلىك سىفەندە ئوقۇغان. ناھىيىلىك ئوغۇللار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان. ئازادلىقتىن كېيىن. قارىماي شەھىرىنىڭ باشلىقى بولغان.

دەم ئېلىشقا چىقىپ 1985 - يىلى ۋاپات بولدى.

ھامۇت يولداش باي ناھىيىسىنىڭ قىزىل يې
سىدىن. ئوقۇتقۇچى ئىدى. 1945 - يىلى مىللـ
ئارمىيىگە قاتناشقان. ئازادلىقتىن كېيىن كەسـ
ئالمىشىپ ئاپتونوم رايونلۇق 2 - سودا نازارىتىنـ
نازىرى، ئاپتونوم رايونلۇق كوپېراتسىيە ئىدارىسىنـ
باشلىقى بولغان، 1994 - يىلى ۋاپات بولدى.

ماھمۇت نىياز باي ناھىيىسىنىڭ ياقىمبۇر
باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ئىدى، 1945 - يىـ
مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان، ئازادلىقتىن كېيىـ
ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىـ
خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغان. ۋاپا
بولۇپ كەتتى.

ئەھمەت غازى باي ناھىيىسىدىن. باي ناھىيە
لىك باج ئىدارىسىنىڭ كادىرى ئىدى. 1945 - يىلى
مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان، جەنۇبىي شىنجاڭ
ھەربىي رايونىدا مەسئۇل خىزمەت ئىشلىگەن ھەم
مۇئاۋىن سىلىڭيۈەن بولغان. دەم ئېلىشقا چىققان
بولۇپ ھازىر ئۈرۈمچىدە.

مەھەممەت ھاشىم باي ناھىيىسىنىڭ ياتۇر يې
زىسىدىن بولۇپ ئوقۇتقۇچى ئىدى. 1945 - يىلى
مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان. كەسىپ ئالماشقاندىن
كېيىن ئاقسۇ ۋالىي مەھكىمە مەدەنىيەت - مائارىپ بۆ
لۈمىنىڭ باشلىقى، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى،
ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن يېزىلىجاگى

بولغان.

ئابدىكېرىم داۋۇت باي ناھىيىسىنىڭ تۇخسۇن يېزا تېزەكقاغا كەنتىدىن. ئوقۇتقۇچى ئىدى. 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان. ئازادلىقتىن كېيىن كەسىپ ئالماشىپ شايار ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، ۋىلايەتلىك تېپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، باي ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. ھازىر دەم ئېلىشتا.

ئەيسا توختى باي ناھىيىسىنىڭ سايرام يېزىسىدىن. سايرام باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ئىدى. 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان. كەسىپ ئالماشقاندىن كېيىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسى، چارۋىچىلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. ھازىر دەم ئېلىشتا.

تۇردى توختى (پولاتوپ) باي ناھىيىسىنىڭ ياتۇر يېزىسىدىن بولۇپ ئوقۇتقۇچى ئىدى. 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان. باتالىئون سىياسىي كومىسسارى بولغان. كەسىپ ئالماشقاندىن كېيىن باي ناھىيىسىنىڭ ئومباش رايونىغا رايون باشلىقى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك بەخت سانائورىيىسىنىڭ يۇەنجاڭى بولغان، ۋاپات بولۇپ كەتتى.

سادىق ئەمەن (سادىقجان) باي ناھىيە بازار ئىچىدىن بولۇپ باي ئوغۇللار مەكتەپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان. ئازادلىقتىن كېيىن ئاقسۇ ناھىيىلىك خەلق قورۇلمىق

بۇسىنىڭ باشلىقى، ۋىلايەتلىك شەھەر قۇرۇلۇش با
لىقى بولۇپ ئىشلىگەن. ۋاپات بول
كەتتى.

يۇسۇپ ئەيۇبى  باي ناھىيىسىنىڭ بۇلۇڭ يېز
سىدا ئوقۇتقۇچى ئىدى. 1945 - يىلى مىللىي ئا
مىيىگە قاتناشقان. ئازادلىقتىن كېيىن باي ناھىي
لىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدە جۈيجاڭ، ئا
تونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش كومىتېتىدا باشقارما با
لىقى قاتارلىق مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئىشلىگەر
ۋاپات بولۇپ كەتتى.

شاۋۇدۇن  باي بازار ئىچىدىن. ئاشپەز ئىدى
1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان. ئازاد
لىقتىن كېيىن مورى ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان.

نەمشېھەت ئارمىيە ئېلى  باي ناھىيىسىنىڭ توخ
سۇن يېزا تىزەك قاغا كەنتىدىن. باي ناھىيىسىد
ئوقۇتقۇچى، ئاقسۇ كېزىتخانىسىدا مۇھەررىر بولۇ
ئىشلىگەن، 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتن
شىپ مىللىي قوشۇن باش شتابىدا ۋە «ئىتتىپاق
ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتىدە ئىشلىدى. ئازادلىقتى
كېيىن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ يا
غۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جە
ئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي ك
ڭەشنىڭ ئەزاسى، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونل
خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ناھىيىلىك سىياس
كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن. «م

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەنىيەت ئىنقىلابى»دا لىن بىياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گورۇھ»نىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ 1972 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى. 1979 - يىلى 3 - ئايدا ئۇنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ياسىن ئەھمەدى (ياسىن سەتتەگەۋ دېيىلەتتى) باي ناھىيەسى تەرەققىيات شىركىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى. 1945 - يىلى 17 - ئاۋغۇست باي ئازاد بولغاندا ناھىيىلىك ساقچىغا جۈيجاڭ بولغان. مىللىي ئارمىيە غۇلجىغا قايتقاندا مىللىي ئارمىيە سېپىگە قاتناشقان. غۇلجا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. كېيىن قازاقىستانغا چىقىپ كەتكەن ۋە شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتتى.

ئابدىراخمان ھاپىز باي ناھىيەسىنىڭ قىزىل يېزىسىدىن بولۇپ، ئومباش يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئىدى. 1945 - يىلى ئارمىيىگە قاتناشقان، روتا كوماندىرى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن كۇچا ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە باشلىق بولغان، ۋاپات بولۇپ كەتتى.

نۇر روزى باي بازىرى تېتىر كەنتىدىن. باي ئوغۇللار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان. ئازادلىقتىن كېيىن كەسىپ ئالمىشىپ رايون باشلىقى، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى،ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ھەيئىتى بولغان، ۋاپات بو-

لۇپ كەتتى.

ئابلەز موسا باي ناھىيە ياقىئېرىق بازار ئىچىدىن. ياقىئېرىق باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ئىدى، 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان. ئازادلىقتىن كېيىن ئىلى دولان دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى بولغان، ۋاپات بولۇپ كەتتى.

ئېلى ئەزىز باي بازار ئىچىدىن. ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى سانايى نەپىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيە سېپىگە قاتناشقان، ئون بىر يىتتىدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا ئىشلىگەن، ئازادلىقتىن كېيىن باي، ئاقسۇ، قەشقەر سەنئەت ئۆمەكلىرىدە، كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكىدە ئىشلىگەن، ھازىر دەم ئېلىشتا.

قۇربان ئابدۇللا باي ناھىيىسىنىڭ كانچى يېزا سۇلگۇن كەنتىدىن، ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما سانايى نەپىسىنىڭ سازچىسى ئىدى. 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان. ئازادلىقتىن كېيىن كەسىپ ئالمىشىپ رايون باشلىقى، ۋىلايەتلىك ماۋچاڭنىڭ باشلىقى بولغان، ھازىر دەم ئېلىشتا.

ھاشىم داۋۇت ئوقۇتقۇچى ئىدى. 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان. ئازادلىقتىن كېيىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى بولغان، ۋاپات بولۇپ كەتتى.

ھامۇت ئېزىز باي ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدىن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. باي ناھىيىسى ئازاد قىلىنغاندا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدا ئىشلىگەن ۋە 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان. ئون بىر بىتىمدىن كېيىن ئاقسۇغا خىزمەتكە مېڭىپ كۇچا ناھىيىسىگە كەلگەندە، كۇچادا تۇرۇشلۇق گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىش خەۋپىگە دۇچ كېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتقان. مائارىپ نازارىتىدە ئىشلىگەن. 1955 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن، 1988 - يىلى تاشكەنتتە ۋاپات بولغان.

ئىبراھىم ياقۇپ باي بازىرى شەھەرلىك مەھەللىسىدىن، ئوغۇللار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان بولۇپ، قوشۇندا پىلىموتچىك، ئىزۋوت كوماندىرى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ئوقۇتقۇچى، مەكتەپ مۇدىرى، ناھىيىلىك كىنوخانىنىڭ مەسئۇلى، ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مالىيە خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن، ھازىر دەم ئېلىشتا.

روزى توختى ئوقۇغۇچى بولۇپ 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان. كەسىپ ئالماشتۇرغاندىن كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدا.

مىجىت غوجارى باي بازىرى شەھەرلىك مەھەللىسىدىن بولۇپ ئوقۇغۇچى ئىدى. 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان ۋە دوختۇر بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ كۇچا ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دوختۇرى بولغان، ھازىر دەم ئېلىشتا.

سولايمان ئىسمايىل باي ناھىيە بازار ئىچىدىن ئوقۇغۇچى ئىدى. 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن كەسىپ ئالماشىپ ناھىيىلىك تەمىنات سودا كوپېراتىپىدا ئىشلىگەن، ۋاپات بولۇپ كەتتى.

ھاشىم بەگ باي ناھىيە مەرچىغ يېزىسىنىڭ ياقۇتان مەھەللىسىدىن. ئاتاقلىق تەرجىمان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى باي ناھىيىسىنى ئازاد قىلغاندا ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولغان. جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى ئىلىغا چېكىنگەندە مىللىي قىسىم بىلەن چىقىپ كەتكەن ۋە سىياسىي بۆلۈم كادىرى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن باي ناھىيىلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان، ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسىدا تەرجىمان بولۇپ ئىشلىگەن، 1968 - يىلى ۋاپات بولغان.

روزى ئىبراھىم باي ناھىيە بازار ئىچىدىن، باي ناھىيىلىك ئوغۇللار مەكتىپى (ھازىرقى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ)نىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيە سېپىگە قاتنىشىپ ئىلىغا چىققاندا، غۇلجا باش ساقچىدا ئىشلىگەن. بىتىمدىن كېيىن بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ دېموكراتىك سايلام خىزمىتىگە ماڭدۇرۇلغان. كۇچاغا كەلگەندە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ قامالغان. قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن بايغا قايتىپ چىقىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىدا ئىشلىگەن. ئازاد-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىقتىن كېيىن ياقېرىق رايونىنىڭ رايون باشلىقى، ئاھىيىلىك مەدەنىي - مائارىپ بۆلۈمىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى بولغان، 1968 - يىلى ۋاپات بولۇپ كەتتى.

مامۇت ھاشىم باي ئاھىيە بازار ئىچىدىن، ئۇيغۇر ئۇيۇشما كادىرى ئىدى. 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتنىشىپ ئىلىغا چىققان. بىتىمدىن كېيىن بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ دېموكراتىك سايلام خىزمىتىگە كېتىۋېتىپ كۇچا ئاھىيىسىگە كەلگەندە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ قامالغان. قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن بايغا چىقىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىدا ئىشلىگەن، ئازادلىقتىن كېيىن ئاھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە، تاشقى سودا ئىدارىسىدا ئىشلىگەن، 1986 - يىلى ۋاپات بولدى.

ياسىن ھوشۇر باي ئاھىيىسىدىن، ئوغۇللار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان، ھازىر غۇلجىدا دەم ئېلىشتا.

سەپەر ئاۋۇت باي ئاھىيىسىدىن، ئوغۇللار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان.

سالى نىياز باي ئاھىيىسىدىن، دارىلىتام مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان.

ئەمەت ھادى باي ئاھىيىسىدىن، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ كادىرى ئىدى، 1945 -

يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان.

ھەمرايوپ، پاتەم توختاش ئەر - ئايال ئىككىسى ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ كادىرى ئىدى، 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان.

مەمەتنىياز توختى باي بازار ئىچىدىن، ئۇيغۇر ئويۇشما كادىرى ئىدى. 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتنىشىپ غۇلجىغا چىقىپ، بىتىمدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ ئۇيغۇر ئويۇشمىسىدا ئىشلىگەن. ئازادلىقتىن كېيىن ناھىيىلىك 2 - يېزىنىڭ سانائەت ئىدارىسىدا ئىشلىگەن، ھازىر دەم ئېلىشتا.

ھەسەن نۇرى ناھىيىلىك تەرەققىيات شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ئىدى. 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بىلەن ئىلىغا چىقىپ مالىيە ئىدارىسىدا ئىشلىگەن، ھازىر قەشقەردە.

توختاش سابىرى باي ناھىيىسىنىڭ ئومباش يېزىسىدىن، سانائى نەپىسىنىڭ سازچىسى ئىدى. 1945-يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان. كېيىن قىرغىزىستانغا چىقىپ كەتكەن، ۋاپات بولۇپ كەتتى.

ياسىن سىدىق ناھىيىلىك ساقچى نوپۇس بۆلۈمىنىڭ خادىمى ئىدى. 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان. ئازادلىقتىن كېيىن ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىدا ئىشلىگەن، 1994 - يىلى ۋاپات بولدى.

ئىدرىس روزى باي ناھىيىسىدىن، ناھىيىلىك باجخانا كادىرى ئىدى. 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان. بايانداي ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغان. ئاقسۇ

37 - پولك (مىللىي ئارمىيە) ئارقا سەپ تەمىنات ترانسپورت لىيەنىنىڭ زىداۋىيۇەنى بولغان. كەسىپ ئالماشقاندىن كېيىن رايونلۇق ھۆكۈمەتتە ئىشلىگەن. ھازىر ئائىلىسىدە.

ئەھەت راشىدىن باي ناھىيىسىنىڭ سايرام يېزىسىدىن، ئۇيغۇر ئۇيۇشما سانائى نەپىسىنىڭ سەنئەتچىسى ئىدى. 1945 - يىلى باي ناھىيىسى ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن يېڭى ساقچى ئىدارىسىدا ئىشلىگەن. مىللىي ئارمىيە قوشۇنى بىلەن ئىلىغا چىققان، بىتىمدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىدا ئىشلىگەن. ئازادلىقتىن كېيىن مەدەنىيەت يۇرتى، ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈم، قىزىل مەك ئۆيى، سايرام ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلىگەن، ھازىر دەم ئېلىشتا.

ئىسمايىل قۇربان باي بازىرىدىن، ئوغۇللار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان.

مامۇت راخمان باي ناھىيىسىنىڭ ياتۇر يېزىسىدىن، ئوقۇتقۇچى ئىدى، 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان.

مەمەتنىياز قاسىم باي ناھىيىسىدىن، توقسۇن يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئىدى. 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان. ئازادلىقتىن كېيىن كەسىپ ئالمىشىپ ۋىلايەتلىك مائارىپ بۆلۈمى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ئاپتونوم رايونلۇق رەڭلىك مېتال شىركىتىدە ئىشلىگەن، ۋاپات بولۇپ

كەتتى.

سىدىق سادىر باي بازار شەھەرلىك مەھەل-
لىدىن، ساقچى ئىدارىسىدا ئىشلىگەن، 1945 - يىل
مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان.

سالى ھامىدى باي ناھىيىسىدىن، ياقېرىق با
لانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ئىدى.

ئابلا ھەسەن باي ناھىيىسىدىن، باي ئوغۇل
مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. يۇقىرىقى ئىكك-
كىشى 1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان.

ئوسمان توختى باي بازار ئىچىدىن، باي ناھ-
يىسىنىڭ قارىۋاغ يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئىدى. 1945
يىلى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان، ھازىر ئائىلىسىدە

مەتەل خويجاك باي ناھىيىسىنىڭ قارىۋاغ
يېزىسىدىن. شېڭشىسەي دەۋرىدە دېھقانلار رەئىسى بول
غان، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ
قوغاننى ئېلىش ئۇرۇشىغا ماددىي جەھەتتىن زو
ياردەم بەرگەن. مىللىي ئارمىيە قوشۇنلىرى بىلەن
غولجىغا چېكىنىپ كېتىپ بېتىمەدىن كېيىن قايتىپ كەلگەن

كەنجى نىياز باي ناھىيە ياقئېرىقتىن، ياقئېرىق
باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى.

ياسىن داۋۇت باي بازار ئىچىدىن. باجخانا كا
دىرى ئىدى. يۇقىرىقى ئىككى كىشى مىللىي ئارمىي
قوشۇنى بىلەن ئىلىغا چېكىنىپ بېتىمەدىن كېيىن قايت
كەلگەن، بۇلار ۋاپات بولۇپ كەتتى.

بىر قىسىم پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئەسلىمىسىگە
قارىغاندا، جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى باي ناھىيىسىدىن
300 دىن كۆپرەك پىدائىي جەڭچى قوبۇل قىلغان، ئۇ-
نىڭدىن سىرت يەنە بىر بۆلەك كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن
قوشۇن بىلەن چىقىپ كەتكەن. بىز بۇ يەردە ئاز بىر
قىسىم يولداشلارنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردۇق. ماتې-
رىيال بىلەن تەمىنلىگەن يولداشلارغا چوڭقۇر رەھمەت ئېي-
تىش بىلەن، ھايات بارۋە شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى بىلى-
دىغان يولداشلارنىڭ توغرا بولمىغان جايلىرىغا تۈزى-
تىش بېرىپ، ناھىيىمىزنىڭ تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن
بۇ ۋەقەنىڭ توغرا بولۇشىغا ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد
قىلىمىز.

باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ
ماتېرىياللار كومىتېتى

1990 - يىلى 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى



www.uyghurkitap.com

## باي ناھىيىسىدىكى «ئاقتاغ ۋەقەسى» توغرىسىدا

توختى سەيىت

«ئاقتاغ ۋەقەسى» 1937 - يىلى 10 - ئاي
باشلىنىپ، 1938 - يىلى 1 - ئايدا ئاخىرلىش
ناھىيىمىزنىڭ ياشانغان كىشىلىرى تا بۈگۈنگ
ئەستىن چىقارماي، باللىرى ھەم نەۋرە - چەۋرىلىر
سۆزلەپ بېرىپ كېلىۋاتقان يېقىنقى زامان ب
تارىخىدىكى تىپىك ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى

ئاقتاغ — ناھىيىمىزنىڭ شىمالىغا جايلاش
بولۇپ، ناھىيە بازىرىدىن 80 كىلومېتىر يىراقلى
قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئور
ئەۋزەل چارۋىچىلىق شارائىتىغا ۋە مۇداپىئەلىن
ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، غەرب تەرىپى «ئ
يايلاق»قا، جەنۇبىي تەرىپى «باسالغى»غا، ش
تەرىپى «تەلۋىچۈك» ئېقىنىغا تۇتىشىدۇ،
مالىي تەرىپى ئىلىنىڭ تېكەس ناھىيىسى بى
چېگرىلىنىدۇ.

«ئاقتاغ» ئۈستىدە يىل بويى ئېرىمەيدىغ
قار - مۇزلارنىڭ يىراقتىن ئاپئاق كۆرۈنۈپ تۇر

انلىقى سەۋەبلىك، تارىختىن بۇيان «ئاقتاغ» —
قارلىق تاغ) دەپ ئاتالغان. كىشىلەر ئېغىزىدا ئېيت-
ىلىپ كېلىنىۋاتقان «ئاقتاغ ۋەقەسى» مانا مۇشۇ
جايدا يۈز بەرگەن.

## ئاقتاغ ۋەقەسى

«ئاقتاغ ۋەقەسى» جاللات شېڭشىسەي ئۆز ھا-
كىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن سابىق سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ئارمىيە كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئاقسۇ-
دىن كەلگەن ئابدۇللا تۆەنجاڭ②، روسىيە ۋە قىرغى-
زىستاندىن كەلگەن دىمىتروپ ئىۋانوۋىچ②، سەربايوپ②
ۋە كۆرۈلۈپ④ قاتارلىق رۇس قوماندانلار باشچىلىقى-
دىكى ئەسكەرلەرنىڭ قىرغىزىستاندىن قېچىپ
كەلگەن⑤ مەنسۇرنى يوقىتىش ئۈچۈن 1937 - يىلى
10 - ئايدىن 1938 - يىلى 1 - ئاينىڭ ئاخىرى-
غىچە «ئاقتاغ»دا قىلغان ئۇرۇشى ۋە ئۇ جايدا يۈز
بەرگەن دەھشەتلىك پاجىئەلەر — ناھىيىمىزدە «ئاقتاغ
ۋەقەسى» دەپ ئاتالغان.

* * *

مەنسۇر (شامەنسۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ.) قىرغىز
مىللىتىدىن، ئېگىز بوي، ئاق سېرىق، پېشانىسى كەڭ،
مەڭزى قىزىل، ساقال، 40 نەچچە ياشلاردىكى
دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك ئادەم بولۇپ، ئۇ سابىق سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ قىرغىزىستان رېسپوبلىكىسىدىن.
مەنسۇر، قىرغىزىستاندا ئىستالىن دەۋرىدىكى (دى-

ىنىي جەھەتتىكى) سىقىلىشىنى خالىمىغانلىقى ۋە
لىستىنىڭ ئۆزگەرتىشىنى قوبۇل قىلمىغانلىقى سەۋ
ئىنىسى ھەسەن قاتارلىق ئائىلە-تەۋابىئاتلىرى
ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىلىرىنى ئېلىپ، 1936-
ھازىرقى «قاراقول» ئارقىلىق چېگرىدىن ئۆ
ئۈچتۇرپانغا كەلگەن. ئۇ يەردىن قادىرقول قا
قىرغىز قېرىنداشلىرىنى ئېلىپ، ئاقسۇ كونا ش
ناھىيىسىنىڭ بوزدۆڭگە تەۋە «چوڭ تېرەك»
يېرىگە ئورۇنلاشقان، بۇ يەردە بىر يىلچە تـ
ئۇ يەرنىڭ يەر-شارائىتىنى قولايسىز كۆرۈپ
غاندا، باي ناھىيىنىڭ تېرەك تەۋەلىكىدىن با
ئامانباي② دېگەن قىرغىز كىشىنىڭ يول كۆرسىت
بىلەن، باي ناھىيىسىنىڭ «تېرەك» چارۋىچى
رايونىغا كەلگەن. بۇ چاغدا تېرەكتە ئولتۇرۇش
ئىناۋەتلىك يۇرت بېشى باي چارۋىدار — ئابلىز
خوتەنلىك⑦ (ئۇيغۇر)نىڭ يول كۆرسىتىشى بىـ
«ئاقتاغ»قا چىقىپ ئورۇنلاشقان ھەمدە ئابلىز
بىلەن ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتتە ئۆتكەن.
ۋاقىتتا مەنسۇرنىڭ ئاساسلىق مىلتىق تۇتقان ئادە
22 كىشى بولۇپ، ئائىلە - تەۋابىئاتلىرى ئۇرۇ
تۇغقانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، 150 كە يېقىن ئادە
بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىشلەتكەن قوراللىرى سېر
قونداقلىق قورال (9 ئاتار مىلتىق)، بىر دانە دۆ
بۇن بولۇپ (دۆربۇننى مەنسۇر ئۆزى ئىشلىتەتتى
ئۇنىڭدىن تاشقىرى يەرلىكتە سوقۇلغان، 6،5 قىلىچ

www.uyghurkitap.com

بار ئىدى. ئوق-دورىلارنى بولسا ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى يەرلىك ئۇسۇلدا ياساپ بېرەتتى. ئۇلار ئالدىنقى سەپ ۋە ئارقا سەپكە ئايرىلىپ، ئىككى جايغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئارىلىق سەككىز كىلومېتىر كېلەتتى. ئارقا سەپ ئون ئاق ئۆيگە ئورۇنلاشقان بولۇپ، مىنسۇرنىڭ ئىككى خوتۇنى ۋە ئانىسى ئاشۇ يەردە تۇرۇپ ئارقا سەپتىكى ئىشلارغا قوماندانلىق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ باشقا تەرەپتىن كېلىدىغان ياردەم كۈچى بولمىغاچقا، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش ئېلىپ باراتتى.

*　*　*

شۇ كۈنلەردە باي بازىرىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسكەر كۈچىنى كۆپەيتىپ، شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرىگە قارشى شەرقتە باي بىلەن كۇچا ئوتتۇرىسىدىكى داۋانغا، غەربتە ياقىربىقتىكى چوقىغا ئەسكەر تۇرغۇزۇشنى پىلانلىغان شەھەر مۇداپىئە سىلىڭى (خۇيزۇ) كېيىنكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزى ئۈچۈنمۇ، مەنسۇر ئۈچۈنمۇ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەنسۇرغا كۆپلەپ ئاق ئۇن، كىيىم-كېچەك ۋە باشقا لازىمەتلىك نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىپ چىقارتىپ، ئۇنىڭ زور ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن 1973-يىلى 9-ئاينىڭ 15-كۈنلىرى مەنسۇرنى ئەسكەرلىرى بىلەن ئەمىنا خۇن ھايچاپاننىڭ ئۆي مەھەللىسىدىكى بېغىغا تەكلىپ قىلىپ زىياپەت بەرگەن. ئاخىرىدا مەنسۇر بىلەن بىرگە كەلگەن بىر قىرغىز ئايالنى شەھەر مۇداپىئە سىلىڭى نىكاھىغا ئېلىپ، ئىككى تەرەپ قۇدا بو-

لۇشۇپ شېڭشىسەيگە قارشى ئىتتىپاق تۈزگەنىد…
نەتىجىدە، مەنسۇر باي بىلەن كۆچا ئوتتۇرىسىدا…
داۋانغا مەسئۇل بولۇپ، ئەسكەرلىرى بىلەن قىز…
تەرەپكە ماڭغان. بۇ چاغدا مەن (توختى سېيىت) ئە…
تاخۇن ھايچاپاننىڭ ئۆي مەھەللىسىدىكى بېغىدا ب…
لۇپ، شەھەر مۇداپىئە سېپىلىگە مەجبۇرىي ئەسكەرلىك…
تۇتۇلغان ئىدىم. شەھەر مۇداپىئە سېپىلى بولسا شەھەردى…
ھۈنەرۋەن كاسىپلارنى يىغىپ ئەسكەرلىرىگە كىيى…
كېچەك، ئېگەر-توقۇم تىكتۈرگەچ، شۇ باغنى شتا…
قىلىپ تۇرۇۋاتقانىكەن، ئۇلارنىڭ تەييارلىق…
پۈتكەندىن كېيىن ياقۇپ تۆەنجاڭ، ئابدۇراخمان جىن…
جاڭ… قاتارلىق كىشىلەرنىڭ باشچىلىقىدا ياقىرېقتىكى…
چوقىنى توساشقا يۈرۈپ كەتتى. ۋەھالەنكى بۇ ئىشتىن…
خەۋەر تاپقان شېڭشىسەي بىلەن سوۋېت تەرەپ ھەم…
كارلىشىپ، شەرق تەرەپتىن كىرولوپ قوماندانلىقىدىكى…
بىر ۋزۋوت قىرغىز ئەسكەرلىرى، غەربتىن ئابدۇل…
تۆەنجاڭ قوماندانلىقىدىكى بىر پولك شېڭشىسەي…
ئەسكەرلىرى 1937-يىلى 9-ئاينىڭ 25-كۈنى…
كېچىدە شەھەر مۇداپىئە سېپىلىگى ۋە مەنسۇر ئەسكە…
لىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن قوشۇن تارتىپ كەلدى…
بۇ چاغدا ئۆز كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىنى بايقىغان شە…
ھەر مۇداپىئە سېپىلىگى ھەر ئىككى تەرەپتىكى ئەسكە…
لەرگە «ئاق تاغ»قا چېكىنىش بۇيرۇقى چىقارغا…
ئىدى. بىراق، ئەينى ۋاقىتلاردا شەھەر مۇداپى…
سېپىلىگە ئەگىشىپ خوتەندىن بىللە كەلگەن بىر قى…

خۇيزۇ، ئۇيغۇر ئەسكەرلەر: «بىزگە تاغدا نېمە بار بىز ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ كېلىپ تاغقا چىقىمىز مۇ؟... تاغدا نېمە يەيمىز، نېمە كىيىمىز...؟» دەپ تاغقا چىقىشقا ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، شەھەر مۇداپىئە سېپىلىنىڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدە ئىككىگە بۆلۈنۈش ۋە ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ، چېكىنىش سۈرئىتى ئاستىلاپ قالدى. بىز چىڭ فاڭ سېپىلىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سۈرئىتىنى ئاستىلاتماي، مەن، چۆچەلىك تۇختى (كۆلۋاغ 4 ـ كەنتتىن)، تاش سايىم ئۈچەيمىز يەنىلا شەھەر مۇداپىئە سېپىلىنىڭ قىرغىز خوتۇنىنى ئاتلىق مۇھاپىزەت قىلىپ، ئاقتاغقا ئېلىپ ماڭغانىدۇق. بىز «كۆلئاتا مازار» (دۆڭ مازار) نىڭ ئۈستىگە چىققاندا، كۈن قىزاردى. قىزىل تەرەپكە قارىساق، ئىس ـ تۈتەك، چاڭ ـ توزاڭلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

بىز يەنىلا ئارام ئالماي مېڭىپ خۇپتەن بىلەن «باسالغا» ⑦ دېگەن جايغا يېتىپ كېلىپ، بىر مالچىنىڭ كەپىسىگە چۈشۈپ قوندۇق. ئەتىسى ماڭايلى دەپ تۇرساق، مەنسۇر ئەسكەرلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇقساق: مەنسۇرمۇ ئىككى تەرەپتىن قورشاپ كەلگەن شىڭشىسەي ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، «ئاقتاغ» قا چېكىنىپ ماڭغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىزنىمۇ ئۆزى بىللە مېڭىشقا بۇيرۇدى. بىز ئىلاجسىز ماڭدۇق. ناماز شام بىلەن «ئارال قاپسىلاڭ»غا يېتىپ كېلىپ چۈشتۇق (قاپسىلاڭ دەرياسىنىڭ غولى ئىككى بولۇپ، بىر تارمىقى

باغباغىنىڭ ئاستىدىكى «ئارا قاپىسىنىڭ»، يەنە بىر قارىم
خان يايلاقىنىڭ ئالدىدا «بىلەيلىك قاپىسىنىڭ». د
ئاتىلىدىكەن). بىز چۈشكەن ئاراقاپىسىنىڭ ئىك
تەرىپى ياردەك تىك بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى جىلغىدا
ئاقىدىكەن. چارۋىچىلار بۇ تاغ ئېغىزىنى «قارا
قا»دەپ ئاتايدىكەن ھەم بۇ يەرنىڭ ئاستىدا بى
بورا كەپە بار بولۇپ، ئۇنىڭ تېگىدە تاغارغا قاچ
لاقلىق دۆۋە - دۆۋە ئاق ئۇن بار ئىكەن (ئەسلىدە
بۇ ئورۇنلارنى شەھەر مۇداپىئە سېلىگى مەنسۇر بىلەن
ئېيتىشىپ تۈزگەندە، باي بازىرىدىكى ئاشلىق سال
ىكەن). مەنسۇر ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق قىلىپ: «ئۈزلى
ئاشلىغىلەرگە ئېلىۋېلىڭلار» (ئارقا سەپنى دېمەكچى)،
دېدى، ئەسكەرلەر ئالغان بولسىمۇ، يول ياخشى بول
مىغاچقا ھەم ئاريلىق سەككىز كىلومېتردىن يىراق
بولغاچقا، ئالغان ئۇنلىرىنى قارىغاي ئاستىغا يىغ
شۇرۇپ قويدى. مەنسۇر قاپىسىلاڭ ئېغىزىغا ياندىش تاغ ئۈس
تىگە ئاكوپ قېزىپ (رەقىبلىرىنى باسانغا تەرەپتىن
كېلىدۇ دەپ ئويلاپ) ئورۇنلاشقانىدى. بۇ چاغدا
چوڭ توختى قاتارلىق ئەسكەرلەر شۇ يەردە قالغان
بولۇپ، تاش بىلەن مېنى ئارقا سەپكە بېرىشقا بۇي
رۇدى. ئىككىمىز ئارقا سەپكە (مەنسۇرنىڭ خوتۇن
بالىلىرى تۇرۇۋاتقان جاي) غايىپ دەسلەپتە مەنسۇر-
نىڭ قويلىرىنى باقتۇق، كېيىن ئوتۇن - ياغاچ يىغدۇق،
ئالدىنقى سەپكە ئۇزۇق - تۈلۈك ۋە ئوق - دورا توشۇپ

تۇردۇق. ئالدىنقى سەپكە ھەرقېتىم بارغاندا، مەنسۇر-
نىڭ گەپ-سۆزى بولسا ئاڭلاپ، خەۋىرىنى ئارقا
سەپكە يەتكۈزەتتۇق.

ھاۋا ئوچۇق بولغان بىر كۈنى، باسالغا تەرەپتىن
ئاتلىقتەك ئادەم دىئارا قاپساڭەدىكى بورا كەپە
بار جايغا يېتىپ كەلگەندە، مەنسۇر دۇربۇن بىلەن
كۆزدىتىپ، ئۇلاردا قورال يوقلۇقىنى جەزىم قىلىپ
تاغدىن چۈشتى، دەرۋەقە ئۇلار ئابلىزخان قاتارلىق
(ئىلگىرى شەھەر مۇداپىئە سىلىنغى بىلەن بىراۋەش-
كەن) پولك، روتا كوماندىرلىرى ھەم يارىلىك
ئەمەلدارلار ئىكەن (شەھەر مۇداپىئە سىلىنغىنىڭ ئەس-
كەرلىرى چېچىلىپ ۋەيران بولغاندىن كېيىن). ئابدۇللا
تۆمۈرجاڭ ئۇلارنى يىغىپ، ياخشى گەپلەر بىلەن مەنسۇرغا
ئەلچى قىلىپ چىقارتقان ھەم بىر پارچە خېتىمۇ
يازغانىدى. خېتىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىكەن:

— «شامەنسۇرغا، ئۇرۇشتا يېڭىلگەن بارلىق
پولك، روتا كوماندىرلىرى تەسلىم بولۇپ بىزنىڭ
قولىمىزغا چۈشتى. ئۇلارنى ۋەكىل قىلىپ سىزنىڭ
ئالدىڭىزغا چىقاردۇق. سىز بارلىق قوراللارنى تاپ-
شۇرۇپ تەسلىم بولۇڭ. ئەگەر تەسلىم بولمايدىكەنسىز
ئايروپىلان بىلەن بومباردىمان قىلىپ تىرەپىرەن
قىلىۋېتىمىز.»

— ئابدۇللا تۆمۈرجاڭ.

دەپ يازغانىدى.

مەنسۇر بىلەن ئابلىزخان خېلى ئۇزاق سۆھب-

بەتلەشكەندىن كېيىن، مەنسۇر ئابلىزخانغا: «ئ
ئاخىر سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، مەن سىز بىلەن بى
چۈشەم مېنىمۇ بالا- چاقىلىرىم بىلەن قوشۇپ ئ
تۈرۈۋېتىدۇ. ھېچكىم تىرىك قالمايدۇ. ئۇلار د
ئۇسۇلى؛ «ئىتنى بوراپ، توشقاننى تۇتۇش؛ ئاند
ئىتنى ئۆلتۈرۈش، توشقاننى بوراپ ئاغمىخا
سېلىش؛ ئاخىردا توشقاننىمۇ ئۆلتۈرۈش» تاكتىك
سىدىن ئىبارەت. سىلە- بىزنىڭ كۆڭلىمىز يېقىن
سىلەر ناھەق ئۆلۈپ كېتىسىلەر.... بىز مۇسۇلما
ئىكەنمىز...» دېگەن ۋە كۆپ تەربىيە بەرگەندى.
ۋەكىللىرىمۇ: «ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرمەيدۇ، ئابدۇل
تۆۋەنجاڭ مۇسۇلمان ئىكەن...» دەپ ئۆز كېيىمدە چىڭ
تۇردى. نەتىجىدە مەنسۇرنىڭ ئۇلارغا قىلغان نەسىھىتى
كار قىلمىغاندىن كېيىن ئاخىرى مەنسۇر ئۇلارنىڭ
قايتىشىغا رۇخسەت قىلغان ۋە تەلەپكە بىنائەن
جاۋابنامە يېزىپ بەرگەن. مەنسۇر ۋە ئىززىنىڭ ئەسـ
كەرلىرى ساۋاتسىز بولسا كېرەك، شۇڭا جاۋابنامىنى
ۋەكالىتەن مەن يېزىپ بەرگەنىدىم.

خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

«ئابدۇللا تۆۋەنجاڭغا جاۋاب خەت: خېتىڭىزنى
ئوقۇپ كۆردۈم، مەن ئۇن كۈندىن كېيىن چۈشىمەن،
ۋاقىپ بولۇپ قېلىڭ...» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.
مەن مەنسۇرنىڭ ساۋاتسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئىسـ
كوپىدا ئىچىگە «ئۇن كۈندە چۈشىمەن دېگىنىمنى يالغان،
چۈشمەيدۇ.» دەپ يېزىپ قويغانىدىم. مەن يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۆز قىستۇرۇپ. «مەن (كىچىك توختى) ئىلگىرى مۇ-
ئەللىم بولغان، بۇ يەرگە شامال ئۇچۇرتقاندەك ئىلاجى-
سىز چىقىپ قالدىم. بىزنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا غەيرەت
قىلساڭلار» دەپ يېزىم قويغانىدىم. ۋەكىللەر خەتنى
ئېلىپ قايتتى. ئارىدىن 10 كۈن ئۆتتى. ئونىنچى
كۈنى شەھەر تەرەپتىن ئابدۇللا تۇەنجاڭ قارا كىيى-
نىك ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، كۆرۈلۈپ ۋە ئۇنىڭ ئەس-
كەرلىرى بىلەن ئابلىزخان،⑩ موسا خەلىپە،⑪ زىيارۇ-
دۇن شەنجاڭ،... قاتارلىق كىشىلەرنى ئالدىغا سېلىپ
كەلگەن، مەنسۇر تۇرغان جايغا يېقىنلاشقاندا، ئابدۇللا
تۇەنجاڭنىڭ مىنگەن ئېتىغا ئوق تېگىپ ئۆلۈپتۇ.
ئارقىدىن ھايال ئۆتمەي كورولوپنىڭ بىر ئەسكىرىگە
ئوق تېگىپ ئۆلۈپتۇ. شارائىتنى ناھايىتى ئەپسىز بول-
غاچقا ئۇلار ئامال تاپالماي تاغ باغرى ۋە قارىغايلىقلار
ئارىسىغا قاچقان ھەمدە نامازشام بىلەن «ئارا قاپ-
سىلاڭ» نىڭ ئىچىگە چۈشۈپ ئورۇنلاشقان ۋە دەسلەپكى
بىر ئىككى پاي ئوق ئېتىشىشتىن باشقا ئېتىشىش يۈز بەر-
مىگەن. بىراق كېچىدە بورا كەپە بار يەردە ئەنسىز-
لىك يۈز بېرىپ، ئادەملەرنىڭ ئېچىنىشلىق نالە-
پەريادى ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئەتىسى مەنسۇر بىزگە
كېچىدىكى ئاشۇ ئەھۋالنى ئېيتىپ، تاش سايىم ۋە
بىر قىرغىز ئەسكەر، مەن قاتارلىق ئۈچ كىشىنى تەك-
شۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى ھەمدە مەنسۇر بىزگە:
«ئېنىق ئۈندەشلىك ئاۋازىمغا دىققەت قىلىڭلار، ئەگەر
مېنىڭ ئاۋازىم ئاڭلانسا دەرھال ئارقاڭلارغا قايتىڭلار،

مەن ئاۋاز چىقارمىسام خاتىرجەم ئەھۋال ئىكەنلىكلار، دېدى، بىز شۇ بويىچە ئىنجىرا قىلمىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ تاغدىن پەسكە قاراپ ماڭدۇق. بىز ئۈچ ئادەمدە پەقەت بىرلا مىلتىق بار ئىدى. بىز تاغدىن چۈشۈپ، 10-ئايدىكى قاپسىلاڭنىڭ سۆگەكتىن ئۆتىدىغان سوغۇق سۈيىنى كېچىپ ئۆتكەندىلا ئۈن بېسىلغان بورا كەپىگە كەلدۇق. قارىساق ئۈننى يەرگە تۆكۈپ پۈتۈنلەي چېچىۋېتىپتۇ. بىز ئۇ يەرنىڭ سۈيىنى كېچىپ ئېقىنغا قاراپ 50 مېترچە ماڭغاندا، بىر دانە كۆل كەشتىلەپ ئىشلەنگەن كىگىز پايپاق تېپىۋالدۇق. يەنە بىر ئاز ماڭغىنىمىزدا بىر دانە خۇرۇم مەسە ئۇچراپ قالدى... بىز قورقۇپ تۇرساقمۇ يەنىلا ئىلگىرىلەپ مېڭىپ، تاغ تىرىكىگە ئارغامچا بىلەن ئېسىقلىق تۇرغان ھەم ئۇ يەر-بۇ يەردە كالىمىسى كېسىلگەن جەسەتلەرنى كۆردۇق... بۇ جەسەتلەر قوي بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلانغان بولۇپ، ئابلىزخان، مۇسا خەلپە، زىياۋۇدۇن شەنجاڭ، ئابدۇكېرىم ئەلەم، سېيىت زۆڭگەي، سادىق زۆڭگەي، كېرەم زۆڭگەي، مامۇت ئەلەم (قاراۋۇلىق) ئېمىن دارىن، توختىنياز (ئىشتارچىلىق)، ياقۇپ تۈەنجاڭ، دەمەتنىياز زىخزي.. قاتارلىق 15 تىن ئارتۇق كىشىلەرنىڭ جەسىتى ئىكەن...

(تولۇقلىما: شۇ ۋەھىمىلىك كېچىدە ۋە ئەتىسىنىڭ ئالدى-كەينىدە ئۆلتۈرۈلگەنلەر جەمئىي 31 ئادەم بولۇپ، ئابلىزخاننىڭ ئىنىسى ھۈسەنخاننى يايلاقتىن تۇتۇپ، يايداق ئاتقا مىندۈرۈپ تېرەككە ئېلىپ كېلىپ،

ئىبراھىم شاخانىنىڭ تۆگمىنىنىڭ ئاستىدا، باي تو
مۇسا دېگەن كىشىنىڭ تۆگمىنىنىڭ ئاستىدىكى
تۆگمەن ئېرىقىنىڭ بويىدا بوغۇزلاپ ئۆلتۈرگەن. توخ-
-تۇللۇق ئەرشىدىن مىرۋاجىم دېگەن كىشى باسالغىدا
ئېتىپ ئۆلتۈرگەن...) بىز ئابلىزخان، مۇسا خەلپە ۋە
زىياۋۇدۇن شەنجاڭلارنىڭ جەسىتىنى ئېنىق تونىدۇق.
بىز جەسەتلەرنى بىر - بىرلەپ ئىككى تەرىپىدە سۇ
ئېقىپ ئوتتۇرىسى دۆڭ بولۇپ قالغان قۇرۇق يەرگە
ئېلىپ كېلىپ، قاتار ياتقۇزدۇق ۋە ياندىكى بورا كە-
يىدىن تېزلىك بىلەن بىر دەچچە تال بورا ئېلىپ
كېلىپ ئۈستىگە ياپتۇق ۋە شاخ - شۇمبا ياغاچ بىلەن
ئۈستىنى يېپىپ ئەتراپىدا ئانچە - مۇنچە تاش تىزىپ
ئاددىيغىنە دەپىن قىلىپ قويۇپ قايتتۇق. شۇنىڭغىچە
بىزگە مەنسۇردىن سادا بولمىدى. بىز بېرىپ ئەھۋالنى
مەنسۇرغا دوكلات قىلغاندىن كېيىن، مەنسۇر كۆپ ئې-
چىنىپ يىغلاپ كەتتى ھەم بارلىق ئەسكەرلەرنى
جىددىي يىغىپ، شېھىت بولغانلارغا ماتەم قايغۇسى
بىلدۈردى. بولۇپمۇ ئابلىزخانغا كۆپ ئېچىندى. شۇ-
نىڭدىن كېيىن بىز ئەسلى ۋەزىپىمىز بويىچە ئارقا
سەپكە قايتتۇق. بىز قايتقاندىن كېيىن ئىككى ئاي-
روپىلان كېلىپ بومباردىمان قىلدى. ئۈستىدىن ئايرو-
پىلان بومباردىمان قىلسا، ئاستىدىن پىيادە ئەسكەرلەر
ھۇجۇم قىلاتتى. ھۇ كۈنى مەنسۇر، ئايروپىلانغا ئوق
ئېتىپ تەككۈزەلمىگەندى. (بۇ ۋەقە ماتەمدىن ئىككى
كۈن كېيىن بولغان)، ئاخىرى مەنسۇر بەرداشلىق بېرەل-

مەي، بىلمەيلىك قاپسىلاق تەرەپكە چېكىنىپ ئۇرۇش قىلغان.

مەنسۇر چېكىنگەندىن كېيىن، ئەسكەرلەر ئىچىدە قورقۇنچ پەيدا بولۇپ، روھى چۈشكۈنلۈك يۈز بەردى. شۇنداقتىمۇ ئۇرۇش 10 كۈن داۋام قىلىپ بېسىقتى. ئۇلار چېكىنىپ، باسالغا تەرەپكە ئورۇنلاشتى. ھەمدە ئىككىنچى قېتىم ئالتە ئائىلىلىك دېھقاننى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى. مەنسۇر ئالدىنقى تەجرىبە- ساۋاقلارغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ كېپىلكە كىرمەي ئارقا سەپكە ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئۇلار ئالتە كۈن تۇرغاندىن كېيىن (ۋەكىللەرنىڭ ئەلتىماسى بويىچە) قايتىشقا رۇخسەت قىلىپ، خەت يېزىپ بەرمىگەن.

شۇنداق قىلىپ 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنلىرى ئابدۇللا تۇەنجاڭ، قارۋاغلىق قارا نۇراخۇن ئاكىنى 3 - قېتىم ۋەكىل قىلىپ چىقارغان، ئۇ سېمىز، تەمبەل، ئېگىز ئادەم بولۇپ، مەنسۇر ئۇنىڭغا: ئالدىنقى تەج- رىبە- ساۋاقلارنى (ئابلىزخانلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقە- سىنى) سۆزلەپ بەرگەن ھەمدە ئۇ كىشىنى غۇلجىغا يولغا سېلىپ قويۇشقا ۋەدە بېرىپ، ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى تەييارلاپ يولغا سېلىپ قويىدى (نۇراخۇن ئاكا 47 - يىلى يۇرتىغا سالامەت قايتىپ كېلىپ، ئازادلىقتىن كېيىن كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن).

ئابدۇللا تۇەنجاڭ ۋەكىل ئەۋەتىپ نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، يەنە ھۇجۇم باشلىدى. شۇ كۈنلەر شەھەر مۇداپىئەسى سېلىنغىنىنىڭ قىرغىز ئايالىنىڭ بىر ئىنىسى رازۋېتكا قىلىپ كېتىۋاتقاندا تۇتۇلۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىپ، ئابدۇللا تۇەنجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن نەيزە تىقىپ ئۆلتۈرۈلۈپ، تېنى ۋە بېشى پارچىلىۋېتىلگەن ئىدى. ئاندىن كېيىن مەنسۇرمۇ ئابدۇللا تۇەنجاڭنىڭ بىر ئەسكىرىنى ئۇچرىتىپ چاناپ تاشلىغان. بۇ ئۇرۇش ئاخىرىدا بارغانسېرى شۇ قەدەر غەزەپ بىلەن داۋاملاشقانكى، ئۈستىدە ئايروپىلان، ئاستىدا پىيادە ئەسكەرلەر (ئاقسۇ سىغەندىن ئەسكەرلىككە ئېلىپ كېلىنگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ بار) ھۇجۇم قىلىپ ئارام بەرمەي، مەنسۇرنىڭ ئەسكەرلىرى ئارقا سەپكە چېكىنىپ كەتكەندىمۇ، مەنسۇر ئۆزى يالغۇز، بىر دانە مىلتىق، بىر دانە تاپانچا بىلەن ئېتىشقان، نەتىجىدە ئابدۇللا تۇەنجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى چېكىنگەن.

## ئاقتاغ ۋەقەسىنىڭ ئاخىرى

مەنسۇر، قارشى تەرەپنىڭ چېكىنگەنلىكىنى بىلەمدۇ - بىلمەمدۇ بۇ نامەلۇم. لېكىن ئۇرۇش جەريانىدا مەنسۇرنىڭ 17 يېرىگە ئوق تېگىپ، قانسىراپ كەتكەنلىكتىن ئورۇنلاشقان ئىستىھكامىدىن 50 مېترچە نېرىدىكى تاغنىڭ كاۋاك يېرىدە (ئۈستىدە، كۆلرەڭ ئۈزۈن چاپان، ئىچىدە كالتا چاپان بولۇپ كۆزى ئوچۇق ھالدا) ئۆلۈپ قاپتۇ. ئارقا سەپتە تۇرۇۋاتقان مەنسۇرنىڭ ئانىسى (65 ياشلاردا بولۇپ) مەنسۇرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى پال سېلىپ بىلىپ قاتتىق غەزەپلەنگەن ھەمدە ئالدىنقى سەپتە مەنسۇرنى يالغۇز تاشلاپ قېچىپ كەلگەن ئەسكەرگە كايىپ، ئۇلارنى ئۇرۇشقا يەنە ماڭ-

دۇرغان ئىدى. ئۇ تاش بىلەن مېنى چىغىرىق ياساپ
ئىككى خېچىر بىلەن جەسەتنى ئېلىپ كېلىشكە باشقا
ئەسكەرلەرگە قوشۇپ ماڭدۇردى. بىز ئالدىنقى سەپكە
بېرىپ ئەھۋالنى كۆرگىنىمىزدە مەنسۇرنىڭ ئۆزى
يالغۇز ئابدۇللا تۆەنجاڭنىڭ ئەسكەرلىرىنى چېكىنىدۇ-
رۇپ ئۆلگەنلىكىنى بايقىدۇق. ھەممە ئۇرۇش مەيدانى-
دىكى قان ئىزلىرىدىن ئىزدەپ يۈرۈپ، مەنسۇرنىڭ
جەسىتىنى تاغنىڭ ئۆڭكۈرىدىن تېپىپ، چىغىرىققا
سېلىپ، خوتۇن-بالىلىرىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدۇق.
مەنسۇرنىڭ جەسىتى ئاق ئۆيدە (كىگىز ئۆيدە) بىر
كۈن تۇرغاندىن كېيىن، تاش بىلەن ئىككىمىز تاغنىڭ
باغرىغا ئۇزۇنىسىغا گۆر كولىدۇق. بىز گۆر كولاۋات-
قاندا ئايروپىلانلار ئۈستىمىزدىن ئۆتۈپ تەھدىت
سالغانىدى. بىز تاغ ئۆڭكۈرلىرىگە ۋە قارىغايلىقلار
ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ ئايروپىلان كەتكەندە يەنە ئىش-
لەيتتۇق. ئايروپىلانلار ئاخىرى بومباردىمان قىلدى.
بىراق ئىگىز ئۇچقان بولغاچقا بومبا نىشانىغا چۈشمەي
مال ئوتلاۋاتقان جايغا چۈشتى. يەرلىكنى پۈتتۈرگەن-
دىن كېيىن جەسەتنى يۇيۇپ، سوۋېتتا توقۇلغان قىزىل
قىرغاقلىق خەسە بىلەن كېپەنلەپ، نامىزىنى چۈشۈ-
رۈپ، ئاشۇ بىز كولىغان ئورەك شەكىلىدىكى يەرلىككە
دەپنە قىلدۇق. ھەممە گۆرنىڭ ئۈستىگە ياغاچ سېلىپ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە شاخ-شۇمبا ۋە توپا تاشلاپ (ئۆي
ياپقاندەك يېپىپ) قويدۇق. مەن ئۈچ كۈن ئولتۇرۇپ
مەنسۇرنىڭ روھى ئۈچۈن قۇرئان-تىلاۋەت قىلدىم.

: مەنسۇر خاراكتېرى جەھەتتە تەدبىرلىك، مۇل-لىمنى سەھلىق، گەپ - سۆزلىرى سىپايە ھەمدە دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك ئادەم بولغاچقا، ئىسلام دىنىدىكى كىشىلەرنى ئاسانلا ئۆزىگە جەلپ قىلالىۋالاتتى. ئۇ ئۆ-زىگىدىن باشقا تاغلىق رايوننىڭ تەبىئىي شارائىتىنى ئوبدان ئىگىلەپ، ئۆزى ئۈچۈن ئۇرۇش شارائىتى قولايلىق بولغان ئاقتاغقا ئورۇنلاشقان..

مەنسۇر ئۆلگەندىن كېيىن بىزگە ئۇنىڭ ئىنىسى-ھەسەن قوماندانلىق قىلدى. بىز ئۇ يەردىن تاللىق دېگەن جايغا چېكىندۇق. ئابدۇللا تۆەنجاڭ يەنە ئار-قىمىزدىن قوغلاپ كەلدى... ھەتتا كېچىلىرىمۇ 5—10 مىنۇت قىسقا جەڭ بولۇپ تۇراتتى، كېچىسى قورقۇپ ئوتمۇ ياقالمايتتۇق. بىز ئاخىرى ئىلى تەرەپكە چىقىپ كېتىش ئۈچۈن تاغدىن چېكىنگەندە مەنسۇرنىڭ چېدىر، مال - مۈلۈكلىرى ھەتتا ئىككى بالىسىمۇ بۆشۈكتە قالغانىدى. مەنسۇرنىڭ ئانىسى بولسا، ئالدىنقى سەپكە ئاپىرىش ئۈچۈن (بىزگە ئامانلىق تىلەپ) ئىككى قىل خورجۇندا ئوق بەرگەنىدى. بىز ئىككى خورجۇن ئوقنى ئىككى ئېشەككە ئارتىپ قارلىق تاغقا يېتىپ كەلدۇق. تاغ ئېگىز، قار قېلىن بولۇپ تاغقا ياماشىۋاتقىنىمىزدا قارشى تەرەپتىن ئوق ئېتىلدى. بۇ چاغدا تاش بىلەن ئىككىمىز ئارقا تەرەپتە بولغاچقا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئېشەك ۋە ئوزۇق - تۈلۈك-لەرنى تاشلاپ، ئازراق بىر خورجۇن ئوق بىلەن پەسكە قاراپ دومىلىدۇق. ئابدۇللا تۆەنجاڭ بىلەن

كاپىتان كورولوۋنىڭ بىرلەشمە شتابى تاغ باغرىدا ئىكەن، بىز يېتىپ - قوپۇپ يۈگۈرگەنچە، بىر خۇرجۇن ئوقنى ئېلىپ شتابقا كەلدۇق. ئۇلار بىزنى ناھايىتى سىلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن قارشى ئالدى. مەن، ئابدۇللا تۈەنجاڭغا خوشامەت بىلەن سالام (چاس) بەرگەندە، ئۇلار كۈلۈپ كەتتى. بولۇپمۇ ئوروس كورو- لوپ ناھايىتى مەنىلىك كۈلۈپ كەتتى... شۇنداق قىلىپ بىز ئىككىمىز سوئال - سوراق قىلىنمايلا تا- ماقلاندۇق. مەنسۇر ئۆلگەندىن كېيىن ۋەيران بولغان ئەسكەرلىرىنىڭ بىر - ئىككىسى قارلىق تاغدىن ئۆتۈپ ئىلى تەرەپكە چىقىپ كېتىپتۇ. قالغانلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۆلۈپ، بەزىللىرى ئەسىرگە چۈشۈپ تەسلىم بولۇش بىلەن بالا - چاقىلىرىمۇ ۋەيران بولۇپتۇ. باي ناھىيىسىدە زور سارىسىمە پەيدا قىلغان «ئاقتاغ ۋەقەسى» (مەنسۇرنى تۇتۇش ئورۇشى) ئاخىرى مانا شۇنداق ئاخىرلاشتى.

بىز تاماقلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئابدۇللا تۈەنجاڭ بىلەن كورولوپ بىزدىن دوكلات ئالدى... بىز مەنسۇرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى، قورال - ياراغلىرىنىڭ خىلى، سانى، ئىقتىدارى ھەم مەنسۇر ئائىلىسىدىكى ئادەملەر ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ سانى قاتارلىقلارنى تەپ- سىلىي دوكلات قىلغانىدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن (ئۇلار بىزگە ئىشەنگەن بولسا كېرەك) بىزنى ئەسكەر- لەر ياتىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. مەنسۇرنىڭ تۇتۇپ كېلىنگەن قالدۇق ئەسكەرلىرى بولسا باشقا كازارمىغا قاماپ قويۇلدى ۋە ئۈچ سائەتتىن كېيىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جەنجۇرىنىڭ ھەم ئامانبايىنىڭ ھايات قالغان خوتۇن- بالىلىرىمۇ تۇتۇپ كېلىنىپ نەزەربەنت قىلىنغانىدى. شۇ كۈنى 1938 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بولۇپ، مەنسۇرنى تارمار قىلىپ، غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكىمىزنى ۋە يېڭى يىلنى تەبرىكلەپ ئاسمانغا ئوق ئېتىپ سادا كەلتۈرۈۋاتقاندا [تولۇقلىما: مەنسۇرنىڭ ئانىسى قورقۇپ قېچىپ ماڭغانىكەن. قوغلاپ بېرىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ بىر تاشنىڭ تېگىگە بېسىپ قويۇلۇپتۇ ھەمدە مەنسۇرنىڭ خوتۇن- بالىلىرىنى تۇتۇپ كەلگىلى بارغاندا، مەنسۇرنىڭ بىر ئايالىنى كورولوپ ئۆزى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئاندىن مەنسۇرنىڭ ئاكىسى مەھەممەت باينىڭ خوتۇنى شەھەر مۇداپىئە سەلىمكىنىڭ قىرغىز خوتۇنىمۇ ئەشۇ تاغدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ.] يۇقىرىقى غەلىبىلەرگە تەنتەنە قىلىش بىلەن شۇ كۈنى ئۈرۈمچى، موسكۋالارغا تېلېگرامما بېرىپ مەلۇم قىلىنغان. ئەتىكى كۈندىن كېيىن مەن بىلەن تاشقا يەنە بىر ئەسكەرنى قوشۇپ، مەنسۇر دەپنە قىلىنغان جاينى تېپىپ، مەنسۇرنىڭ كاللىسىنى كېسىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. بىز بېرىپ گۆرنى ئاچتۇق. بىز بىلەن بىللە بارغان ئەسكەر جەسەتنى گۆردىن سۆرەپ ئەپچىقىپ، كاللىسىنى بىر قارىغاي كۆتىكىنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويۇپ، كەتمەن بىلەن چېپىپ ئۈزدى. بىز مەنسۇرنىڭ كاللىسىنى ئات بوغۇز يەيدىغان توغرىغا سېلىپ باسالغىچە كەلسەك، شەھەر مۇداپىئە سەلىمكىنىڭ جەسىتى ئۇچراپ قالدى. بىز ئۇنىڭ كال-

لىنىمنىڭ كېيىن، بىرگە ئېلىپ كەلدۇق. [تولۇقلىما: ئەسلىدە شەھەر مۇداپىئە سېپىلىگىنى تىرىنىك تىزىتىپ، ئاقتاغدىن يايداق ئاتقا مىندۈرۈپ باسالغىنىدا ئەكەلگەندە، سوغۇقتا ئاتتا ئولتۇرالماي ئۆزىنى يەرگە تاشلىۋەتكەندە ئۆلتۈرۈلگەن ئىكەن. بۇ چاغدا مەنسۇرنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ ماڭغۇچى ئالدىنقى گورۇپپىدىكى تۇختى سېيىت قاتارلىقلار مۇ جەسەتكە ئۇلگۇرۇپ كەلگەن.] بىز بۇ ئىككى كاللىنى ئېلىپ كەلگەنىنىڭ 3‑كۈنى ئابدۇللا تۆمەنجانىڭ ئادەملىرى ئۈچ ئات تەييارلاپ، مەن ۋە تاشقا بەردى. يەنە بىر ئاتنى بىر ئەسكەر مىنىپ (ئوق‑دورا ئارتىپ) بىزنى شەھەرگە ئېلىپ ماڭدى. ئابدۇللا تۆمەنجانىڭ باش شتابى سۇغاندا ئىكەن، بىز سۇغانغا كەلگەندە يەرلىك كىشىلەر بىزگە: «ئوغرىنى تۇتۇپ كېتىۋە» دەپ ئۆيلىرىدىن چىقىپ مارىشىپ قارايتتى. بىز سۇغاندا بىر كېچە قونغاندىن كېيىن تىرەككە كېلىپ (ئابلىزخاننىڭ ئۆيىدە) بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى باي بازىرى — چوڭ كۆل بېشىدىكى ئەستاخۇن مايچاپاننىڭ سارىيىغا چۈشتۇق. ئەتىسى شەھەردىكى بارلىق خەلق ۋە ئوقۇغۇچىلار «قاقتام» سايغا (ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ قايتىپ كېلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا) قارشى ئالغىلى چىقىپتۇ ۋە خادىنغا ئۆتكۈزۈپ كېلىنگەن مەنسۇر بىلەن شەھەر مۇداپىئە سېلىگىنىڭ كاللىسىنى كۆرۈپ خەلقنىڭ تەنتەنە‑تەنتەنە قىلىشىپتۇ.

شۇ ئاخشىمى ئابدۇللا تۇەنجاڭ مەن بىلەن تاشقى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، ئەسكەر بولۇش - بولماسلىقىمىزنى سورىغانىدى. بىز ئاتا - ئانىمىزنى سېغىنغانلىقىمىز توغرىسىدا ئۆز پىكرىمىزنى بەردۇق، مەن بۇرۇن مۇئەللىم بولغانلىقىمنى ئېيتتىم؛ ئابدۇللا تۇەنجاڭ بىزگە خەت يېزىپ بېرىپ، ئۇيۇشما رەئىسى ئوسمان داموللامغا يوللاپ بەردى. ئەتىسى مەنسۇر بىلەن شەھەر مۇداپىئە سىلىڭىنىڭ كاللىسى تەلۋىچۇك دەرياسى بويىدا ئۈچ كۈن سازايى قىلىنىپ، باي خەلقكە بايرام تەنتەنىسى قىلىنغانىدى ۋە مەنزىردىن ئەسىرگە چۈشكەن، تەسلىم بولغان 19 نەپەر ئادەمدىن 13 نەپەر ئادەمنى (بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ئۇزبېك، بىر خۇيزۇ بولۇپ قالغانلىرى قىرغىز ئىدى) 1938 - يىلى 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدىكى مەلۇم بىر كۈنى ئەمىتاخۇن مايچاپاننىڭ چوڭ كۆل بېشىدىكى قاپاق سارايىنىڭ شىمالى تەرىپىدىكى باغ ئىچىدە (ھازىرقى يېمەكلىكلەر شىركىتى بىلەن پوچتىخانا ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ ئورنىدا) سول مورە تاغاقنىڭ ئاستىدا زەھەرلىك خەنجەر تىقىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئامانباي ھەم ئامانبايىنىڭ مولداخۇن، ئىبراي، ھەستاخۇن دىپ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. يۇقىرىقى 13 كىشىنىڭ سىرتىدا ئامانبايىنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى — ھاشىم ئامان ئاران 17 ياشتا ئىدى. ئۇ شۇ ۋاقىتتا دادىسى ۋە ئاكىلىرىنى كۆرگىلى كەلگەن يېرىدە تۇتۇۋېلىنىپ، ئابدۇللا تۇەنجاڭنىڭ

ئادەملىرى ئۆزىنىڭ بېشىدا چىنە قويۇپ («قارا» قىلىپ) تۇرغۇزۇپ، سېنى ئاتمايمىز، چىنىنى ئاتىمىز دەپ بېشىغا ئېتىپ ئۆزىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى... ئابدۇللا تۆنجاڭ ئەسكەرلىرى (ئاقسۇ سىغىن ئوقۇغۇچىلىرى) دىن قۇربان بولغانلار: ئۆمەر ساۋۇت (باي قىزىلدىن)، ئابلىز (كۈچادىن)، ھامۇت (شايادىن) قاتارلىقلار بىلەن بىرگە كورولوپ ئەسكەرلىرىدىن ئىككى نەپەر كىشى بولۇپ، ئۇلار ھەممىسى ئاشۇ ئاقتاغقا دەپنە قىلىنغان...

مەن شۇ قاتارلىق ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى بولغانلىقىم ئۈچۈن ئەپسۇس بىلەن ئائىلەمگە قايتىپ، بىر ئاي ئارام ئالغاندىن كېيىن ئابدۇللا تۆنجاڭ يېزىپ بەرگەن خەتنى ئېلىپ، «ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى»غا باردىم. ئۇيۇشما رەئىسى ئوسمان داموللام خەتنى كۆرۈپ، مېنى كالچىدىكى بىر مەكتەپكە مۇئەللىم قىلىپ چىقاردى.

---

ئىزاھاتلار:

① ئابدۇللا تۆنجاڭ — (كورلىدىن) مەخمۇت نىزھىتىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ ئادىمى بولۇپ، مەخمۇت موھىتى چەتكە چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى شېڭ شىسەي ئۇ ئادەمنى ئوقۇشقا ئەۋەتكەن، كېيىن ئوقۇش ئاخىرلىشىپ بولغىچە، مەنسۇرنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇنى سوۋېتتىن قايتۇرۇپ كەلگەن.

② دىمىتروپ ئىۋادوۋىچ — سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيە كوماندىرى.

③ سەربايئۇپ — ئاقسۇدا تۇرۇپ ئۇمۇمىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، گورولوپقا ياردەم بەرگەن كاپىتان دەرىجىلىك ھەربىي قوماندان.

④ گورولوپ — ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغان ھەربىي دوختۇر.

⑤ مەنسۇر — قىرغىزلارنىڭ جىلدەلىك قەبىلىسىدىن بولۇپ، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىدە مايور دەرىجىلىك ئوفىتسېر بولغان، ئۇرۇستا مەرگەن.

⑥ ئامانباي — ئىلگىرى قىرغىزىستاندىن بوز دۆڭگە، بوزدۆڭدىن تېرەككە كۆچۈپ كەلگەن چارۋىچى.

⑦ ئابلىزخان — ئىلگىرى پولك كوماندىرى بولغان، خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئىنقىلابىنى قوللىغۇچى تەرەپتە ئولتۇرۇشلۇق نوپۇزلۇق شەخس.

⑧ چىڭ فاڭ سىلىڭ — شەھەر مۇداپىئە سىلىڭى بولۇپ، ماخۇسەن قىسىملىرى چېكىنىپ بايدىن ئۆتكەن ۋاقىتتا شەھەرگە سۇقۇنۇپ كىرىپ قېپقالغان، ھەمدە يالغاندىن نامىنى پەيدا قىلىپ، ئۆزىنى سىلىڭ دەپ ئاتىۋالغان. ئىسىم - فامىلىسى ئېنىق ئەمەس.

⑨ باسالغا — ئاقتاغنىڭ جەنۇبىدىكى يايلاقنىڭ ئىسمى.

⑩ مۇسا شەلپە — تۇختى سېيىتنىڭ: «باي ناھىيىسىدىكى مۇسا شەلپە قىرغىزلىرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى» دېگەن ئەسلىمىگە قارالسۇن.

⑪ زىياۋۇدۇن شەنجاڭ — 37 - يىلى سادىق ھاجىمدىن كېيىنكى باي ناھىيىلىك ھاكىمى.

⑫ قاقتامساي — باي بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى سەككىز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ساي.

مۇھەررىردىن

---

«ئاقتاغ ۋەقەسى» توغرىسىدىكى بۇ ماتېرىيال مەرھۇم توختى سېيىتنىڭ 89 - يىل ئاۋغۇست ئايلىرىدا سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللار ئىشخانىسىغا يېزىپ قالدۇرغان تارىخىي ئەسلىمىسىگە ئاساسەن رەتلەپ يېزىپ چىقىلدى.

دېمەك بۇ ئەسلىمىنى رەتلەش جەريانىدا چىنلىققا ئۇيغۇن بولۇشنى ھەم راسچىل بولۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، مۇناسىۋەتلىك پېشقەدەم مويسىپىتلىرىمىزغا كۆپتىن - كۆپ مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سەمىمىي ياردىمىگە ئېرىشتۇق، ئەپسۇسكى مىزىدىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى ناھىيىمىزدە يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەنى تىرىك شاھىدلار ئارقىلىق ئىسپاتلاش - دەلىللەش جەھەتتە شۇ زاماننىڭ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ئېڭى ۋە شارائىتى پەيدا قىلغان كۆز قاراشلار تۈپەيلىدىن مەلۇم ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر، كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. توختى سېيىتنىڭ: «ئاقتاغ ۋەقەسى» توغرىسىدىكى بۇ ئەسلىمىسىنى تېخىمۇ تولۇقلاشقا ياردەم بەرگەن دۆڭمازاردىكى توقى ئىمام، شەھەر ئىچىدىكى روزى ئىبراھىم، تاش ئىبراھىم، سالى گەيجاڭ، ئىمىن نىياز قاتارلىق پېشقەدەم يولداشلارغا رەھمەت ئېيتىمىز!

ھەممىدە تولۇق بولماي قالغان جە[illegible]رىغا ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشىدىن خەۋىرى بار پېشقەدەم[illegible] مويسىپىتلىرىمىزنىڭ تولۇقلاپ كېتىشىنى مۇراجەت قىلىمىز.

ئاپتور: باي ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان كادىرى، ۋاپات بولۇپ كەتتى.

# باي ناھىيىسىدە قۇرۇلغان شوتاڭ مەكتەپلىرى ھەققىدە

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھەسەن سەپەر

باي ناھىيىسىدە 1933 - يىلى يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، بىر قىسىم دىنىي مەكتەپلەر بولغاندىن سىرت، ناھىيە بازىرى ۋە ئايرىم رايونلاردا شوتاڭ مەكتەپلەر بار ئىدى. ناھىيىمىزدە قۇرۇلغان شوتاڭ مەكتەپلەر ئاز سانلىق مىللەت بالىلىرىنى ئاساس قىلىپ، خەنزۇچە ئوقۇتىدىغان مەكتەپلەر بولۇپ، بۇ مەكتەپلەر ھۆكۈمەت ئىشىدا ئۆزئارا ئالاقىنى كۈچەيتىشتە رول ئوينايدىغان ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش مەقسىتىدە قۇرۇلغان.

ناھىيىمىزدە شوتاڭ مەكتەپلىرىنىڭ قايسى ۋاقىتتا قۇرۇلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق يازما مەلۇمات يوق. ئەينى ۋاقىتتا شوتاڭدا ئوقۇغان ئۆمەر سابىرنىڭ شوتاڭنى پۈتتۈرۈش ۋاقتىدا ئۇستازى نىياز بېگىمنىڭ 1935 - يىلى ئېيتقان: «بالىلىرىم، سىلەر ئوقۇش پۈتتۈرۈپ مەكتەپتىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسىلەر، ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار،

www.uyghurkitap.com

مەن بۇ يىل 75 ياشقا كىردىم، مۇشۇ مەكتەپكە
بولغىنىمغا 45 يىل بولدى. مېنىڭدە ئوقۇپ دوتەي
(ۋالىيغا تەڭ) بولغانلار 10 دىن ئاشىدۇ، ئامبال
(ناھىيە باشلىقى) بولغانلار 20 دىن ئاشىدۇ» دېگەن
سۆزىنى ئەسلىشىدىن قارىغاندا، بۇ كىشى 1890 -
يىلدىن باشلاپ ئوقۇتقۇچى (لوسى) بولغان، شۆتاڭ
مەكتەپمۇ 1890 - يىللىرى قۇرۇلغان دېيىشكە
بولىدۇ.

شۆتاڭ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇ-
چىلار ئاز سانىدىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا، ئا-
ساسەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بولغان.
شۆتاڭنىڭ ئوقۇش تۈزۈمى «ئالتە، ئۈچ ئۈچلۈك تو-
زۇم» بولۇپ، باشلانغۇچ ئالتە يىل، تولۇقسىز ئوتتۇ-
را سەۋىيەسى ئۈچ يىل، تولۇق ئوتتۇرا سەۋىيەسى
ئۈچ يىل جەمئىي 12 يىللىق ئوقۇش تۈزۈمى يەنى
6، 9، 12 يىللىق تۈزۈمىنى قوللانغان. شۆتاڭ مەك-
تەپتە ئوقۇپ چىققانلار سەۋىيەسىگە ئاساسەن يامۇل-
دا (ناھىيىلىك ھۆكۈمەت) كويەن (بۆلۈم ئەزاسى)،
ساڭ بېگى (ئاشلىق ئىسكىلاتىنىڭ باشلىقى) بولغان.
بەزىلىرى باج ئورۇنلىرىدا ئىشلىگەن، بەزىلىرى
تۇڭچى (تەرجىمان) بولغان. شۇ ۋاقىتلاردا لەڭ (دېھ-
قانچىلىق بېجى ئۈچۈن تاپشۇرۇلىدىغان ئاشلىق)،
تۆزسى (دېھقانچىلىق باج ھۆججىتى)، ئىبلىم - سېتىم
باج قەغەزلىرى خەنزۇچە يېزىقتا بولۇپ، شۆتاڭ مەك-
تەپلەردە ئوقۇغانلار تەرجىمە قىلىپ بېرەتتى. شۆ-

تاڭ مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ خىزمەت قىلغانلاردىن كۆ-
پەنچىسى تەدرىجىي ھالدا ئۆسۈپ ۋىلايەت، ناھىيە-
لەردە مۇھىم مەسئۇل ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ناھىيىمىزنىڭ بازار ئىچىدە ئىككى جايدا شۆ-
تاڭ مەكتەپ بولۇپ، بىرسى يېڭى بازاردىكى خۇڭشە-
يىڭمىياۋ (خەنزۇ زاراتگاھلىقىنىڭ شەرق تەرىپىدە،
ھازىرقى چارۋا دوختۇرخانىسى بىلەن بىرىنچى باشلان-
غۇچ مەكتەپنىڭ پاسىل ئورنىدا) بۇتخانىسىنىڭ يې-
نىدا ئىدى، يەنە بىرسى يار كوچىدا ئىدى. 1930 -
يىللاردا ئۈچ سىنىپ بولۇپ، كېيىن بەش سىنىپقا كۆ-
پەيتكەن. يېزىلاردا بولسا قېيىر، سايرام، ياقئېرىق،
قاتارلىق جايلاردا قۇرۇلغان خەنزۇ، خۇيزۇ ئوقۇغۇ-
چىلار 20 پرسەنت ئەتراپىدا بولۇپ، قالغانلىرى ئۇيغۇر
ئوقۇغۇچىلار ئىدى.

شۆتاڭ مەكتەپتە ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر دۆلەت
تىلى، تەبىئەت ئىلمى (                    )، ما-
تېماتىكا (ھېساب)، تەربىيىلىنىش (ئەدەبىيە، ئەخلاق
جەھەتتىن تەربىيىلىنىش)، جۇغراپىيە، تارىخ، دىنىي
دەرس، رەسىم، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈل-
گەن بولۇپ، دىن دەرستىن باشقىلىرى خەنزۇچە ئۆ-
تۈلەتتى. خەت يېزىشتا ماۋبى (موي قەلەم) بىلەن
قارا سىياھ ئىشلىتىلەتتى.

ناھىيىمىزدە قۇرۇلغان شۆتاڭ مەكتەپلەر 1937 -
يىلىغىچە داۋاملىشىپ، كېيىن يېڭىچە مەكتەپكە ئۆز-
گەرگەنگە قەدەر داۋاملاشقان. شۆتاڭ مەكتەپنىڭ بىر-

دىن بىر جانلىق ھايات گۇۋاھچىسى 1927 - يى-
ياز پەسلىدىن 1935 - يىلى 7 - ئايغىچە ئوقۇغان
ئوقۇغۇچىسى ئۆمەر سابىر، بۇ كىشىنىڭ ئەسلىشى-
دىن قارىغاندا، ناھىيىمىزدە قۇرۇلغان شۆتاڭ مەكتەپ-
لىرىدە بىر قىسىم ئىلىم - مەرىپەت پېشىۋالىرى بىر
قانچە يىل، ھەتتا بىر قانچە ئون يىل ئىشلەپ ئاز
بولمىغان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى تەر-
بىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق، خەنزۇلار بىلەن ئاز
سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەي-
تىشتە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان. بىز تۆۋەندە
ئەينى ۋاقىتتا شۆتاڭ مەكتەپتە ئىشلىگەن لوسىلار
(ئۇستاز) نى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز. قېپقالغان،
توغرا بولمىغان جايلىرى بولسا، بۇ ئىشلار-
دىن خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ تۈزىتىشىنى ئۈمىد
قىلىمىز.

1. نىياز بېگىم، خەنزۇچە ئىسمى نىلىجى
(宜立志) ئۇيغۇر بولۇپ، باي ناھىيىسىنىڭ بولۇك
يېزىسىدىن. گۇاڭشۈي دەۋرىدە ئۈرۈم-
چى جاڭۋۇتاڭ دېگەن يۇقىرى مەكتەپتە ئوقۇغان.
ناھىيىمىزدىكى شۆتاڭ مەكتەپتە لوسى ۋە شوجاڭ
بولغان. 50 يىل ئەتراپىدا ئىشلەپ 1945 - يىلى
كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇ كىشى
بىلىمى مول، ئوقۇتۇش مېتودى ياخشى، پەزى-
لەتلىك، ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈنىدىغان ئادەم ئىدى.
باي ناھىيىسىدىكى شۆتاڭلارنىڭ ئاساسىنى قۇرغۇچى

بولۇپ،شۆتاڭنىڭ كېيىنكى قەدەمدىكى لوسىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنىياز بەگنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. بۇ كىشى ئۆز ئۆمرىدە بالا ئوقۇتۇشتىن باشقا خىزمەت ئىشلىمىگەن.

2. تەن لوسى خەنزۇ (谭老师)، باي بازار ئىچىدىن، يار كوچىدىكى شۆتاڭدا لوسى بولغان، 1927 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

3. ھاشىم توختى (ھاشىم بەگ، ھاشىم تۇڭچىمۇ دېيىلىدۇ)، خەنزۇچە ئىسمى ماجۈندې، (马俊德)، ئۇيغۇر، باي ناھىيە مىچىغ يېزا ياقوتان كەنتىدىن، شۆتاڭنىڭ تولۇق سىنىپىنى پۈتتۈرگەن. شۇ ۋاقىتتا 40 ياشلاردا بولۇپ، باي ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە تەرجىمان، ئاقسۇ دوتەي يامۇلىدا تەرجىمان بولغان. 1932 - يىلى كۇچادىكى ۋاڭ غوجا ئوردىسىدا تەرجىمان بولغان، 1937 - يىلى باي ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان. 1937 - يىلدىن 1946 - يىلغىچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدە، باي ناھىيىلىك، بۈگۈر ناھىيىلىك، قارا شەھەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدە دوسا، تەرجىمان بولغان. 1949 - يىلى باي ناھىيىسىدە ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا فۇجۈرېن گەنسى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن باي ناھىيىلىك باج ئىدارىسىدا جۇجاڭ، ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىشلار ئىدارىسىدا تەرجىمان بولغان. 1952 - يىلى كېسەل بولۇپ ۋاپات بولغان.

4. ھاپىز روزى (ھاپىز بەگ). خەنزۇچە ئىسمى

جاڭجىنچىڭ (张晋卿)، ئۇيغۇر، ئەسلى سايرـ
يېزا لاپا كەنتىدىن بولۇپ، شۆتاڭدا تولۇق سىنىپـ
نى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۈرۈمچى جاڭۋۇتاڭنى
پۈتتۈرۈپ باي بازار ئىچىدىكى شۆتاڭدا مۇئەللىم
بولغان، ناھىيىلىك ھوكۇمەتتە بۆلۈم ئەزاسى بولغان،
1935 - يىلىدىن ئازادلىققا قەدەر پوسكام ناھىيىسىـ
دە ھاكىم، ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدە جەنيۈيۋەن (تۈرمىـ
ئازارەتچىسى)، خوتەن ۋالىي مەھكىمىسىدە باش كاـ
تىپ قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1977 - يىلى
85 يېشىدا كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن.

5. داۋۇت بېگىم، ئۇيغۇر، خەنزۇچە ئىسمى
(诗言) شىيەن. باي ناھىيە بازار ئىچى يار كوـ
چىدىن. گۇاڭشۈي دەۋرىدە ئۈرۈمچى جاڭۋۇتاڭدا خەنـ
زۇچىنى ئالىي مەلۇمات بىلەن پۈتتۈرگەن. بايغا قايـ
تىپ كەلگەندىن كېيىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئىشـ
خانا مۇدىرى بولغان. قوشۇمچە شۆتاڭدا ئوقۇتقۇچى
(لوسى) بولغان. 1945 - يىلى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ
كەتكەن.

6. بىلال ئېلى، ئۇيغۇر، خەنزۇچە ئىسمى
بەيۋېيفۇ (白维福). باي ناھىيە قىير يېزىسىدىن.
شۆتاڭدا ئوقۇپ تولۇق ئوتتۇرا مەلۇماتىغا ئىگە بولـ
غان. ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقى بويىچە ئۇستا خەتتات.
1929 - يىللىرى 35 ياشتا بولۇپ، باي ناھىيىلىك
ھۆكۈمەتتە بۆلۈم ئەزاسى، تەرجىمان بولغان. قوشۇمـ
چە شۆتاڭدا لوسى بولغان. 1933 - يىلى مەخمۇت
سىجاڭ قەشقەرگە ئېلىپ كەتكەن، ئۇ يەردە مەخمۇت

سىجاڭنىڭ قوماندانلىق شتابىدا ئىشخانا مۇدىرى بولغان. 1935 - يىلى قەشقەردە كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن.

7. ئەيسا بەگ (تامچى ئەيسا بەگ)، ئۇيغۇر، خەنزۇچە ئىسمى فۇزولىن (傅作霖)، باي ناھىيە شەھەر ئىچىدىن. شۇ چاغدا تولۇق سىنىپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۈرۈمچى جاڭۋۆتاڭدا ئوقۇپ 1935 - يىلى پۈتتۈرگەن. باي ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە تەرجىمان، بۆلۈم ئەزاسى بولغان، ئاۋات ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان. شۇ چاغدا لوسى بولغان. 1947 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە باي ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ ئىشخانا مۇدىرى، ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدە خوجى (دوپۇس باشقۇرغۇچى) بولغان. 1950 - يىلى 70 يېشىدا كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن.

8. باسىت بېگىم (باسىت داخان)، ئۇيغۇر، خەنزۇچە ئىسمى ۋاڭئەرلىن (王汝霖)، باي ناھىيە بازار ئىچى يېڭى بازاردىن، شۇ چاغدا تولۇق سىنىپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن باي ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە كويەن (بۆلۈم ئەزاسى) بولغان، شۇ چاغدا لوسى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن ئائىلىسىدە تۇماقچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان. 1978 - يىلى 84 يېشىدا كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن.

9. ئەيسا تۆمۈر (ئەيسا بەگ)، ئۇيغۇر، خەنزۇچە ئىسمى يىيوسەن (益友三)، باي ناھىيە بازار ئىچى قازانچى مەھەللىسىدىن. بايدا شۇ چاغدىكى پۈتتۈر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گەندىن كېيىن ئۈرۈمچى جاڭۋۇتاڭدا ئوقۇغان، فەنياۋنەن شۇ مەكتەپنىڭ مۇپەتتىشى مۇدىرى بولۇپ، يالغۇزلىقىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ ئارقىدىن ئۆزىمۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنى تەتىلگە قويۇپ بەرگەن. ئەيسا بەگ تەتىلگە كېلىپ قايتا بارمىغان. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە كويەن (بۆلۈم ئەزاسى)، تەرجىمان بولغان. قوشۇمچە شۆتاڭنىڭ لوسى (مۇئەللىمى) سى بولغان. ئۇچتۇرپان، باي ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە خەلق ئىشلار بۆلۈم كوجاڭى بولغان. 1947 - يىلى 3 - ئايدا چاقىرىلغان گومىنداڭنىڭ 6 - نۆۋەتلىك گودا داخويىغا (قۇرۇلتىيى) غا قاتناشقان. 1946 - يىلىدىن 1950 - يىلى 3 - ئايغا قەدەر باي ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولغان. كېيىن ھاكىملىقتىن قالدۇرۇلۇپ، قەشقەردىكى يىغىۋېلىپ تەربىيىلەش ئورنىغا ئېلىپ بېرىلىپ، 1951 - يىلى 9 - ئايدا تەربىيىلەش ئورنىدا ئۆلۈپ كەتكەن.

10. جاڭلوسى (张老师)، خەنزۇ، ھاكىم جاڭجاۋچىنىڭ ئىنىسى بولۇپ، خەنزۇ مەكتەپكە لوسى بولغان. ھاكىم جاڭچاۋجى 1930 - يىلى يۆتكەلگەندە، ئاكىسى بىلەن بىللە كەتكەن شۇ ۋاقىتلاردا 30 ياشلاردا ئىدى.

11. مۇللابەگ، ئۇيغۇر، خەنزۇچە ئىسمى بافىلىن (巴培霖)، باي ناھىيىسىنىڭ مىرچىخ يېزىسىنىڭ ياقۇتان كەنتىدىن، شۆتاڭدا تولۇق سىنىپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە بۆلۈم ئەزاسى بولغان، شۆتاڭدا لوسى بولغان، 1951 - يىلى كې-

سەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن.

12. ھېزى بەگ، ئۇيغۇر، خەنزۇچە ئىسمى لى شاڭجا (李相嘉)، باي ناھىيىسىنىڭ قىيىر يېزا قازانچىدىن. شۆتاڭنىڭ تولۇق سىنىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن باي ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە بۆلۈم ئەزاسى، تەرجىمان بولغان. شۆتاڭدا لۇسى بولغان. ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدا ئىشلىگەن، تەرجىمان بولغان. 1945 - يىلى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن.

13. مەھەممەتئىمىن نىياز (ئاققاش مەمتىمىن بېگىم)، ئۇيغۇر، خەنزۇچە ئىسمى مىڭ ۋېيلىن (孟维霖)، باي ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچى يار كوچىسىدىن. بايدا شۆتاڭدا تولۇق سىنىپىنى پۈتتۈرۈپ، ئۈرۈمچى جاڭۋۇتاڭدا ئوقۇغان، ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تەتىلگە قايتىپ كېلىپ كېيىن قايتا بارمىغان. باي ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە بۆلۈم ئەزاسى، شۆتاڭدا لۇسى (مۇئەللىم). بولغان. ئىسلاھات بۆلۈم، خەلق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ كوجاڭى بولغان. 1951 - يىلى ئائىلىسىگە قايتۇرۇلغان. كېيىنكى ئايالى نىساخان (كۇچا ناھىيىلىك سەنئەت ئۈمىكىنىڭ سەنئەتچىسى) بىلەن كۇچا ناھىيىسىگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىن كۇچا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مۇۋاپىق تۇرمۇش راسخوتى بېرىپ 5 - رايون بەخت ساناتورىيىسىگە مەسئۇل قىلىپ قويغان. 1983 - يىلى 92 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

1990 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى

# باي ناھىيىسىدە تىياتىر سەنئىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەسلىمە

ئېلى ئېزىز

باي ناھىيىسىدە خەلق سەنئىتىنىڭ تارىخىي ئۇزۇن، داڭلىق تارىخچى ۋە شائىر موللا موسا سايرامى، شائىر ۋە مەدەنىيەتپەرۋەر نىمشېھىت ئەرمىيا ئېلى سايرامى، مۇقامچى بايىز ئاخۇن ساتا، راشىدىن ئەلنەغمە، ناسىر ئاخۇن مۇقام، نەمەتخان ئەلنەغمە، نىساخان جىلدىر (مەشھۇر ناخشىچى)، تىللاخان ئەلنەغمە قاتارلىقلار ئەنە شۇ مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ نامايەندىسى ئىدى، شۇنداقلا باي قىزىلنىڭ مىڭ ئۆيى ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە جاھانغا مەشھۇر سەنئەت ئابىدىلىرى ھېسابلىنىدۇ، شۇنىڭدەك قىزىل يېزا تېتىر كەنت خارابىسى، ئومباش رايون جىگدىلىك كەنتىدىكى قەدىمى خارابىلىق، قېيىر يېزىسىدىكى مىڭ ئۆيلەر باي ناھىيە مەدەنىيىتىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ غارلاردىكى ئۇسسۇل، مۇزىكا ۋە تىياتىر قىز-
رۇلمىلىق سۈرەتلەردىن تارىختا ئۆتكەن ئەجدادلىرى-

ىزىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا تىياتىر سەنئىتىنىڭ كۆسەن مەدەنىيىتى بىلەن قوشكېزەك ماكانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇددا ئالىمى شۈەنزاڭ قاتارلىقلارنىڭ گۈزەل باي قىزىل مىڭ ئۆي قەسىرىدىكى زىيارەتتە بولۇپ ئۆتكەنلىكى شەكسىز. ①

مەشھۇر ئالىم كۇمۇراجىۋا، ئاتاقلىق كومپوزىتور ئاتا - بالا سۇجىپ ئاقارىلارنىڭ داڭلىق مۇقام ناۋاسى تەركىبىدە باي خەلقىنىڭمۇ شوخ، گۈزەل مېلودىيىسى يوق ئەمەس، يەنى كۇچا، شايار، توخسۇن باي ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيىتى كۆسەن (كۇچا) نى مەركەز قىلغان، بۇدىيار خەلقلىرىنىڭ ئۆرپ ئادىتى، ئېتنوگرافىيە خاسلىقى، شەكىل، پوزاق، تىل شىۋىلىرى، ئادەت، كۆچلىرى، ناخشا، قوشاقلىرى: توي، مەرىكە، مەشرەپ، نورۇز بايراملىرى، ھېيت بايراملىرى قاتارلىقلاردا ئورتاقلىق بار.

باي ناھىيىسىدە 1935 - يىل يېڭى زامان «سانايى نەفىسە» (تىياتىر) گۇرۇپپىسى بارلىققا كەلدى.

1934 - يىلى ناھىيە بازار ئىچىدىكى كونا شۆتاڭ مەكتىپى ئۆزگەرتىلىپ، يېڭى زامان پەننى «ئىنقىلابىيە» مەكتىپىگە قوشۇۋېتىلدى، 1935 - يىلى 3 - ئايلاردا «ئىنقىلابىيە مەكتىپىنىڭ دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى، باشلانغۇچ سىنىپى، يېتىملار سىنىپىدىكى 20 نەپەر ئوقۇغۇچىدىن تەركىب تاپقان سەنئەت گۇرۇپ-

كى ناھىيە بازىرىدىكى كونا ئاشلىق بازىرىنىڭ جان تېرەكلىك مەيدانىغا كۆتەمە سەھنە ياساپ ئويۇن قويۇلدى. ئويۇننى مەزنى ئوقۇتقۇچىمىز سوپى كاملىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەييارلىغان، ئويۇن كۈندۈز سائەت ئىككىلەردە باشلاندى. تاكى سائەت ئالتىگىچە داۋام قىلىپ، ئويۇننىڭ ئاخىرى يۇقىرىدىن كەلگەن مائارىپ ھەيئىتى ئابدۇراخمان ھاجىم، ناھىيىنىڭ يېڭى ھاكىمى مۇسا ھاكىم، ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى رەئىسى ساۋۇت دامۇللا ھاجى سايرامى قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئاقارتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلمىغانلىقى، نادانلىق، جاھالەتلىك، كونا تۈزۈمگە خاتىمە بېرىلمىگەنلىكى، ئىلىم - پەن، مەرىپەت ھەرىكىتى يولغا قويۇلمىغانلىقىنى، ۋەتەننى قۇدرەتلىك ھەم مەڭگۈ قەد كۆتۈرۈش، ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش، مەدەنىي مائارىپنى كەڭ يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى سۆزلەندى. ئويۇنىمىز داۋامىدا نىمشېھىت ئەرمىيا ئېلى سايرامى تولۇپ تاشقان ھېسسىيات بىلەن شېئىر دېكلاماتسىيە قىلدى.

ئارقىدىنلا «ئىقپالىيە» مەكتىپىنىڭ خور دۈيى يېشىل مەخمەلدىن شىم - تۈجۈركا، كەپكە، كىيىگەن، چەپراسقا قىزىل دۇردۇندىن گۈل تۈگۈلگەن لېنتا باغلاپ، تەرتىپلىك سەھنىگە چىقىشتۇق.

مارش

خەلقىم يور ئەمدى، مەكتەپلەر ئاچايلى.

نادانلارغا قارشى تۇرايلى.
ئارش - مارش يۈرۈڭلار ئاداش،
نەقرات
غەپلەتتە ياتماي ئەمدى كۆزۈڭ ئاچ
نەچچە يىلدىن بېرى نادانلىقنىڭ دەردى،
يۇرت - ماكانلارنى ۋەيران ئەيلىدى.
(نەقرات) ........

2 - ناخشا

(بىر بالا ئوقۇيدۇ، كۆپچىلىك قوشۇلىدۇ)
مەن بىر بالا مەن تىلىگىم ئوقۇش،
جان ئىلە، تېنىم ئوقۇشقا قۇربان.
ئانا مەكتىپىم دىلىمنى يورۇتۇر،
ئوقۇپ ۋەتەندە قىلىمەن جەۋلان.
كۆپچىلىك: كېلىڭلار دوستلار بىرلىشەيلى؛
پەن ئەرپانغا ئېرىشەيلى،
مەن بىر بالا مەن تىلىگىم ئوقۇش.
جان ئىلە دىلىم ئوقۇشقا قۇربان،
ئاتا - ئانىلار ئوقۇمىغاچقا.
قالدىلار زارلاپ ئەۋلادلار ھامان.

يېتىملار ناخشىسى

ئاتا - ئانىمىز يوق يېتىم بىز غېرىپ،
يۈرەتتۇق خار زار، ئۆلۈپ - تىرىلىپ.
يېيەرگە، كىيەرگە يوق ھېچ ئامال،
يۈرەتتۇق پەرىشان ھەريان تەلمۈرۈپ،
......

ئاھ، ئەمدى بىز ئۈچۈن كەلدى ياخشى كۈن،

ئوقۇيمىز ـ ئىشلەيمىز خەلقىمىز ئۈچۈن،

ئارقىدىن يېتىملار سىنىپىنىڭ خور گىرۇپپىسى يالغۇز كىشىلىك ناخشا ئورۇندىدى:

يېڭى يول بىلەن ئالغا باسايلى،

مەشئەل چىراغنى قولغا ئالايلى.

كۆپچىلىك: ئەي بىرادەرلەر، جان بىرادەرلەر،

جانلاندۇرايلى، گۈللەندۈرەيلى.

شىنجاڭ ئۆلكىسىنى ئەي شىنجاڭ ئۆلكىسىنى.

ئىش ئەمەل بىلەن،

ئىتتىپاق بىلەن

قاتارلىق، ئىلىم ـ بىلىم، مەرىپەتچىلىك تەرغىپ قىلىنغان تۈنجى ئويۇنىمىزنىڭ مۇزىكانتلىقىنى مەشھۇر سەنئەتكار ھاشىم ھاجىمىنىڭ مۇزىكانتلىرى نەچچە كۈنلۈك تەييارلىقىمىزغا قاتنىشىپ، ئويۇن داغدۇغىمىزنى پەلەككە كۆتۈردى. (ھاشىم ھاجىم روسىيە تەرەپلەردە ئويۇن قويۇپ داۋرازلىق، سىبىرىكچىلىك، مۇزىكانتلىق سەنئىتىنى كۆرسىتىپ، ئۈچتۇرپان قاراقول تەرەپتىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن چاغ ئىدى).

ئويۇن ئارىلىقىدا ئۈزىيۈشىدا رەئىسى ۋە ھاكىم موسا بەگ تەرىپىدىن «كۆردۈڭلار خالايىق، بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، تەلىم ئالغان بىلىملىرىدىن بىزگە ئىمتىھان بەردى. مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى مائارىپقا باغلىق. ناھىيىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە مۇشۇنداق مەكتەپلەردىن بىر قانچىنى ئېچىش-

مىز لازىم. لېكىن دۆلەتنىڭ ھازىرچە ئىقتىسادى يېتىشمەيدۇ ... مەن قارا باغ رايونىدا ئىككى جايغا مەكتەپ سېلىپ ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ئىشىنى پۈتۈن جامائەتكە ئېلان قىلىمەن» دېدى شۇھامان خەلق ئىچىدە ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. بىز ئوقۇغۇچىلار ھاشىم ھاجىمنىڭ ياڭراق مۇزىكىسىغا جۆر قىلىنغان تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇدۇق:

مەكتەپ، مەكتەپ، مەكتەپ دوستلار،
چاقىرادۇر بىزلەرنى.
ئىلىم - ئىرپان نۇرى بىلەن،
يورۇتايلى دىللارنى.

ئارقا - ئارقىدىن يۇرت چوڭلىرى، مۆتىۋەرلەر ھەر بىر كەنت، رايونلاردا يېڭى مەكتەپ تەمىر قىلىدىغانلىقىنى نەخ مەيداندا ئېلان قىلىشتى. نۇرغۇن كۆمۈش تەڭگە، يامبۇ، ئات، كالا، قوي، ياغاچ... قاتارلىقلارنى تىزىمغا ئالدۇرۇشتى.

1936 - يىلى 7 - ئايغىچە يېزا - قىشلاقلاردا مەكتەپ، ئورۇندۇق، سايمانلىرى، سىنىپ، ياتاقلار، ئىشخانا قاتارلىقلار تەييارلاندى. شۇ يىلى 9 - ئايدا دارىلمۇئەللىمىن كۇرسىدىن ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىندى.

• • •

1935 - يىل 12 - ئاپرېل بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ناھىيە ھاكىم ئىدارىسىنىڭ غەربىي جەنۇپ باغچىسىدىكى كونا چاقچىلە خانىسىدا كونسېرت

(ناخشا، ئۇسسۇل) تىياتىرى قويۇلدى. سەھنە پەردىلىرى، چىراغ، لامپا، گىلەم قاتارلىقلار بىلەن زىننەتلەنگەنىدى، ئويۇننى تەشكىللىگەن، رېپېتىتسىيە قىلدۇرۇش ئىشىنى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى باشلىقى ئىمىن توختى (بىر كىشى قەشقەر بەشكېرەملىك بولۇپ، كىچىكىدە دادىسىغا ئەگىشىپ روسىيىگە چىققان ۋە روسىيىدە سىياسىي قانۇن مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1934 - يىلى ۋەتەنگە قايتقان، ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن باي ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە باشلىق بولۇپ كەلگەن. 25 ياشلاردىكى ياش بولۇپ، ئىلغار ئىدىيىگە مايىل ئىدى. يېڭى مەدەنىيەت ئىستىدىيىسى كۈچلۈك ئىدى).

بۇ «باي ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما سانائىي نەفىس كۆرۈپمىسى» دەپ ئاتالدى. سەھنىنىڭ پەردە ئۈستىگە «تىياتىر — خەلق تەربىيىلەش ئەينىكى» دېگەن قىزىل لوزۇنكا ئېسىلغانىدى.

سانائىي نەفىسىگە (تىياتىرغا) تەكلىپ قىلىنغانلار، خەلق سەنئەتچىلىرىدىن ساتارچى بايىز ئاخۇن، (قەيسەر يېزىسىدىن، كۇچا مەدرىسىدە ئوقۇغان، مەرىپەتپەرۋەر، مۇقامچى)، باي شەھەر ئىچىدىن ناسىر ئورۇق، مۇقامچى كەسپىي مۇزىكانت، تاغچىلىق راشىدىن ئەلنەغمە، راۋابچى ساۋۇت سېرىق، سەلەي راۋاب، نەغمىكەش ئايال تىللاخان (يېڭى بازاردىن)، ئىشتارچىلىق سارىخان دۇتار، ئەلنەغمە نەمەنخان بوجاڭ، زەيتۇنخان ئەلنەغمە، نىساخان جەللەدىر (بۇ ئىككىسى

باي رابىيە كۆك خېنىمنىڭ كۆرك ئوردا نەغمىكەشلە-
رى)، ئابدۇرەھىم داپەندى، ياش ئارتىسلاردىن،
دارىلئېيتام ئوقۇغۇچىلىرىدىن كەنجى ئىبرايىم، (ئازاد-
لىقتىن كېيىن قاراماي شەھىرىنىڭ باشلىقى بولغان.
1985 - يىلى ئۆلۈپ كەتتى.) ئوسمان يۇسۇپ،
(كېيىن خۇاگېڭ ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغان، ھازىر دەم
ئېلىشتا)، ئىمىن نىياز (ھازىر بايدا) ئەنۋەر تۆمۈر-
چى، قاسىم قۇربان، مەن (ئېلى ئىبزىز)، توختى-
سەئىدى، روزى ئىبرايىم، ئابدۇرەھىم يۇسۇپ قاتار-
لىق 20 بەچچە كىشىنىڭ ئىجراسىدا ناخشا - ئۇسۇل،
خور، لەپەرلەر ئوينالدى.

1 - خور:

بىز ئەھلى شىنجاڭ ئويغاندۇق ئەمدى،
بىز مەرىپەتنى قولغا ئالدۇق ئەمدى.
تىرالالالام - تىرالالالام،
ماڭغان يولىمىز ئەمدى سائادەت.
كۆلىسۇن مائارىپ، يېتىشسۇن جامالەت،
نىقرات: ...

2. يېڭى يول

يېڭى يول بىلەن ئالغا باسايلى،
روشەن چىراغنى قولغا ئالايلى.
كۆللەندۈرەيلى، جانلاندۇرايلى،
شىنجاڭ ئۆلكىمىنى.
ئىش ئەمەل بىلەن،
ھەممە بىلىم بىلەن

3. هايدىڭىز (ئالغا!)

هايدىڭىز، هايدىڭىز، هايدىڭىز خەلقىم
بىلىم يولىدا ئالغا باسايلى.
باشقىلار بىزدىن ئىلگىرى كەتتى،
ئىرپان نۇرىنى قولغا ئالايلى.

× ×

هايدىڭىز، هايدىڭىز، هايدىڭىز خەلقىم،
جەھلى دۆۋىگە ئوتلار ياقايلى.
نادانلىق بىزگە كەلتۈرەر ئاپەت،
بىلىم تىغىنى قولغا ئالايلى.

× ×

4. ئىتتىپاقلىق شەرەپ-شان

ھەر نە قەۋمى تەرەققىي قىلمىش،
پارلاق شانى ئىتتىپاق.
ھەرقايسى مىللەتنىڭ پارلاق
ئىستىقبالى ئىتتىپاق.
ئىتتىپاقنىڭ سايىسىدا،
ھەممە مىللەت تەڭ ياشار.
بىرلىك ئۈچۈن تىرىشقاندا
غايىمىز ئىشقا ئاشار.
ياشا ئۆملۈك يولى! ياشا! مىڭ ياشا!

5. تىلىكىم ئوقۇش:

بىر كىشى: ھەن بىر بالامدىن تىلىكىم ئوقۇش،
جان ئىلە قېنىم ئوقۇشقا قۇربان.

ئانا مەكتىپىم دىلىم يورۇتۇر،
ئوقۇپ ۋەتەنگە خىزمەت قىلىمەن.
كۆپچىلىك: كېلىڭ دوستلار بىرلىشەيلى،
پەن ـ ئىرپانغا ئېرىشەيلى.

بۇ كونسېرت (ناخشا ـ ئۇسسۇللار) مىڭلىغان كۆزلەرنى چاقنىتىپ كەلگەن تاماشىبىنلارنىڭ زوقىنى ئاشۇردى. ئارقىدىنلا خەلق سەنئەتچىلىرى نەپىس ناخشا ـ ئۇسۇللىرىنى باشلىۋەتتى. زەيتۇنىخان ئەلنەغمە قولىغا دۇتتار ئېلىپ خەلق كۈيلىرىنى باشلىدى. تىللاخان ئاچام «سېيرىلمىغا تاق ـ تاق» ئۇسسۇلى بىلەن سەھنىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى. ئەھمەتخان بوجاك نەغمىگە داپنى تەڭكەش قىلغاندا بايىز ئاخۇن ئاكام، ناسىر ئاخۇن مۇقام، ئابدۇرېھىم ئاخۇن، نىساخان ساۋۇتۇم راۋابلىرىنى تەڭكەش قىلىپ قارابباغ مەشرىپىنى باشلىغاندا زەيتۇنخان ئاچامنىڭ ئەۋرىشىم ئۇسسۇلىدىن باي قىزىل مىڭ ئۆي تام سۈرەتلىرىدىكى پەرىزاتلارنىڭ سىماسى ئەكس ئېتەتتى. مىڭلىغان تاماشىچىلارنىڭ ئىختىيارسىز بارىكاللا ساداسى كۆتۈرۈلۈپ مۇزات دەرياسىنىڭ شاۋقۇنىغا قوشۇلۇپ تەڭرى تېغى ئېتىكىدىكى تۈنجۇقما ھالەتنى ئويغۇتۇۋەتتى.

بۇ شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم سەھنىدە ئاياللارنىڭ سەھنىگە چىقىشى ئىدى. زەيتۇنخان ئاچا سوۋېت پلاستىنكىلىرىدىن ئۆگەنگەن ئۆزبېك خەلقىنىڭ كلاسسىك لەپەرلىرى «ئايجان»، «بىلەيزۈكۈم» قاتارلىق نومۇرلارنى ھەم تاتار خەلق چىرلىرىنى ئورۇن-

دېدى. (شۇ چاغدا زەيتۇنخان ئاچام 60 ياشلاردا ئىدى. ئۇ 1945 - يىللىرى ئالەمدىن ئۆتتى).

شۇ كۈنى ئۇيغۇر ئويۇشما قارمىقىدىكى «سانايى نەفىسە» ئۆمىكى قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى. ئۆمەكنىڭ پائالىيەت ئورنى ناھىيىلىك ھاكىم ئىدارىسىنىڭ غەربىدىكى باغچىنىڭ بىر ئېغىزلىق زال ئۆيى بوشىتىلىپ، 400 كىشىلىك، ئۈستى يېپىق كۆتەمە شىپاڭنىڭ جەنۇبىغا سەھنە ياساپ ھەم زالغا 400 كىشىلىك ياغاچ ئورۇندۇق قويۇلدى. قىزىل چېۋەر پەردە قاتارلىق بۇ سەھنە سايمانلىرىنى ئۇيغۇر ئويۇشما تەييارلاپ بەردى. ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرىمىز كۆپىيىش بىلەن دراما ۋە كىچىك تىپتىكى ئوپېرا، كومېدىيە قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى ئوينايدىغان بولدۇق. مەسىلەن، «جىك شۇربىنىڭ ئۆلۈمى»، «يالغان تېۋىپ» (ئالدامچى تېۋىپلارنى پاش قىلىش)، «نۇزۇگۇم» دىرامىسىدىن پارچە، «باي بىلەن مالاي»، «ھەي بۆرى» (ئېيتىشىش)، «نەشىخورلارغا تەنقىد» قاتارلىق نومۇرلار. (بۇلار ئۆزبېكىستاندا ئوينالغان نۇسخا ئاساس قىلىنغان). بۇ ئويۇنلاردىكى ئايال پېرسوناژلارنىڭ رولىغا ئەرلەر چىقاتتى. ئويۇنىمىزغا ئاياللار كەلمىگەنلىكتىن شەھەردىكى مۆتىۋەرلەر ھەم ئىدارە جەمئىيەت خادىملىرىغا ئايالى بىلەن ئويۇنغا تەكلىپ قىلىپ باقاق ۋە بېلەت ئەۋەتىلىپ، ئاياللار بىر تەرەپتە، ئەرلەر بىر تەرەپتە ئولتۇرغۇزۇلۇپ ئىزچىللار ۋە ساقچىلارنىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن ئويۇن كۆرسىتىلەتتى.

1937-يىلى سانايى نەفىسە ئەتراپىغا يېڭى كۆچلەر جەلپ قىلىندى. قىزلار مەكتەپتىن ئايشەم مەمەت، ھۆرنىخان ئابدۇراخمان، ھۆرنەم باسىت، پاتەم، بۇۋىخەلچەم، بۇۋىمەريەم، تۇرسۇن قىز قۇربان... قاتارلىق باشلانغۇچ قىزلار مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، مامۇت نىياز، مامۇت ھاشىم، ئىسمايىل سايىم، كەنجى نىياز، توختى سەئىدى، قاسىم ناسىر، ئابلىمىت ئىسمايىل ... قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار ۋە ئۇيۇشما خىزمەتچىلىرى ئىدى. سىرتتىن تەكلىپ قىلىنغانلارغا ئويۇن كىرىمىدىن 40 پىرسەنتتى بېرىلەتتى. ئوقۇغۇچىلارغا مەلۇم جەھەتتە رىغبەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن ھەق بېرىلەتتى. ئەمىن توختى ماڭا (ئېبلى ئىزىزغا) بىر كىچىك دراما يېزىشنى بۇيرۇپ سەھنە ئەسىرى يېزىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگەتتى. مەن «ئاھ جەمىلەم» ناملىق ئىككى كۆرۈنۈشلىك كىچىك سەھنە ئەسىرى يازدىم. ئۇنى ئەمىن توختى تۈزىتىپ، تەييارلىشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ قېتىمقى تىياتىرىمىز باي شەھەر ئىچى ئۆي بازار (گەيشاڭ) دىكى رامىزان شاگىرتۇگىنىڭ چوڭ قورۇسىغا سەھنە ياسىلىپ ئوينالدى.

ئەسەردە كەمبەغەل دېھقانىنىڭ قىزى 11 ياشلىق جەمىلەمنى 60 ياشلىق توختى بەگكە نىكاھ قىلماقچى بولغان ئىشان سوپى: «قىز بالا 11 ياشقا كىرگەندە تۇماق بىلەن ئۇرسا يىقىلمىسا نىكاھلىق بولۇش دۇرۇس» دېگەن پەتىۋاسىنى چىقىرىپ، قىزنىڭ دادىسى توختى بېگىمدىن ئىككى ئۇلاغ ياغ ئۈچۈن 5 سەر تەڭگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالغان. يولنىڭ ئىككى يانلىق ئۆسۈمىنى قوشـ
بىر ئۇلاغ ياغ 15 سەر تەڭگىدىن توغرا كېلىدۇ.
ئىككى ئۇلاغ ياغ ئوتتۇز سەرتەڭگىگە بولۇپ، بۇ ياغ
ياكى تەڭگىنى قىزنىڭ دادىسى بېرەلمىگەنلىكتىن،
قىزنى توختى بېگىمگە نىكاھ قىلماققا رازى بولدى
دەپ، تىل خەت ئالىدۇ. شۇ كۈنلەردە قىزلار مەكتـ
پىگە قىز باللار قوبۇل قىلىنىۋاتقان مەزگىل بولۇپ،
ھېلىقى ئىشان قىزنىڭ دادىسىغا: «قىزىڭىزنى يېڭى مەكـ
تەپ دېگەنگە ئېلىۋالسا ئىمانىغا دەخلى يېتىدۇ» دەيدۇ.
نىكاھ ئالدىدا جەملەم ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىدۇ. ئۆلۈك قىز
تەگتۈشلىرى ئۇنىڭغا ئېچىنىپ، مەرسىيە، قوشاق
ئېيتىپ ھازا قىلىشىدۇ. بۇ ئەسەر ناھىيە خەلقى
ئىچىدە زور تەسىرات پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئۇلاپلا
«جاھىل ئاتا» نومۇرىنى باشلىۋەتتۇق. قىز بىلەن ئاتا
سەھنىگە كىرىدۇ:

قىز: جانىم ئاتا كۆردىڭىزمۇ مەكتەپ ئېچىلدى،
مەرىپەتلىك بوستانلارغا نۇرلار چېچىلدى.
نېمە ئۈچۈن ئوقۇش ماڭا مەنئى بولدى،
بۇنىڭ ئۈچۈن يىغلاپ كۆزۈم ياشقا تولدى.

ئاتا: بارما قىزىم! مەكتەپكە سەن چوڭ بولۇپ قالدىڭ،
ئوقۇش ئوقۇپ شەرىئەتكە قازى بولامتىڭ.
ئۆيدە ئولتۇر، تالا - تۈزگە چىقمىغىن ئەسلا،
قازان - قومۇش، ئۆي ئىشىنى ئۆگەن ئاناڭدىن،

(قىز نارازى بولىدۇ. ئاتا قېيىداپ چىقىپ كېتىدۇ. ئىككى
تېرەپتىن بىر نەچچە ئوقۇغۇچىلار كىرىدۇ)

بىر قىز: ئاداش يىغلاپ قاپسەنغۇ؟
قىز: (تۆۋەندىكى ناخشىنى ئېيتىدۇ)
ئادان ئاتامەي مەكتەپكە بەرمەي،
قالدىم قارايدى ... قالدىم قارايدى.
كۆپچىلىك: ئاھ كۆزلىرىڭ، شېرىن سۆزلىرىڭ.
قىز: ئەستە، ئەستە، ئەستە، ئەستە، ئەستىگىم ئوقۇش
قىزلار: ھەريانىدا گۈللەر ياشناپ ئېچىلور،
ئۈنگىدىن پارلاق گۈللەر چېچىلور.
ئاھ كۆزلىرىڭ، شېرىن سۆزلىرىڭ،
قىز: ئەستە، ئەستە، ئەستە، ئەستە، ئەستىگىم ئوقۇش.
(كۆپچىلىك قىزنى ئايلىنىپ، تۆۋەندىكى ناخ-
شىنى ئوقۇپ، قىزنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ)
كۆپچىلىك: مەكتەپ، مەكتەپ، مەكتەپ دوستلار
چاقىرادۇر بىزلەرنى،
ئىلىم - ئىرپان نۇرى بىلەن.
يورۇتايلى كۆزلەرنى،
ئوقۇپ - ئوقۇپ ئالغا بېسىپ.
ئوقۇپ - ئوقۇپ ئالغا بېسىپ،
مەملىكەتنىڭ كەڭ قوينىدا،
ئەركىن ئۆزۈپ. ...

بۇ ئويۇننىڭ داغ - دۇغىسى تېزلا يېزا - قىش-لاقلارغا تارالدى. «تىياتىر مەرىپەت ئورنى ئىكەن» دېگەن سۆزلەر تارالدى.

ئارقىدىنلا «جىن شۇرنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ھالاكىتى» دېگەن ھەجۋى نومۇرنى باشلىدۇق. ئۇنىڭدا جىن شۇ-

رىنىڭ قەغەز سۈرىتىنى جوغما سېلىپ، كۆتۈرۈۋالغان تۆت نەپەر ئەپيۇنكەش گونا ئەمەلدارلار، بەگلەر سەھنىگە كىرىپ، فېئودال ھاكىمىيىتىنىڭ ھالاك بولغىنىغا ھەسرەت چېكىپ، نالە - پەرياد كۆتۈرىدۇ.

1 - بەگ: ۋاي داد، جىن شۈرىن،
سىز ئۆلۈپ مەن ئۇلۇغ ھوقۇقتىن ئايرىلدىم.
ئەپيۇن غاڭزامدىن ئايرىلدىم.
خۇمارىم تۇتۇپ كەتتى، ۋايجان.

2 - بەگ: ۋاي جىن شۈرىن، سىز كەتكەندە ئالتۇن تەختتىن ئايرىلدىم،
ھەركۈنى كېلىپ تۇرغان ياچەنلەردىن ئاي-رىلدىم (يىغلايدۇ).

3 - بەگ: دات، پەريات جىن شۈرىن، سىز ئاتامدىن ئايرىلدىم،
قان تېمىتىدىغان قامچامدىن ئايرىلدىم (يىغلايدۇ).

4 - بەگ: ۋاي جىن شۈرىن، ئەلنىڭ بېشىدا قامچە ئوينىماس بولدى.
ئەلنىڭ قېنىنى شوراش جازالىمىدىن ئايرىلدىم.

(بۇلار جونى ئايلىنىپ، يىغلىشىپ، ئۇنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىشىدۇ).

---

① بۇ جىن شۈرىن ھاكىمىيىتى ئۆزۈل - كېسىل پەر-بات بولغانلىقى، مۇستەبىت ئەمەلدارلارنىڭ ھەسرەت، نادامىتىنىڭ ئىنكاسى ئىدى.

ئارقىدىن تۆت نەپەر قىز ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇسسۇللىر
ناخشىسى «ئالتە① سىياسەت» ناملىق ئۇسسۇللۇق ناخ
ئوينالدى.

«ئەي مۇقەددەس، ئالتە يول سەن شىنجاڭ
نىڭ چىراغى،
چىراغ ئەمەس بەلكى سەن، بىرلىك
سەپىنىڭ پۇراغى.
يېڭى شىنجاڭ قۇرۇيمىز، ھەممە مىللەت
بىرلىكتە،
يول قويمايمىز ئەمدى بىز، مۇستەبىت،
چىرىكلىككە»

ئەپيۇنكەش، نەشىخورلارغا تەنقىد

بەزىلەردە بار ئەجەپ، بىر خىل ئەيىبلەر،
نەشە، ھاراق، قىمار، ئەپيون كەيىپلەر.
ئوينارسىلەر قىغەز، قىمار دېگەننى،
ھايۋان يېمەس سىلەر ئاش دەپ يېگەننى.
نەشە تارتىپ رەڭگىڭىزدە ھېچ قان يوق.
شۇڭا سىزدە ئادەمگە خاس ۋىجدان يوق،
ئوقۇڭ، ئىشلەڭ ئۆلگە ئېلىڭ بەزىلەردىن.
ئەھلى ۋەتەن بىزار بولدى سىزلەردىن،
تەنقىد قىلدۇق، ئەخلاقىڭىز تۈزۈلەر.
تۈزۈلمىسە سىزدىن ئۈمىد ئۈزۈلۈر،

---

① ئالتە سىياسەت: ① جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش. ② سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، ③ ھەممە مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش. ④ مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى چىڭىتىش. ⑤ پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش ⑥ شىنجاڭنى ئىسلاھ ۋە تەمىر قىلىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## يېڭى شىنجاڭ قىزلىرى

(ئۇزسىزلىق ناخشا)

يېڭى شىنجاڭ قىزلىرى يېڭى مەكتەپتە ئوقۇيدۇ،
بىلىم ئېلىپ مەكتەپتە يېڭى داستان توقۇيدۇ.
«يېڭى شىنجاڭ قىزلىرى ئوچۇق كېلەر يۈزلىرى،
ئوقۇش ئۈچۈن تەلپۈنگەن قارا، بوتا كۆزلىرى».

بىلەتلىك ئويۇن قويۇلىدىغان بولدۇق. كۇلۇپنى كونا چاسا مەدرىس ئورنىغا يۆتكىدۇق. (بۇ جايغا قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلغانىدى). بۇ ئورۇننىڭ سەيناسىغا مىڭدىن ئارتۇق كىشى سىغاتتى. سانايى نەفىسە سەھنە ئەسەرلىرى ۋە كونسېرت نومۇرلىرى تۈرلىرى كۆپەيدى. ئارتىسلارنىڭ ئورۇنداش ماھارىتىمۇ بىرقەدەر ئۆسۈپ بارماقتا ئىدى. ھەپتىدە ئىككى قېتىم، بەزى ئايلاردا 10 قېتىمدەك ئويۇن قويۇلىدىغان بولدى. كۆرگۈچىلەر كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ، سېتىلىدىغان بىلەت سانىمۇ ئاشتى. يېزا-قىشلاقلاردىمۇ سەييارە ئويۇن قويۇش ئادەتكە ئايلاندى. تىياتىرىمىز خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ يېڭى ئىجتىمائىي كەيپىيات پەيدا قىلىپ، ئارتىسلارنىڭ ئىناۋىتى كۆتۈرۈلدى.

1937-يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ ئىسيانچىلار ۋەقەسى كۆتۈرۈلدى. ئۆلكىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجىنىياز ھاجىم شېڭ شىسەينىڭ تەرىپىدىن نەزەربەنت قىلىندى. ماخمۇت سىجاڭ ھىندىستانغا قاچتى. ماخۇسەن ۋە ئابدۇنىيازلار باشچىلىقىدىكى توپىلاڭ

باي ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى. ئىسيانكارلار بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ ھاكىمىيەت ۋە مەدەنىي - مائارىپ ئورۇنلىرىنى ۋەيران قىلدى. مەكتەپلەر تاقىلىپ، ماخو بولدى. سانايى نەفىسە (تىياتىر ئۆرنى) ئىسيانچى چېرىكلەرنىڭ كازارمىسى قىلىندى. ئارتىستلار، مۇئەللىملەر جەددىت (دىنسىزلار) دەپ ھاقارەت قىلىندى. ئالۋان - ياساق كۆپىيىپ، ئات سەيسى، ئاش، ئوزۇق ئالۋىنى ئۇسىمىگە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىپ، خەلقنىڭ بېشىدا ئوت كۆيەتتى.

ناھىيە تىنچلىق ساقلاش ئىدارە باشلىقى ئىمىن تۇختىنى مۇسا خەلپە دېگەن سوپى (ئىشان) نىڭ ئادەملىرى ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكىنى كوچا داۋىنىغا تاشلىۋەتكەن (ھازىر ئىمىن تۇختىنىڭ مازارلىقىنى خەلق تەرپىدىن. داۋان ئۈستىگە قەبرە قاتۇرۇپ قويدى). جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆتۈرۈلگەن قالايمىقانچىلىقتا قىرغىزىستاندىن قېچىپ كەلگەن مەنسۇرنى يوقىتىش ئۈچۈن سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن شېڭ شىسەي بىرلىشىپ ئېلىپ بارغان ھەرىكەت قوشۇلۇپ باي ناھىيىسى ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قالدى. مەنسۇر ئۆزىگە ياردەمچى، ئىتتىپاقچى تېپىش نىيىتىدە ئۆزىنىڭ بىر سىڭلىسىنى يىمىر تۆگىگانغا ياتلىق قىلدى. ئۇ شۇ ئارقىلىق ماخۇسەن قوشۇنلىرى بىلەن بىرلەشمەكچى ئىدى. شۇ چاغدا چۆچەكلىك ئابدۇللا ئۇمارۇپ دېگەن كىشى (سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي مەكتەپكە شىنجاڭدىن ئەۋەتىلىپ، ھەربىي تەلىم ئالغان

خادىم) ئاقسۇغا كېلىپ، ئاقسۇ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەل-
لىمىنىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ھەربىي قىسىمغا قوبۇل
قىلىپ، بىر پولك تەشكىللەپ، ئاقسۇ-ئاۋات تەرەپ-
لەردىكى ئىسيانىنى تازىلاپ، بايغا كېلىپ مەنسۇر بى-
لەن ئېلىشتى. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئەسكەر-
لىرى بىلەن بىر پولك بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ
مەنسۇر قاتارلىق باسمىچىلارنى بېسىقتۇردى. ناھىيە
خەلقى ئايروپىلان ۋە تانكىلارنى تۇنجى قېتىم كۆردى
ھەم ئۇلارنىڭ قودرىتىنىمۇ كۆرۈشتى.

1938-يىلى 2-ئايلاردا ناھىيىدە تىنچلىق
تەنتەنىسى ئۈچۈن چوڭ توي بولدى. تارقىلىپ كەت-
كەن ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ۋە بارلىق
مەكتەپلەر تېزلا ئەسلىگە كەلدى. ناھىيىگە قۇمۇللۇق
ئىبراھىم ھاجىم ھاكىم، ئوسمان داموللام ئۇيغۇر ئۇ-
يۇشمىغا رەئىس، ھاجى گىرەي غوجا سەئىدى مۇئاۋىن
رەئىس (ھاجى گىرەي بۇرھان شەھىدىنىڭ ئايالى
رەشىدە ئاپپاينىڭ ئىنىسى. تاشكەنتتە ئوقۇغان)،
ھەسەن نۇرى مالىيە مۇدىرى، نۇر مۇھەممەت مائارىپ
مۇدىرى، جامال بەكرى باش كاتىپ، تاھىر سابىتى
ساقچى، ئابلىز روزى بوغالتىر، تەشۋىقات بۆلۈم باش-
لىقى، رەھمەتۇللا يۇسۇپ، داۋۇت ھەمرايوپ مەكتەپ
روشۇسى (تەپتىشى)، ئېلى ئېزىز سادايى نەفسە مۇ-
دىرى، ماخمۇت قازى ھاجىم ئاۋقاپ مۇدىرى بولدى.

1938-يىلى ئىچىدە ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما
يېڭى بىناسى دارىلېتام (يېتىملەر مەكتىپى) بىناسى.

مىڭ ئادەم سىغىدىغان يېڭى زامان تىياتىر بىناسى، 10 جايدا باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 12 - ئايغىچە قۇرۇلۇش تاماملاندى. بۇرۇنقى 21 جايدىكى مەكتەپ 31 غا يەتتى. قايتا تەشكىللەنگەن سانايى نەفىسەگە يېڭىدىن زورەم ئەجمىدىن، ئابدۇكېرەم ئىبراھىم ھاجىم، ئايشەم ئىبراھىم ھاجى (ھاكىم ئىبراھىم ھاجىمنىڭ باللىرى)، بەختەم ھېكىموۋا، نىساخان تۇرپانى، ئەمەت راشىدىن، توختاش بەكرى، ھېكىم نۇر، پاتەم توختاش، قاسىم مۇھەممەت (رەسسام)، مەمەتىمىياز توختى (سوپىلېر)، داۋۇت ھەمرايۇپ، پەتتارجان، ھاجى نەمى، قۇربان ئابدۇللا، ھۇسەيىن ئېلى، يۇسۇپجان نىيازوپ، قاتارلىقلار تەكلىپ قىلىنغان.

سانايى نەفىسەگە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوكۋورلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۇچتۇرپان قاراقول ئارقىلىق گازۋاي، مۇزىكا سايمانلىرى گارمۇشكا، گىتار، ئىسكىرىپكا، ماندىلىن، ماندۇرا، پاتېفون ۋە پلاستىنكىلىرى سېتىۋېلىندى. سەھنە دېكوراتسىيەسى، پەردە، كىيىم، گىرىم ... قاتارلىقلار تولۇقلاندى. بۇنىڭدىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىليارت، شاھمات، توپ، سېتكا قاتارلىق تەنتەربىيە، مەدەنىيەت سايمانلىرى سېتىۋېلىپ، ئىشتىن سىرتقى مەدەنىي پائالىيەت يولغا قويۇلدى.

بۇ چاغلاردا ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن ھەر ئايدا دېگۈدەك يېڭى يېزىلغان ۋە تەرجىمە قىلىنغان سەھنە ئەسەرلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ناخشا تېكىستلىرى توپلاملىرى، تەشۋىقات ماتېرىيال-
لىرىنى شاپىگراپتا بېسىپ پۈتكۈل ئۇيۇشمىلارغا
تارقىتىپ تۇراتتى. جۇڭگو كومپارتىيىسى ئوتتۇرىغا
قويغان «ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزنى ھۇزۇن-
قەرز قىلىش ھەرىكىتىگە قارشى مىللىي بىرلىكسەپكە
ئۇيۇشۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش چاقىرىقى» پۈتۈن مەم-
لىكەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. باي ناھىيە-
مىزدىمۇ تەشۋىقات ھەيئىتى تەسىس قىلىندى. ئارقا
سەپ شىنجاڭ خەلقى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇ-
تۇشتا ئۇيغۇر ئۇيۇشما سانايى نەفىسە ۋە بارلىق
مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، زىيالىيلار مۇناسىپ ھالدا
ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلدى. ئالدىنقى سەپكە ئايروپى-
لان تەقدىم قىلىش، ئالتۇن تەقدىم قىلىش، جۇۋا
تەقدىم قىلىش، ھال سوراپ خەت - پايپاق تەقدىم
قىلىش، ئالدىنقى سەپتە دۈشمەنلەر بىلەن جەڭ قى-
لىپ قۇربان بولغانلارنىڭ نارسىدە يېتىم باللىرىغا
كىيىم، ئاشلىق تەقدىم قىلىش، ھال سوراش خېتى
ئەۋەتىشتەك ئۇلۇغ ئىشنى بېجىرىشتە ناھىيىلىك ئۇ-
يۇشما سانايى نەفىسە تەشۋىقات ئەترىتى بولۇپ
ئۈنۈملۈك خىزمەت ئىشلىدى. شەھەر، يېزا، قىشلاقلار-
غا بېرىپ ۋەتەننى مۇنقەرزچىلىكتىن قۇتقۇزۇش تەر-
غىباتچىلىقىنى ئادا قىلدى. تاكى 1938 - يىلى 1 -
ئىيۇلدىن 1945 - يىلى ياپون تاجاۋۇزچىلىرى تەس-
لىم بولغانغا قەدەر سەككىز يىل ئىچىدە باي ناھىيىسى
ئۈچ ئايروپىلان ئىئانە قىلغان. بۇنى ناھىيە ھاكىمى

ئىبراھىم ھاجى يىغىنىدا ئېلان قىلغان (ھاكىم ئىبراھىم ھاجىم 42 - يىللاردا بولسا كېرەك شېڭشىسەي تۈرمىسىدە ئابوت قىلىنغان). باي ناھىيە سايرام ئەئلەم بىر ئايروپىلان ئۈچۈن 500 يامبۇنى شېڭشىسەيگە تەقدىم قىلغان. 1938 - يىلىدىن 1942 - يىلىغىچە مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرى كىشىنى مەمنۇن قىلارلىق ھالدا روناق تاپتى. تىياتىر ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما بېنى (ئېلى ئەزىزنى) مىڭ سەر تەڭگە بىلەن قەشقەرگە ئەۋەتتى. 30 تو قىز - يىگىت ئارتىسلار ئۈچۈن تاۋار، دۇخاۋا، ئەتلەس، شايى كىيىم، ئۈچ قىسىم كۆرۈنۈشلۈك مەنزىرە ۋە ئۆي، دېكوراتسىيە، 30 دانە سەھنىدە ئىشلىتىدىغان جا مىلتىق (يالغان مىلتىق)، تاپانچا، پىلىموت، ھەربىي كىيىم، داۋجۇي (سەھنىدە ئىشلىتىدىغان سايمان)، 20 دانە تەمبۇر، چاڭ، ساتار، دۇتتار، غىجەك، ئىسكىرىپكا، ساز قوراللىرى(ئىككى ساندۇق) ۋە ئۈچ ھارۋا تاۋار (گەز مال) ئەكىلىپ تىياتىرنىڭ سەنئەتلىك ماددىي ئەشيالىرى تولۇقلاندى. ياش سەنئەتچىلەردىن مۆمىن ئەكبەر، سالى، نىياز يۈسۈپ، زىياۋۇدۇن، لېتىپ قاتارلىقلارنى قوبۇل قىلدۇق. 1940 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى بايغا كەلگەندە ئۇلارنى قارشى ئېلىپ، «شاڭخەي كېچىسى»، 10 كونسېرت قويۇپ قارشى ئالدۇق. ۋاڭ باۋچەن ھەممىمىزنى قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ خور دۆيىدىن بىر نەچچە ناخشا ئۆگەندۇق. ئۇلار

كەتكەندىن كېيىن، يېڭى كۆلزىقا ئوت كېتىپ كۆيۈپ كەتتى. ئۇيۇشما رەئىسى ئىمىن نەقى، هاكىم چىلىك رەن-كۆي بىلەن بىرلىشىپ بىزنى خائىن دەپ يالغان ئەرزە پەيدا قىلىپ، ئۆلكىگە مەلۇم قىلىنغان. ئۆلكىدىن كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئىنچىكە تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشى. ناھىيە خەلقىنىڭ قارا نىيەتچىلەرنىڭ سۇيىقەستىنى پاش قىلىشى بىلەن سۇيىقەستچىلەر جازالاندى.

ناھىيىنىڭ تىياتىر ئىشلىرى قايتا باشلاندى.

شۇ چاغلاردا ئوينالغان يىرىك ئەسەرلەر: «شاڭخەي كېچىسى»، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»، «18 - سېنتەبىر ۋەقەسى»، «سامساق ئاكاك قايىنايدۇ»، «پىردىخۇن»، «شەرمەندىلەر»، «خىيالى تىۋىپ»، «سۆلەت» «رابىيە - سەيدىن»، «گۇلىنىسا»، «كۆرەش قىزى»، «ئارشىن مال ئالان»، «غېرىپ - سەنەم»، «باي بىلەن مالاي»، «ساۋاتسىزلىق» قاتارلىق دىراما، ئوپېرا كومېدىيىلەردىن ئىبارەت ئىدى.

ناخشا - ئۇسۇل نومۇرلىرىدىن:

1 - پىدائىلار مارشى

ئازادلىقتىن كېيىن دۆلەت شېئىرى (گىمنى) قىلىندى.

سۆزى تيەن خەننىڭ، مۇزىكىسى نې ئېرنىڭ.

ھەممەت ھېكىمى ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان.

«قوزغال.

قول بولۇشنى خالىمىغانلار،

گۆش ۋە قېنىمىز بىلەن
مەھكەم ئىستىھكام قۇرايلى.
جۇڭخۇا مىللەتلىرى.
ئەڭ خەتەرلىك ھالدا،
ھەر كىشىنىڭ دەھشەتلىك،
ئاچچىقى چىقماقتا.
قوزغال! قوزغال!!
ھەممە بىر نىيەتتە،
دۈشمەندىن ھېچ قورقماي ئالغا باس.
ئالغا باس، ئالغا باس!»

بۇ شېئىرنى ئۆمىكىمىز خور قىلىپ، ھەر قېتىملىق ئويۇندا ئوقۇغان. ھەتتا بارلىق مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، دېھقانلارغىمۇ ئۆگەتكەنىدۇق.

## جۇڭگو پارتىزانلىرى

دېكلاماتسىيە. (ل. مۇتەللىپ سۆزى)

جەڭ قايناملىرى دېڭىزدەك قايناپ تۇرىدۇ،
ئاچ كۆز ياپونلار بىزگە قارشى سويلاپ يۈرىدۇ.
ياغدۇرۇپ بومبا، چېچىپ زەھەرلىك گازلار،
يىرتقۇچ ھايۋاندەك قان كېچىپ بويلاپ يۈرىدۇ.
شۇ پۇرۇخلىغان چوك كۈرەش مەيدان ئىچىدە،
كۆكرەك كېرىپ بارماقتا بىزنىڭ پارتىزانلار.
سوقۇشلار بېرىپ ھەر بىر قەدەمدە فاشىستلارغا،
قانلار كېچىشىپ ئىنتىقام ئالماقتا ئارسلانلار.
تۈن كېچىلىرى ياتمايدۇ دۈشمەننى كۆزلەپ،
قايتىدۇ جەڭدىن دۈشمەننى دۇمىلىتىپ يۈزلەپ.

www.uyghurkitap.com

ئالمي بولغاچقا تىلىمكى قىلماي هېچ نالە،
كېتىپ باردۇ ياپونىنىڭ ئاكۇبىنى تۈزلەپ.
(1938 - يىل سېنتەبىر)

## كۈرەش مارشى

(خور) سۆزى ل. مۇتەللىپنىڭ.

ئازادلىق كۈرەشنىڭ شانلىق دېڭىزى،
دولقۇنلاپ تىك قىرغاقلارغا تاشتى.
كۈرەشكە ئامراق بۇ جۇڭگو خەلقى.
ئازادلىققا كەڭتاشا ئىشىك ئاچتى.

نەقرات
دولقۇنلار ئارىسىدا راسا قاينايمىز،
چېكىنمەيمىز، يانمايمىز ئالغا چامدايمىز.

يېڭىش شەكسىز بىزنىڭ بولغاچقا،
كۈرەشنىڭ سىرلىرىنى ئوبدان ئۆگەندۇق.
هەر دوقمۇشتا هوررا ۋارقىراپ چامدىدۇق،
يەر، هاۋادا، سۇدا ئۈستۈنلۈك قازاندۇق.

بۇ خور ئوقۇلغاندا تاماشىچىلارنىڭ جاسارىتىگە جاسارەت قوشۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك كەيپىياتىنى ئۇرلىغايتىدۇ.

## 2 - خور

ل. مۇتەللىپ سۆزى

ئۆلۈم يا كۆرۈم دەپ مىليونلىغان ئەل.
قانلىق مەيدانغا چۈشتى باغلاپ مەھكەم بەل.
بۇ يولدا ئاقسىمۇ قانلار بولۇپ سەل،
بۇ كۈرەش مەقسىتىمىزنى قىلغۇسىدۇر ھەل.
بىر، ئىككى، ئۈچ.

بىرلىكتەدۇر كۈچ.

3 - خور

سۆزى كولىكتىپنىڭ

ياپون قانغور ئەك ئۇستا قىرى تۈلكە.
ھىلىگەرلىك ئالدامچىلىق ئۇنىڭ ھۈنىرى.
ھىلىسىگە كۆنمىسە، ئالدانمىسا خەلق،
ئۆز تۈسىنى ئۆزگەرتىپ بولىدۇ بۆرى.

نىقرات
ياپونلارنى ئۈچ ئۆلكىدىن قوغلايلى،
ئۇلۇغ ۋەتەن تۇپرىقىنى قوغدايلى!

قار، شىۋىرغان، بورانلاردا جەڭلەر قىلغان،
ئالدىنقى سەپ باتۇرلارنى ئويلايلى.
مەدەت بېرىپ ئالدىنقى سەپ، جەڭ مەيدانىغا،
ئايروپىلان، كېيىم - كېچەك يوللايلى!

نىقرات

سانائى - نەفىسە ئۆمىكى ناھىيە دائىرىسىدە تاغ - داۋانلارنى ئېشىپ قىر - دالا، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىكى خەلقلەرگە ئويۇن قويۇپ ۋە ئېغىز تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە كىرىم قىلىپ، ئىئانە توپلاش ھەيئىتىگە تاپشۇردى. ناھىيىلىك ئىئانە توپلاش ھەيئىتى تەشۋىقاتىمىزنىڭ نەتىجىسىنى يۇقىرى باھالىدى. يەنى ناھىيىمىزنىڭ ئىككى ئايروپىلان تەقدىم قىلىش ۋەزىپىسى بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۈچ ئايروپىلان تەقدىم قىلىپ يۇقىرىنىڭ مەدھىيىسىگە ئېرىشكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ۋەزىيەت ئۆزگەردى

1943 - يىلى بايدا گومىنداڭ پەرقىسى قۇرۇلدى. ئالتە سىياسەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. يەنى 1942 - يىلىلا شىڭشىسەي خەلقتىن يۈز ئۆرۈپ، شىنجاڭدىكى كوممۇنىست، زىيالىيلارنى ۋە ئۇلارنىڭ تەربىيىسىدە ئۇسۇۋاتقان ياش ئىنتىلگۈچىلەرنى سۈرگۈن قىلدى، قامىدى. ئۆلكىلىك جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنى تارقىتىۋەتتى. سوۋېت كىتابلىرىنى ئوقۇغان كىشىلەر تەرگاۋ قىلىندى. كىتابلارنى يىغىۋالدى. بىر قانچە ئىلغار زىيالىيلارنى خىزمەتتىن بوشاتتى. ئۇيغۇر ئۇيۇشما تىياتىرىدىنمۇ مۇھىم كىشىلەر ھەيدەلدى. تارقالدى. باي ناھىيىلىك گومىنداڭنىڭ ساقچى ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ تىياتىرى قۇرۇلدى. ئۇنىڭدا شەھۋانىلىق، چۈشكۈنلەشكەن ئۇيۇنلار ئوينىلىشقا باشلىدى. جاڭ دۇسانىڭ خوتۇنى نىيازەك سەتەك، ئا شۇڭگەننىڭ ئايالى ئەلاخان قاتارلىقلار ئاساسلىق ئارتىستلىرى ئىدى. 1944 - يىلى نويابىردا ئىلى ئىلقا خەلقلىرىنىڭ گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلابى قوزغالدى. بۇ چاغدا ئاقسۇ 5 - پولك، باي مۇز داۋان يولى قوغاندا، كۇچا 4 - پولك باي قىيىر رايون بوز كىرىگىدە ئىستىھكام قۇرۇپ، ئورۇنلاشتى. مەنمۇ (ئىبلى ئېزىز) 1944 - يىل 2 - ئايدا ئۇيۇشما سانائى نەفىسە خىزمىتىدىن ھەيدەلدىم. ئابدۇللا داۋۇتوپ 1937 - يىلى شىنجاڭدىن تاشكەنتكە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن زىيالىيلار بىلەن ئوقۇپ كېلىپ،

ئۆلكە مەركىزى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا رەئىس، شىنجاڭ شۆ-
يۈەنىنىڭ تارىخ مۇئەللىمى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش
ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى بولغان مۇشۇنداق ئادەمنى باي-
غا، ل مۇتەللىپنى ئاقسۇغا، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنى ساۋەن
ناھىيىسىگە پالىغان. بايدا ئابدۇللا داۋۇتوۋنىڭ كەينىگە
ئەگىشىپ قويغان بولسىمۇ، ئۇ سوتسىيالىزمنى ياقلايدىغان
ماركسىزم نۇقتىئىنەزەرىگە ئېتىقاد قىلىدىغان كىشى
بولغاچقا ئۇنى 1945 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى
ئىدارىسىگە يالاپ ئېلىپ كەتتى. شۇ يىلى 2 - ئايلاردا
باي قىبىر رايونىدىن ئىككى مالچىنى — بىرىنىڭ
ئىسمى ھاكىم، يەنە بىرى قازاق مالچى بولۇپ بۇ
ئىككى كىشىنىمۇ ئاقسۇغا يالاپ ئېلىپ كەتتى. ئەرمىيا
ئېلى سايرامىنىڭ ئىنىسى ئابدۇقادىر ئېلى، ئىسمايىل
قۇربان (ئۇيغۇر ئۇيۇشما مائارىپ بۆلۈم باشلىقى)،
ئوسمان قاسىم (ياقا ئېرىق مەكتەپ مۇئەللىمى)، ئەھەت
يۈسۈپ (مۇئەللىم)لار ئۈرۈمچىدىن شۆيۈەندە كومۇنىست
مۇئەللىملەردە ئوقۇغان، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇ-
يۇشمىسىنىڭ ئەزاسى بولغانىكەن. بۇلار 24، 25 ياش-
لاردىكى ئىللىق ياشلار ئىدى. بۇلارنىمۇ ئاقسۇغا ئې-
لىپ كەتتى. بۇلارنىمۇ 1945 - يىلى 18 - سىنتە-
بىردە، ل مۇتەللىپ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا 37 ياشنى-
دەھشەتلىك ھالدا ئۆلتۈرۈپ سېپىل ئاستىغا كۆمۈۋەت-
تى. 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئابدۇكېرىم
ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سوۋۇروپ-
لار باشچىلىقىدىكى ئىلى مىللىي ئىنقىلابچىلار قو-

شۇنى قىپىر بوز كۆۋرۈكى بىلەن ناھىيە تەۋەسىـ
كىردى. 17 - كۈنى باينى ئازاد قىلىپ، ناھىيىنىڭ
ھاكىمىلىقىغا ئوسمان داموللام، ئىسمايىل قازى، تىنچـ
لىق ساقلاش ئىدارىسىگە ياسىن ئەخمىدى، ئېلى ئىمىزىز،
مالىيە ئىدارىسىگە ھەسەن نۇرى، مەدەنىي مائارىپ
ئىدارىسىگە نىشىھەت ئەرمىيا ئېلى سايرامى ... لارنى
سايلاپ، يېڭى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىدى. مىللىي
قىسىمغا 300 دەك يېڭى ئەسكەر قوبۇل قىلدى. 23 -
ئاۋغۇست مىللىي قىسىم قورغان مۇزداۋان يولىنى
توسۇپ ياتقان گومىنداڭ قىسىملىرىغا قارشى يۈرۈش
قىلدى. بۇ چاغدا ئۇيۇشما خادىملىرى، مەكتەپلەرنىڭ
ئوقۇتقۇچىلىرى، سانايى نەفىسەنىڭ ئارتىستلىرى،
يېشى چوڭراق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مىللىي
قىسىمغا قاتناشتى. يېڭى تەسىس قىلىنغان ناھىيەـ
لىك تىنچلىق ساقلاش ئىدارىسىگە يۈسۈپ ئەيدى
(ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتىدە، پېنـ
سىيىگە چىققان). كەنجى ئىبراھىم بولار سايرام، ياقـ
ئېردىق شۆبە ساقچى ئىدارىسىگە باشلىق بولدى. ئەيسا
توختى (ھازىر ئاقسۇ ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشـ
قارمىسىدا، پېنسىيىگە چىققان) مامۇت نىياز. (ئازادـ
لىقتىن كېيىن خوتەن ۋىلايىتىدە ۋالى بولغان 85 -
يىلى ۋاپات بولدى)، ھامۇت ئىمىزىز (تاشكەنتتە، 88 -
يىلى ۋاپات بولدى)، مەمەتنىياز توختى (ھازىر بايدا)،
مامۇت ھاشىم (بايدا 1986 - يىل ۋاپات بولغان)،
ئېبلى جېلىل (ھازىر سودا نازارىتىدە، پېنسىـ

يىڭە چىقتى)، ئەمەت راشىدىن (باي سايرام ئوتتۇرا مەكتەپتە پىنسىيىگە چىقتى)، ئەمەت غازى (قەشقەر ھەربىي رايونىدا، پىنسىيىگە چىقتى)، روزى ئىبراھىم (ۋاپات بولۇپ كەتتى)، رەھمەتۇللا يۈسۈپ (1985 - يىل بايدا ۋاپات بولدى)، ھاشىمبەگ (تەرجىمان، 1968 - يىل ۋاپات بولغان)، توختاش بەكرى (49 - يىلى ئىلىدىن سوۋېتقا چىقىپ كەتكەن)، قۇربان ئابدۇللا (ھازىر ئاقسۇدا)، رەھمەتۇللا مەمەتوپ قاتارلىق 45 كىشى باي ناھىيە ساقچى ئىدارىسىدا ئىشلىگەن. 1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنلىرى بولسا كېرەك مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاقسۇدىن چېكىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن ساقچى ئىدارىسىدىكى بارلىق كىشىلەر ئىلىغا چىقىپ كەتتۇق. ناھىيىنى گومىنداڭ قوشۇنلىرى قايتا بېسىۋالدى. ناھىيىنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، مەكتەپلەر تاقىلىپ، ناھىيىنى قاراڭغۇ زۇلمەت قاپلىدى. مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقانلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى جازاغا تارتتى. رەسىمچى زىيالى قاسىم مەھەممەتنى ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈردى. ئارتىستكا تۇرسۇنخان قۇربانى قەبىھ ئۇسۇلدا ھالاك قىلدى. ناھىيىگە سېپىل سېلىش باھانىسى 46 - يىلدىن تاكى ئازادلىققىچە تۆت يىل دېگۈدەك سېپىل ھاشىرى ئارقىلىق خەلقنىڭ قان - يىلىكىنى شوراپ ھالىنى قويمىدى. ئىجتىمائىي ئەخلاق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

ئىلىغا چىققاندىن كېيىن، سوپاخۇن ئىسكا-

www.uyghurkitap.com

دىرونى ئاقسۇ باي ناھىيەسىدىن پىدائىمي بولۇ- چىققانلار ئارقىلىق تەرتىپكە سېلىنىپ، سوپاخۇن ئاتلىق تېكەس پولكى دەپ ئاتالدى. پولىك ئىچىدە سەنئەت كورژۇكىنىڭ ئاساسلىق ئارتىسلىرى ئاقسۇ - بايدىن چىققان جەڭچىلەر ئىدى. ئۇلار «غېرىپ - سەنەم» ئوپېراسىنى ئوينىغان. ئاساسلىق رولچى، ھۆزدكانتلىرى بايدىن چىققان ئارتىسلار ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن ناھىيەدە تىياتىر تەشكىل قىلىندى.

1949 - يىلى ئۇلۇغ ئۆكتەبىر كۈنلىرىدە ئازادلىق ئارمىيە ناھىيىمىزگە تۇنجى قەدەم باسقاندا، ئارمىيىنى قارشى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىغا چىققان ئونمىڭلاپ ناھىيە خەلقلىرى بىلەن سەنئەتچىلەر ناغرا، داقا - دۇمباقلار بىلەن ئىسسىق ياشلىرىنى تۆكۈپ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى كۈتۈۋالدى. ئۆيلىرىگە باشلاپ قونالغۇ قىلىشتى. ئازادلىق ئارمىيە «ئاق چاچلىق قىز» بىلەن ئارمىيىنىڭ سەپەردىكى تۇرمۇشىنى كەڭ مەيداندا ئون مىڭدەك ئاھالىگە كۆرسەتكەندە، ناھىيە خەلقى خەلق ئازادلىق ئارمىيىنىڭ خەلق سۆيەر ئۇلۇغ پەزىلىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى. كىشىلەر ئىختىيارسىز «ياشىسۇن ماۋجۇشى، ياشىسۇن كوڭچەنداڭ، ياشىسۇن خەلق ئازادلىق ئارمىيە» دەپ توۋلاپ ئىسسىق ياش تۆكۈشتى.

1950 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى مېنى ناھىيىلىك ئىتتىپاققا باشلىق، سەن-

ئەت ئۆمىكىگە مۇدىر قىلىپ تەيىنلەندى. مەن «ئاھ-بالغا تارتۇق قىلىنغان قىز»، «گۈلنار» دېگەن سەھنە كىتابلىرىنى يازدىم. پارتىيىنى، ئارمىيىنى، ئەمگەكنى مەدھىيىلەيدىغان نومۇرلارنى تەييارلاپ يېزا - قىشلاقلارغا پىيادە يۈرۈپ، مۇئاۋىن ھاكىم ۋالغرۇتنىڭ بىلەن ناھىيىنى ئايلىنىپ ئازادلىقىمىزنىڭ تۇنجى ناخشىسىنى ئاممىغا يەتكۈزدۇق.

مەن 1951 - يىلى ئاقسۇ تىياتىر ئۆمىكىگە، 1954 - يىلى قەشقەر رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆمىكىگە، 1957 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل، دراما تىياتىر ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ سەنئەت ساھەسىدە ھازىرغىچە 53 يىل ئىشلىدىم. 1991 - يىلى 2 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىقتىم. ھازىر خاتىرجەم، بەختلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتىمەن.

1993 - يىل

# باي ناھىيىسىدە بولۇپ ئۆتكەن «مۇسا خەلىپە قوزغىلىڭى»نىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىم.

توختىسىمەت

### 1. سوپىغا ئەۋەتىلگەن خەت

...... خوتەنگە قېچىپ بېرىپ، خوتەن خەلقىنى ئۈچ يىل خانىۋەيران قىلغان ماخۇسەننىڭ بىرقىسىم قاچاق ئەسكەرلىرى ئاچكۆزلۈك بىلەن تەرەپ-تەرەپلەرگە چاڭگال سېلىپ، ھالاكەت گىردابىدىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئۇرۇنغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلاردىن بىرلىيەن خۇيزۇ ئەسكەرلىرى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورو چۆل يېزىسى ئارقىلىق بېسىپ كېلىپ، ئاۋات ناھىيىسىنى ئېلىپ ئاقسۇنى ئەلىمان قىلىپ، باي ناھىيىسىگە قاراپ يولغا چىقتى! بۇ بىرلىيەن ئەسكەرلەر ئاتلىق بولغانلىقتىن بىر كۈندىلا باي ناھىيىسىنىڭ ياقىرىق يېزىسىنى ئىشغال قىلىپ، ياقىرىق خەلقىنى باي تەرەپكە (شەھەر تەرەپكە) ماڭدۇرماي،

چوڭ-كىچىك يوللارنى قامال قىلىپ پوست ئورۇن-
لاشتۇردى. نەتىجىدە بۇ يېزىنىڭ (شەھەردىكى شىك
دۇبەن دائىرلىرى بىلەن بولغان) ئالاقىسى پۈتۈنلەي
ئۈزۈپ تاشلانغاندىن كېيىن، مەلۇم بىر كىشىنى ساھىل
(تىلەمچى) قىياپىتىدە ياساپ قولىغا راۋاپ تۇتقۇزۇپ
...... باي ناھىيىسىنىڭ يېڭى بازاردا ئولتۇرۇشلۇق
مۇسا خەلپىگە (سوپىلارنى ئەتراپىغا يىغىپ، مەسچىت-
لەردە جەھرى سېلىپ ئىشانلىق ۋە تەرىقەتچىلىك
تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن) باي ناھىيە-
لىك ساقچى ئىدارىسىنى قولغا چۈشۈرۈۋېلىش ھەققىدە
بىر پارچە خەت ئەۋەتتى. بۇ خەتنى كۆرۈپ چىققان
مۇسا خەلپە ئالاھىدە تەييارلىق قىلىپ، كېلىش
ئالدىدا تۇرغان بازار (جۈمە) كۈنىنى تەقەززالىق
بىلەن كۈتتى ۋە بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن
كېچىچە ئۇخلىماي، سوپى-ئىشانلار بىلەن ئالدىقانداق
پىلانلارنى تۈزۈپ ئەتىكى جۈمە كۈندە ساقچى ئىدا-
رىسىنى قولغا چۈشۈرۈشنى قارار قىلدى.

## 2. ساقچى ئىدارىسىنى ئېلىش

1937-يىل 7-ئاي، مەن (توختى سەيدىت)
ياتۇر يېزا ئىشتارجى كەنت مەكتىپىدە مۇئەللىم
ئىدىم. بىر پەيشەنبە كۈنى شەھەرگە كىردىم. ئەتىسى
(جۈمە كۈنى) چۈش ۋاقتى بىلەن ئويبازار «گەيشالك»
كوچىسىدا بازار ئايلىنىپ يۈرسەم، توساتتىن گۈكىرە-
گەن ئاۋاز ئاڭلىنىش بىلەن ھاۋا بوشلۇقىدا ئېگىز
ئۇچقان بىر ئايروپىلان پەيدا بولۇپ قالدى. ھەسدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شەھەر ئۈستىدە پەسلەپ ئۇچۇپ ئۈچ قېتىم ئايلاندى بىر توپ ئاقتېرەككە ئايروپىلاننىڭ قانىتى تېگىپ كېتىپ شاخلىرىنى سۇندۇرۇۋەتتى. بۇ مەزگىلدە ناھەيىلىك ساقچى ئىدارىسى «گەيشاڭ» كوچىسىدا (ھازىرقى 4 - ئاھالىلەر كومىتېتىدا) بولۇپ، بىر شەخسنىڭ قورۇسىدا ئىدى. دەل شۇ پەيتتە يېنىغا تاپانچا ئاسقان، بېشىدا قاسقان شەپكىسى بار ساقچى ئىدارە باشلىقى- ئىمىن جوجاڭ ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ 12 چىشلىق قىزىل بايراقنى ئايروپىلانغا قارىتىپ ئۈچ قېتىم چۆرگەن ئىدى، ئايروپىلانمۇ ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ (ئەل ئامان خاتىرجەم ئىكەن دېگەن بولسا كېرەك) شەرق تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ... بىر سائەت ئۆتمەستىن، ئىمىن جوجاڭ ساقچى ئىدارىسى ئالدىدا پەيدا بولۇپ ئىككى قولىنى ئارقىسىغا تۇتقان ھالدا، كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەرگە قاراپ تۇراتتى. قارا چاپان كىيگەن بىر ئەسكەرمۇ ئىشىكتە پوستتا ئىدى شۇ ئارىدا مۇسا خەلپە، ئوغلى ياسىن ۋە ئەھمەت لىيەنجاڭ، ئىدرىس، سوپۇرگى چورۇق قاتارلىق كىشىلەر تۇيۇقسىز ساقچى ئىدارىسى ئالدىغا پەيدا بولۇپ قالدى...

... ئۇلاردىن بىرسى چەبدەسلىك بىلەن ئىشىكتە پوستتا تۇرۇۋاتقان ئەسكەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— جوجاڭ بارمىدۇ؟ — دەپ گەپ سورىغان بولۇپ، (شۇ مىنۇتتا، ساقچى كەينىگە ئۆرۈلۈپ جوجاڭ ئىشخانىسىنى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىپ

گەپكە جاۋاب بېرىپ بولغۇچە) ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىگە
كاچچىدە بىر مۇشت سېلىپ پوستىنى يىقىتىپ
قورالىنى تارتىۋالدى. ئۇنىڭغىچە ئەمەت لىيەنجاڭ
ئارقا تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۈشتۈم-
تۈتلا ئەمىن جوجاڭنىڭ قولىنى باغلىۋالدى. ئار-
قىدىنلا ساقچى ئىدارىسىنىڭ قېشىدىكى ناۋايخانىغا
موكۇنۇپ ماۋسا خەلپىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرغان
سوپى-قىمارۋازلارمۇ ئېتىلىپ بېرىپ، قالغان ساق-
چىلارنى تۇتۇپ باغلاپ، مىلتىقلىرىنى قولغا چۈشۈردى.
ئەسكەرلەرنىڭ قورال-ياراق، ئوق-دورىلىرىنى،
كىيىم-كېچەكلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ بولۇپ ناھىيىلىك
ھۆكۈمەتكە باستۇرۇپ كىرىپ، ھاكىم سادىق ھاجىدىن
ھۆكۈمەت تامغىسى تارتىۋالدى. ئۇلار ناھىيىلىك
ھۆكۈمەتنى ئېلىپ، كوچىغا چىقىپ تەنتەنە قىلىۋاتقا-
قاندا، سوپىلاردىن بىرسى ئورۇندۇق ئۈستىگە چىقىپ
(بازار ئەھلىگە):

— خالايىق، بىز بۈگۈندىن باشلاپ ئەللام
ئاچتۇق!...، قارا ئەتلارنىڭ (ساقچىلارنى دېمەكچى)
پېيىنى قىيىمىز!» — دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ
جارسالدى.

ئادەملەر ھەيران قالدى. ئاخىرىدا، ئەمىن جو-
جاڭنىڭ قورالسىزلاندۇرۇلغان ساقچى، ئەسكەرلىرىنى
(ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئېلىشقا) قويۇپ بەردى. لېكىن
ئەمىن جوجاڭنىڭ قولىغا كويزا، پۇتىغا ئىشكەل
سېلىپ، قاماپ قويدى. شۇ كۈنى ئەمىن جوجاڭنىڭ

تاپانچىسىنى ئاسقان مۇسا خەلپە، تۆرتى سۈپەتلىقتە
ساقچى قىياپىتىگە ئۆزگەرگەن هالدا ئۆزىنى ئوتتۇرىغا
ئېلىپ قوغداۋاتقان 20 «ئەسكەر» بىلەن؛
— ساقچىلار، شەھەرنى پەتهى قىلدۇق، مانا كۆ-
رۈڭلار — هە...» دەپ ئۆزىنى بازارغا سالدى.
كوچىنىڭ ئىككى يان تەرىپىدە تۇرغان سودىگەر-
لەر ۋە هۈنەرۋەن كاسىپلار قول قوشتۇرۇپ؛
— «ۋاي، مۇبارەك بولسۇن!.... ئۆزلىرىگە رەھمەت
ئېيتىمىز!» دېيىشىپ ئېگىلىپ تازىم قىلىشتى. مۇسا
خەلپە بولسا، سۈپىي، «ئەسكەرلىرى» بىلەن يېڭى
بازار تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

### 3. كېچىسى كەلگەن خۇيزۇلار

7-ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، كېچە بولۇپ، بىخا-
رامان ئۇخلاۋاتاتتۇق. سەھەر ۋاقتىدا، باي بازىرىنىڭ
تار كوچىلىرىدا، ئاتلارنىڭ تۇياق ۋە كىشنىگەن
ئاۋازى بىلەن كاناي ئاۋازى قۇلاققا كىردى......، مەن
ئەنسىزلىك ئىچىدە ئويغىنىپ كېتىپ، نېمە ئەھۋال
ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرۇپ،
ئويبازاردىكى كېرەم موللىنىڭ دېنى تەرەپكە باردىم.
دەندە خامدىن تىكىلگەن كۈلرەڭ چاپان كىيگەن،
يېنىدا قىلىچ مورىسىگە بەزىلىرى مىلتىق ئېسىۋالغان
خۇيزۇ ئەسكەرلىرى يۈرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاشپەزلىرى
دەنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يوغان قازانلىرىنى ئېسىپ
چاي قاينىتىۋېتىپتۇ. شەھەر سىرتىغا پوست قويۇپ،
كوچىدىن كەلگەن ۋە ماڭغان يولۇچىلارنى



www.uyghurkitap.com

ماڭغىلى قويماي، ئۇلارنى شەھەر ئىچىدىكى خۇيزۇلار
كۆرگىلى كەلگەن 200 دەك ئادەم بىلەن قوشۇپ
دەڭگە سولىۋالدى. (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەنمۇ بار ئىدىم)
ياشلارنى ئەسكەر بولۇشقا قىستىدى، بىز ئىچىدە بىلى-
دۇرمىدۇق. نەتىجىدە (ئەگەر ئايرىپلان كېلىپ قالسا،
مۇنداق يىغىلىپ تۇرۇشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى
چۈشەندۇرۇپ) بىر سائەتتىن كېيىن دەڭدىن ھەم-
مىمىزنى چىقىرىۋەتتى. مەن بىر لەچچە كۈن ئىش-
تارچى مەكتەپكە چىقالماي شەھەردە تۇرۇپ قالدىم.
شۇ كۈنلەردە كوچىدىن ئاقسۇغا ئوقۇشقا ماڭغان ئىمىن
توختى قاتارلىق 10 دەك ياش بالىلارنى ئۇلار
(بۇ ياشلار بېشىدا چاچ قويغان، شىلەپە كىيگەن،
ئۈستى-بېشى پاكىزە، مەدەنىي قىياپەتتە بولۇپ
گودۇك ھارۋىسىغا چۈشۈپ چىققان ئىكەن، خۇيزۇلار
بۇ ياشلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ ھارۋىدىن چۈشۈرۈپ)
دەڭگە ھەيدەپ كىردى ۋە ئۇلارنىڭ تەقى-تۇرقىغا
قاراپ:

—«سىلەر كوممۇنىست ئىكەنسەن، كالىلاڭنى
ئالىمىز» دەپ قورقىتىپ، كىيىم-كېچەكلىرىنى تار-
تىۋالدى. ئۇلار قورقۇپ يىغلاشتى. خۇيزۇلار ئۇلارنى
تەھدىت بىلەن مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە ئېلىپ، يەر-
لىكتە سوقۇلغان كېلەڭسىز قېلىچلىرىنى تىزتىقۇزۇپ
ھارۋىلىرىنى ئولجا ئېلىپ، باي ناھىيىسىنى مۇسا
خەلپىگە تاپشۇرۇپ، كوچاغا يورۇپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### 4. مۇسا خەلپىنىڭ پائالىيىتى

مۇسا خەلپە يېڭى بازاردىن، 45 ياشلاردىكى ئوتتۇرا بوي، دوغىلاق سىمىز ئادەم بولۇپ، بايىدىكى سوپى ئىشانلارنىڭ «سوپىزم» تەر-غىباتچىسى ھەم يولباشچىسى بولغاچقا كېيىنكى ۋاقىتتا كىشىلەر ئۇنى خەلپە نامى بىلەن ئاتايتتى. قوزغى-لاڭدىن كېيىن ئۆزىنى «مۇسا تۇەنجاڭ» دەپ ئېلان قىلىپ، ئوغلى ياسىننى «پەيجاڭ» قىلىپ بەلگىلىدى. شۇ كۈنلەردە (باينى پەتھى قىلدىم دەپ) سەلتەنەت سۈرۈۋاتقان مۇسا خەلپە بولسا، ئۆزىنىڭ ئەسكەر-لىرىنى ئاز كۆرۈپ خەلققە بۇيرۇق ۋە يارلىق چۈشۈرۈپ، ئەسكەر ئېلىش بىلەن باي خەلقىنى قاقشىتىپ، ئەس-كەرلىرىگە ئات، ئاتلىرىغا قوناق، يەم-بوغۇز، ئالۋان سېلىپ، يۇرت ئىچىنى پاراكەندە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يېڭى ئالغان ئەسكەرلىرىنىڭ بېشىغا ئاق شاپاق دوپپا كەيدۈرۈپ، «بىسمىللا سېپىۋۇللانە» دېگەن خەتنى ئۇ ئۆز بىلىكىنىڭ يېڭىگە چاپلىتىپ ھەربىي مەشىق ئۆگەتتى. ئۇلارنىڭ ھەر ئون ئادەمدە بىردىن توققۇز ئاتار مىلتىق، بىردىن بەردەڭگە (بىر ئاتار مىلتىق) بولۇپ، قالغانلىرى يەرلىك نەيزە-قىلىچلار بىلەن قوراللىنىپ، يېڭى بازار باشلانغۇچ مەكتىپىنى (ھازىر 1-باشلانغۇچ مەكتەپ) شتاب قىلىپ، سىنىپ، ئۆي، پارتا-ئورۇندۇقلارنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئاخىردا مۇئەللىملەر ئارقا-ئارقىدىن كېتىپ ئوقۇ-تۇش مەجبۇرى توختىدى. شۇ ۋاقىتتا باي ناھىيىسىدە

150 تەك ئوقۇتقۇچى بولۇپ، مۇسا خەلپە خۇيزۇلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ئەسكەر بولۇشقا مەجبۇرلىغاندا «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» رەھبىرى مەرھۇم ئوسمان داموللام ئالاھىدە ئارىغا چۈشۈپ:

—«مۇئەللىملەرنى ئەسكەرلىككە مەجبۇرىي قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن خەت يېزىلغان خەسىگە ئۇيۇشمىنىڭ تامغىسىنى بېسىپ سول دەيدىمىزگە چاپلاپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ئەسكەرلىككە ئېلىشتىن توختىتىۋالدى. دېمەك مۇسا خەلپە ئەسكەرلىرىنىڭ چېرىكلىكى، سۈپى-ئىشانلارنىڭ تاماخورلۇقى ھەممە، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىلىق شارائىتىدىن قېنىغا پاتماي ساما سالغان سوپىلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىدىغان: «موللام تامادا، ھۆپۈپ كامادا، ئۆز نەپسى ئۈچۈن، سوپى سامادا» دېگەن خەلق قوشاقلىرىنىڭ دەل شۇ چاغدا پەيدا بولغانلىقى ناھىيىمىزدىكى ياشانغان كىشىلەرنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە بار.

## 5. ئەمەن جوجاڭنىڭ ئاقىۋىتى

ئەمەن جوجاڭ ئەسلى تۇرپانلىق ئادەم بولۇپ، ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن. 1934-يىلىدىن باشلاپ باي ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان ھەم شۇ مۇناسىۋەت بىلەن 25 يېشىدا بايدىن تۇرمۇشلۇق بولغان. 1937-7-ئاينىڭ بىر جۈمە كۈنى، مۇسا خەلپە تەرىپىدىن قامىلىپ 10 كۈن بولغاندا، ھازىرقى 1-باشلانغۇچ مەكتەپ دەرۋازىسى يېنىدىكى رىمى كوچىغا قارايدىغان بىر ئۆيدە

سوراق قىلىندى. سوراق بولۇۋاتقان ئۆينىڭ رەھ-
ئالدىدا 200 دەك ئادەملەر توپلىشىپ (مەنمۇ شۇ-
لارنىڭ ئىچىدە) مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ-چىقى-
ۋاتقان (مۇسا خەلپە بىلەن ياسىنىنىڭ) ئاتلىق
ئەسكەرلەرنى كۆرۈپ تۇرغاچ، سوراق قىلىنىۋاتقان ئىمىن
جۇجاڭنىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىپ تۇراتتۇق......،
مۇسا خەلپە ئىمىن جۇجاڭدىن بىر سۆزنى (نېمە
سۆز ئىكەنلىكى ھازىر ئېسىمدە يوق) سوراق تەلەپ-
پۇزىدا سورىدى......، ئىمىن جۇجاڭ جاۋاب بېرىپ
بولغىچە، ياسىن قىلىچىنى غىلىپىدىن چىقىرىپ:
— «سەن جاللاتنىڭ كاللىسىنى ئۈزۈم ئالىمەن:»
— دەپ قىلىچ تەڭلەپ، (ئىمىن جۇجاڭنىڭ بوينىنى
نىشانلاپ) ئېتىلىپ كەلدى. ئىمىن جۇجاڭ قولىدا
كويزا، پۇتىدا ئىشكەل بولۇشىغا قارىماي، ئوچۇق
تۇرغان رامىدىن توشقاندەك سەكرەپ كوچىغا چىقىۋالدى.
مۇسا خەلپە چاقچاقلىق بىلەن:
— «بالام، ئاچچىقىڭدىن يانا، بۇنى چانىۋاتساڭ
تۆڭگانغا نېمە دەيمىز؟» دەپ بالىسىنىڭ قولىنى
تۇتۇۋالدى، ھەمدە ياسىنغا:
— «ئىمىننى كوچاغا ئېلىپ بېرىپ تۆڭگانلارغا
تاپشۇرۇپ بېرەيلى، نېمە قىلسا شۇلار ئۆزلىرى قىلسۇن
......» دېدى. نەتىجىدە، ئىمىن جۇجاڭ بىرىنچى
قېتىملىق ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ، نەيزە تۇتقان بىر ئەس-
كەر تەرىپىدىن ئىلگىرى سولاپ قويۇلغان قاراڭغۇ
ئۆيگە يالاپ ئەكىرىۋېتىلدى. سوراقنىڭمۇ نەتىجىسى

چىقمىدى. مەنمۇ كىشىلەر بىلەن قوشۇلۇپ كېتىپ قالدىم. ئىككى كۈندىن كېيىن مۇسا خەلپىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىمىن جوجاڭنى كوچىدا تۇرۇشلۇق خۇيزۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن توختاش مۇللامنىڭ ئوغلى ئىدرىس ۋە چۈرۈق تامچى دېگەن كىشىلەرنىڭ نازارەتچىلىكى ئاستىدا ئاتقا مىنىپ (ئىمىن جوجاڭنى ئات ئۈستىگە باغلاپ، ئاتنى تۆمۈر شاللاق دېگەن كىشىگە يېتىلىتىپ) كوچىغا ئېلىپ ماڭدۇ. قىزدىلىدىن ئۆتۈپ داۋانغا يېقىنلىشاي دېگەندە، ئىدرىس بىلەن چۈرۈق كوچادىن چىقىۋاتقان بىر كارۋاندىن..... خۇيزۇلارنىڭ كوچادىن چېكىنگەنلىكى، ئىمىن جوجاڭنى ئەمدى ئاپارسا، شىبىڭشىسەي ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا ئۇلارنىڭ بولۇپمۇ ئىدرىسنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ (ئىمىن جوجاڭنىڭ ئاغزىدىكى بەشتال ئالتۇن چىشى ۋە ئۈچىسىدىكى سارجا كىيىم بىلەن ئۆتۈكىنى ئېلىۋېلىشنى مەقسەت قىلىپ) ئىمىن جوجاڭنى ئاتتىن سۆرەپ چۈشۈرىدۇ. ھېلىقى كارۋاننىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئىمىن جوجاڭ يالۋۇرۇپ تۇرۇپ:

— مېنى ئۆلتۈرمىسەڭلار ھايات قالدۇرساڭلار، بولسا قويۇپ بەرسەڭلار، ئاغزىمدىكى ئالتۇننى بېرەي، سىلەرنى ئۆمۈر بويى ئۇنۇتماي مېھىر - شەپقەت قىلسام، قەدرىڭلارغا يەتسەم......» دەپ يىغلاپ تۇرۇپ كۆپ يالۋۇرغان بولسىمۇ، ئۇلار پەسەنت قىلماستىن، تاش بىلەن

ئورۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئالتۇن چىشى بىلەن كىيىم-كېچەك
لىرىنى ئېلىۋېلىپ جەسىتىنى سايدا تاشلاپ قويۇپ،
ئىمىن جوجاڭنى مىندۈرۈپ ئېلىپ كەلگەن ئاتنى
ئىددىرىس ئېلىپ قېيىرغا قېچىپ كېتىدۇ. كېيىن
تۆمۈر شاللاق ئىمىن جوجاڭنىڭ يۇقىرىقى ئۆلتۈرۈ-
لۈش جەريانىنى ئەينەن دەپ بەرگەن.

## 6. قوزغىلاڭنىڭ ئاخىرى

مۇسا خەلپە «ئىسلام ئاچتۇق، مانا شەھەرنى پەتھى قىلدۇق» دەپ، باي ناھىيىسىنى شىڭ دۇبەندىن (شىڭشىسەي ھۆكۈمىتىدىن) تارتىۋېلىپ (1937-يىل 7-ئايدىن 10-ئايغىچە) ئۈچ ئاي تۇتۇپ تۇرغان بولسىمۇ، كېيىن مەنسۇر① بىلەن چېكفاڭ سىلىڭ②نى باستۇرۇشقا كەلگەن كاپىتان سەربايۇپ③ كوزولۇپ (رۇس)④ ۋە ئابدۇللا تۆەنجاڭ⑤لارنىڭ دىققەت-ئېتىبارىدىن يىراق قالمىدى. شۇڭا مەنسۇر بىلەن چېكفاڭ سىلىڭنى يوقىتىش جەريانىدا، مۇسا خەلپىگە ئوخشاش ئۆز ئالدىغا (مۇستەقىل) يۇرت سورايدىغانلارنىڭ مەنسۇرغا يەنە يان-تاياق بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مۇسا خەلپە ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىگە؛ قورال تاپشۇرسىلا ئۆتكەن ئىش سۈرۈشتە قىلىنمايدىغانلىقى ۋە ھېچقانداق دەخلى تەرۇزغا ئۇچرىمايدىغانلىقى ...... ھەققىدە تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىپ ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، مۇسا خەلپە ۋە ئۇنىڭ تۆەنجاڭ، لىيەنجاڭلىرى، يەرلىك ئەمەلدار-

لىردىنى يىغىپ قوي، سويۇپ ئۇلارنى بىر ئاي ياخشى بېقىپ مېھمان قىلىپ، مەنسۇر بىلەن چېلىقفالىك سىلىمگىنى ئۇئۇشلۇق يوقۇتىشنىڭ ئىجتىمائىي شەرت-شارائىتى پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن، مۇسا خەلىپىنى 1937 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرقى بىر كۈنلىرىدە، شۇ چاغدىكى باي باھىيىسىنىڭ ھاكىمى زىياۋۇدۇن ھەم ئابدۇكېرەم ئەلەم، سىددىق زۇڭگەي، سادىق زۇڭگەي، ئەرشىددىن نۇرۋاجى تۇەنجاڭ بارات خوتەنلىك...... قاتارلىقلار بىلەن بىللە ئاقتاقتا ئېلىپ چىقىپ، مەنسۇر ۋە چېلىقفالىك سىلىمخا مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالغان ئابلىمزخان، ياقۇپ تۇەنجاڭ، مەمەتنىياز زىخۇي.... قاتارلىق كىشىلەر بىللە «بورا كەپە» دېگەن جايدا بوغۇزلاپ ئۆلتۈردى. بۇلار ئىچىدىكى ئەرشىددىن نۇرۋاجى تۇەنجاڭ بولسا باسالغىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. (يۇقىرىدىكى كىشىلەرنىڭ تەپسىلىي ئىسمى-لىرى «ئاقتاغ ۋەقەسى» توغرىسىدىكى ئەسلىمىدە ئۇچرايدۇ) چوروق تامچى بىلەن مۇسا خەلىپىنىڭ ئوغلى ياسىن 38 - يىلى 4 - ئايدا (مۇسا خەلىپە قوز-غىلىڭى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان) ساۋۇت داموللا ھاجىم، ⑥ ئەھمەت تۇەنجاڭ (توخسۇنلۇق)، سادىق تۇەنجاڭ (قىيىرلىق) قاتارلىق كىشىلەر بىلەن (ئىلگىرى-كېيىن) باياندا قولغا ئېلىنىپ، ئاقسۇغا ئېلىنىپ بېرىلىپ بىر يىلدىن كېيىن، چوروق تامچىدىن باشقا يۇقىرىدىكى ئۈچ كىشى ئاقسۇدا ئۆلتۈرۈلدى. چوروق تامچى ئۈچ يىل قامالغاندىن كېيىن، تۈرمىدىن

چىقىپ بايغا قايتىپ كەلدى. ئەدەردىس قېيەردىن تۇ-
تۇپ كېلىنىپ سوراق قىلىنغاندىن كېيىن، باي
ساقچى ئىدارىسىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. دېمەك «باي
ناھىيىسىدىكى مۇسا خەلپە، قوزغىلىڭى» مانا مۇشۇن-
داق ئاخىرلاشتى.

ئىزاھات

① «ئاقتاغ ۋەقەسى» دېگەن ئەسلىمىگە قارالسۇن.

② چېڭ فاڭ سىلىڭ- بۇ خەنزۇچە سۆز بولۇپ، "城防司令" دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭى بويىچە ئېيتىلىشى. ئۇنىڭ تەرجىمىسى — «شەھەر مۇداپىئە قوماندانى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، شۇ چاغدا بۇ «شەھەر مۇداپىئە شتابى»نىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى بىر خۇيزۇ كىشى ئىشلىگەن بولۇپ (ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى مەلۇم ئەمەس)، ئۇنى كىشىلەر «شەھەر مۇداپىئە شتابى» باشلىقى دېگەن مەنىدە «چېڭفاڭ سىلىڭ» دەپلا ئاتايتتى. «ئاقتاغ ۋەقەسى» دېگەن ئەسلىمىگە قارالسۇن.

③④⑤- «ئاقتاغ ۋەقەسى» دېگەن ئەسلىمىگە قارالسۇن.

⑥ «ساۋۇت داموللا ھاجىمىنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسلىمىگە قارالسۇن.

# باي ناھىيىسىدىكى «گۆكخوجام ئۆردىسى» نىڭ بارلىققا كېلىشى

گاۋ جىشيەن

ئازادلىقتىن بۇرۇن باي ناھىيە بازىرىدىكى يار كۆچىسىنىڭ شەرق تەرىپىدە (ناھىيىلىك خەلق زاۋۇتىنىڭ ھازىرقى ئائىلىلىكلەر قورۇسى تۇرغان جاي) «گۆكخوجام ئۆردىسى» دېيىلىدىغان بىر قورۇلۇش بولۇپ، ئۇ ئون مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق يەرنى ئىگىلىگەن، شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان ياغاچ، كېسەك قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇش بولۇپ، ئىشىك، روجەكلەر ئورنىتىلغان. بۇ ئىمارەتنىڭ شەكلى گەرچە ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بەدىئىي قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا ئاساسلانغاندا ئازادلىقتىن ئىلگىرى بۇ قۇرۇلۇشتا ئادەم ئاز بولۇپ، چۆلدەرلەپ قالغان ئىكەن. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، شۇ جايدىكى بەزى مويسىپىتلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئەسلىدە بۇ ئىمارەت سەينالىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر شىپاڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشىكى ئەسلى شىمالغا قاراپ ئېچىلىدىكەن، كېيىن جەنۇبقا قاراپ ئېچىلىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئەسلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىكى مېھمانخانا ئۆيىنىڭ ئورنىنى ئايرىۋېلىشقا مۇمكىن بولمايدىغان بولۇپ قالغان. ھازىر قېپقالغىنى ئۆيلىرى ۋە ياتاقلىرىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى 50 - يىللارنىڭ بېشىدا پەرق ئەتكىلى بولاتتى. 1951 - يىلىدىن 1952 - يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ «يەر ئىسلاھات كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى» مۇشۇ ئورۇندا ئۆتكۈزۈلگەن. 1953 - يىلى ناھىيىنىڭ سوت مەھكىمىسى بۇ يەرگە كۆچۈپ كىرگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ بەزى ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ كەتكەن، 1954 - يىلغا كەلگەندە بۇ كونا قۇرۇلۇش چېقىۋېتىلىپ، ئورنىغا ناھىيىلىك دوختۇرخانا سېلىنغان.

«گۈڭخوجام ئوردىسى» ئۇزۇن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوقالغان. بۇ ئىمارەتنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالىنى ئەينەن خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغان ماتېرىيال بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشىدە مۇئەييەن تارىخىي سەۋەب ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بولۇشى ئېھتىمال. بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن يۈز يىل ئىلگىرىكى دەۋردىن باشلاپ سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى تۇڭجىنىڭ 4 - يىلى (مىلادى 1865 - يىلى) 1 - ئايدا ياقۇپبەگ دېگەن كىشى شىنجاڭنىڭ قەشقەر رايونىنى ئىشغال قىلغان، ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرنى ئىشغال قىلغان. كېيىن تۇڭگ-

جىنىڭ 9 - يىلى (1870 - يىلى) يەنە ئۈرۈمچىنى بېسىۋالغان.

ياقۇپبەگنىڭ ئەسلى ئىسمى مۇھەممەت ياقۇپ① بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى تۇڭجىنىڭ 6 - يىلى (1867 - يىلى) قەشقەردە «يەتتە شەھەر خانلىقى»نى قۇرغان. ئۆز - ئۆزىنى «بەدۆلەتخان» دەپ ئاتىۋالغان. («بەدۆلەت» دېگەننىڭ مەنىسى «بەخت ئىگىسى» دېگەن بولىدۇ). شۇ ۋاقىتتا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى ئۇزۇن زاماندىن بۇيان چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يۈرگۈزگەن بەگلىك تۈزۈمىنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتىنى تارتقان. ئەمما ياقۇپ بەگ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قوللانغان ۋاسىتىلىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭكىدىن قەبىھ بولغان. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا يېزىلغان بايانغا ئاساسلانغاندا، «شۇ زاماندا دېھقانلار ياقۇپ بەگنىڭ زۇلمىغا چىدىيالمىغانلىقى سەۋەبىدىن كەينى - كەينىدىن تاغ ئارىسى، دەشت - باياۋانلارغا ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە قېچىپ كەتكەن. مەسىلەن، (1) پەيزىۋات ناھىيىسى كىرىدىت يايلىقىدىكى موزدۇز مەمەت قۇربان، يېڭىسار ناھىيىسىدىكى سوپۇرگە، قەشقەردىكى ئابدۇرېھىم بەگ قاتارلىقلار بېيجىڭغا قېچىپ بېرىپ يۈز بەرگەن ئەھۋالنى مەلۇم قىلغان. ئابدۇرېھىم بەگ بىلەن سوپۇرگە ئىككىسى بېيجىڭدا ئىككى يېرىم يىل تۇرغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن چېرىكلىرى بىلەن بىللە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن.②

شۇ ۋاقىتتا شەنشى ـ گەنسۇنىڭ باش تەپتىشى زوزۇڭتاڭ چىڭ خاندانلىقىنىڭ تەسلىمچىلىرىدىن لىخۇڭجاڭ قاتارلىقلارنىڭ شىنجاڭدىن ۋاز كېچىشتىن ئىبارەت ۋەتەن ساتقۇچىلىق قىلمىشىغا كۈچىنىڭ بارىچە قارشى تۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇينىڭ 2 ـ يىلى (1876 ـ يىلى) شۈيجۇۋ (ھازىرقى جىاڭچۈەن) دا قوغداش قوماندانلىق شتابىنى قۇرۇپ، ليۇجىنتاڭغا 80 مىڭدىن ئارتۇق غەربكە يۈرۈش قىلىش لەشكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ، غەربكە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ليۇجىنتاڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشقا يولغا چىقىپ، 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئۈرۈمچىنى قايتۇرۇۋالغان. كېيىنكى يىلى 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى كورلىغا يۈرۈش قىلغان. بۇ ۋاقىتتا ياقۇپ بەگنىڭ قىلغان يامان ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئاممىنىڭ غەزىپى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغاچقا، ياقۇپ بەگ شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغان (بۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزىلەرنىڭ ياقۇپ بەگ مالىيىسىنىڭ زەھەر سالغان چېيىنى ئىچكەنلىكى ئۈچۈن ئۆلگەن دېگەن سۆزلەرمۇ بار)، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قالدۇق لەشكىرى ئوغلى بەگقۇلى بىلەن بەي يەنخۇ قاتارلىقلارنىڭ باشلامچىلىقىدا كۇچاغا قېچىپ كەتكەن، كۇچاغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھوقۇق ۋە مەنپەئەت تالىشىش ئەھ-

ۋالى يۈز بەرگەن. ياقۇپ بەگنىڭ چوڭ ئوغلى — بەگقۇلى ھوقۇق تالىشىپ ئۇكىسى ھەققۇلىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ ۋاقىتتا بەگقۇلى بىلەن بەييەنخۇ ليۇجىنتاڭ قوشۇنلىرىنىڭ كۈچاغا يېقىن قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بايغا قېچىپ كېلىپ، بايدىكى فەنسەن (خان ھەربىي ئەمەلدارى) بىلەن بىرلىشىپ، بايدىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆزلىرى بىلەن بىرلىكتە قېچىشقا مەجبۇرلىغان. شۇ چاغدا بايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى ئەزلەمئاخۇن بۇيرۇققا بويسۇنمىغانلىقى ئۈچۈن بەگقۇلى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەن. بەگقۇلى بىلەن بەييەنخۇ باي شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشنى مەغلۇپ بولغانلىقى سەۋەبىدىن 21 - كۈنى سەھەردە رەسۋا بولۇپ غەربكە قاراپ قېچىپ كەتكەن. شۇ كۈنى ليۇجىنتاڭ قوشۇنلىرى كەينى - كەينىدىن بايغا يېتىپ كەلگەن. تارىخىي ماتېرىيالدىكى قالدۇرۇلغان خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا ليۇجىنتاڭ بايغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن بايدىكى پۇقرالارنىڭ ھەممىسىدىن ھال سوراش ئېلىپ بارغان. ئۆزىنىڭ لەشكەرلىرىنى شەھەرنىڭ سىرتىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەرەپ - تەرەپلەرگە قاچقانلارنى يىغقان. ئۆزى تۇرغان جايدا تاماق يەپ دۈشمەنلەرنى قوغلاشقا باشلىغان. 22 - كۈنى سەھەردە سوغۇق بەك قاتتىق بولغاچقا لەشكەرلەرنىڭ پۇت - قولى سوغۇقتا توڭلاپ ئۇششۇپ كەتكەن. چىرىكلەر قوغلاپ مىس زاۋۇتىغىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى كتاب
www.uyghurkitap.com

يېتىپ كەلگەندە دۈشمەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى پۇق-
رالارنى دەريادىن ئۆتۈشكە زورلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ
(بۇ يەردە كۆرسىتىلگىنى ئۇمباشىنىڭ يېنىدىكى مۇزات
دەرياسى)دە تېخىمۇ شىددەتلىك قىرغىلاشقا باشلايدۇ.
ئاخىرى قىيىن ئەھۋالدا قالغان 20 مىڭدىن ئارتۇق
پۇقرالارنى قۇتقۇزۇپ، باي بازىرىغا ئاپىرىپ ئىشقا
ئورۇنلاشتۇرىدۇ③.

چىڭ خاندانلىقىنىڭ لەشكەرلىرى شىنجاڭ رايو-
نىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ياقۇپ بەگنى قوغلاپ
يوقىتىش جەريانىدا خىزمەت كۆرسەتكەن ھەرمىللەت
تۆھپىكارلىرىغا ئەمەل بېرىش ۋە ئۇلارنى مۇكاپاتلاش
ھەققىدە چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس
يوللىغان. بايدا باي ناھىيىسىنى تەسىس قىلىش
ئارپىسىدا ياقۇپ بەگكە قارشى تۇرۇش داۋامىدا خىز-
مەت كۆرسەتكەن ئەمەتكە «گۇڭ» دەرىجىلىك ئەمەل
بەرگەن (ئۇيغۇرچە ئەمەت گۇڭ دەپ ئاتالغان). باي
ناھىيىسىدىكى «گۇڭ خوجام» ئوردىسى شۇ زاماندا
سېلىنغان. ئەمەت ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى سىدىق
ۋارىسلىق قىلغان (ئۇيغۇرچە سىدىق گۇڭ دەپ ئاتالغان)
سىدىقنىڭ ئوغلى سۇلتان خوجا ئازادلىقتىن كېيىنمۇ
ھايات بولۇپ، ئېيتىلىشىچە 1960 - يىلىنىڭ ئالدى-
كەينىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئىزاھات:

(1) «تارىخ تەتقىقاتى»نىڭ 1979 - يىل 8 -
سانىنىڭ 73 - بېتىگە قاراڭ.

(2) يۇقىرىقى ژۇرنالنىڭ 75 - بېتىگە قارالسۇن.

(3) جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1984 - يىلى نەشر قىلغان «زوزۇڭتاڭنىڭ تەرجىمە ھالى»نىڭ 168 - بېتىگە قارالسۇن.

ماتېرىيال يازغۇچى: گاۋجىشەن

تەرجىمە قىلغۇچى: جاڭخۇلۇڭ

تەرجىمە كورېكتورى: ئەمەر سابىر

ئوسمان مەمەت

1990 - يىل 15 - سېنتەبىر، باي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 1927 - يىلى باي ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولغان جاڭجاۋجى ئەپەندىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

خۇافاخاۋ

جاڭجاۋجى ئەپەندى 1894 - يىلى تۇغۇلغان. لەقىمى جۇشۇەن، يۇرتى شەنشى ئۆلكىسى لىچۈەن ناھىيىسى دۇڭشاڭ يېزىسى بېيجۇاڭ كەنتى. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە جاڭچىڭشى دېگەن كىشى ئاچقان يېڭىچە مەكتەپ — چىڭچى شۆتاڭدا ئوقۇپ، قەلەمى ۋە ئىلمى جەھەتلەردىن بىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇستازى جاڭچىڭشى پادىشاھلىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى ياقلايدىغان كىشى ئىدى. 1916 - يىلى يۈەنشىكەي دۆلەت ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۆزىنى پادىشا دەۋالىدۇ. بۇ چاغدا جاڭچىڭشى مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى قوزغايدۇ. ئىككىنچى يىلى سۈنجۇڭشەن ئەپەندى قوزغىغان قانۇن قوغداش ھەرىكىتىگە ئاۋاز قوشۇش يۈزىسىدىن مەكتەپتىكى 300 نەچچە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىنى باشلاپ مەكتەپتىن ئايرىلىپ، ئەسكەرلىككە قاتنىشىپ

يۈيۈرىن قاتارلىقلار رەھبەرلىك قىلغان دۆلەت تۈزەش
ئارمىيىسىگە قوشۇلۇپ، شىمالىي مىلىتارىستلارنىڭ
شەنشى ئۆلكىسىدىكى ھەربىي كاتتىبېشى لوبەنجاڭنىڭ
قوشۇنىغا جازا يۈرۈشى قىلىدۇ. بۇ قوشۇن بەختكە
قارشى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ جاڭ چىڭشى قولغا ئېلىنىپ
ئۆلتۈرۈلىدۇ. جاڭ جاۋجى ئەپەندى بۇ ئىشقا چېتىلىپ،
ئائىلىسىمۇ بىر قانچە نۆۋەت ئاختۇرۇلۇپ، ئۆزى
تەقىپ ئاستىغا ئېلىنىدۇ. ئەمما ئۇ كىشى ئىرادى-
سىدىن يانماي، يوشۇرۇن ھالدا گاۋلىك دېگەن جايغا
كېلىپ، باشلىقلارنىڭ ياردەم قىلىشى ئارقىلىق دۆلەت
تۈزەش ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابىدا ئىشلەيدۇ. بۇ
مەزگىلدە ئۇ ئومۇم ئىشىنى تىرىشىپ ئىشلىگەچكە
يۈيۈرىن ئەپەندىنىڭ ئىززىتىگە ئېرىشىدۇ. جاڭ جاۋجى
ئەپەندى باتۇر ھەم دوستانە ئادەم بولغانلىقتىن،
ياڭ فۇچىڭ، سۇن يورو قاتارلىق ئەپەندىلەر بىلەن جان
دوستلاردىن بولۇپ كېتىدۇ. كېيىن يۈيۈرىن ئەپەندى
بىلەن گۇاڭجۇغا بېرىپ، سۇن جۇڭشەن ئەپەندى بىلەن
كۆرۈشىدۇ. ئاندىن بىلىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن چىڭدۇ-
دىكى جاڭۋۇتاڭ (ھەربىي مەكتەپ)گە ئېۋەتىلىدۇ.
ئوقۇشنى پۈتكەندىن كېيىن گۇاڭجۇغا قايتىپ كېلىپ،
بۇيرۇق بويىچە فۇجەن ئۆلكىسىگە خىزمەتكە
بارىدۇ. بۇ جەرياندا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقاچقا،
سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشىدۇ.
1924 - يىلى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ۋە
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياردەم بېرىشى ئار-

قىلىق گۇاڭجۇدا جۇڭگو گومىنداڭىنىڭ 1 - قۇرۇ چاقىرىلىدۇ. جاڭ جاۋجى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ كۆرسەتمىشى ئارقىلىق شىنشى ۋۆلكىسى ۋەكىلى سۈپىتىدە قۇرۇلتايغا قاتنىشىدۇ. جاڭ جاۋجى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئاكتىپلىق بىلەن قوللاپ، «روسىيە بىلەن بىرلىشىش، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش، ئىشچى - دېھقانلارغا يار - يۆلەك بولۇش»تىن ئىبارەت ئۈچ سىياسەت ۋە مۇشۇ ئاساستىكى «يېڭى ئۈچ مەسلەك»نى ھىمايە قىلغانلىقى ئۈچۈن جۇڭگو گومىنداڭ مەركىزى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلىنىدۇ. قۇرۇلتايدىن كېيىن سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ئۇنى بىۋاسىتە غەربىي شىمالدىكى پارتىيە ئىشلىرى ئالاھىدە خادىمى قىلىپ تەيىنلەپ، شىنجاڭدىكى خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. شۇ يىلى قىشتا ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىبىرىيە رايونى ئارقىلىق غۇلجىغا كېلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، پۈتۈن مەملىكەت يەنىلا شىمالىي مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. يۈەن شىكەينىڭ پادىشاھ بولۇشىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ يۇقىرىغا مەكتۇپ يوللىغان شىنجاڭدىكى ھەربىي كاتتىباش ياڭ زېڭشىن، سۇن جۇڭشەننىڭ باشلامچىلىقىدىكى گومىنداڭ كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭدا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىغا يول قويمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جاڭ جاۋجى غۇلجىدا مىلىچمال دۇكىنى ئېچىش ئار-

قىلىق يوشۇرۇنۇپ، يەنە بىر تەرەپ-
تىن شىنجاڭغا كەلگەن شەنشىلىك يۇرتداشلىرى —
ۋاڭياۋزۇ قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ ھەمكارلى-
شىشى بىلەن يوشۇرۇن ھالدا ئىنقىلابىي ھۆججەتلەرنى
قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ كۆچۈرۈپ، ئامما ئارىسىغا
تارقىتىپ، ئۈچ مەسىلە ۋە گومىنداڭ 1 - قۇرۇلتىيىدا
تۈزۈلگەن تۈرلۈك فاڭجېن - سىياسەتلەرنى تەشۋىق
قىلىش ئارقىلىق خىزمەتلەرنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇش
ئۈچۈن شەرت - شارائىت ھازىرلايدۇ. 1928 - يىلى كۈزدە
شىنجاڭدىكى مىللىتارىستلار ئىچكى نىزا قوزغاپ، ياڭ
زېڭشىن باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەچكە، جىن شۇرېن
ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىدۇ. ئۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى
مۇستەھكەملەش ئۈچۈن نەنجىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈ-
مىتىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. جاڭجاۋجى
بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) گە
كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا بۇ جايدىكى سىم-
سىز تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭيۈەنفەن
خىزمەتچى خادىملىرى لى شياۋشا، شۇشياۋپېڭ (گومىن-
داڭ ئەزالىرى)، ليودېخې ۋە ھەربىي قورال زاۋۇتىنىڭ
باشلىقى چېڭزىشى قاتارلىقلار بىلەن تونۇشىدۇ
ھەمدە شىنجاڭدىكى شەنشىلىكلەر ئاچقان «يۈەن شۇنشى
ناملىق سودا سارىيىنىڭ جىڭلىسى — شى جىچىڭنىڭ
ئىقتىسادىي ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئامما بىلەن
كەڭ مۇناسىۋەت باغلاپ، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى تەك-
شۈرۈپ ئىگىلەيدۇ. 1929 - يىلى تېلېگراف ئىستانسى

ئارقىلىق نەنجىڭ بىلەن ئالاقىلىشىدۇ. كېيىن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تېلېگرامما ئارقىلىق جاڭجاۋجىنىڭ دېرىكىنى قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن جاڭجاۋجى ئاشكارا ھەرىكەت قىلىدۇ.

بۇ چاغدا، سۇن جۇڭشەن ئەپەندى 1925 - يىلى ۋاپات بولۇش بىلەن جاڭجېيشى ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىپ، ئىلگىرى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىگە ئەگەشكەن، دېموكراتىك ئىنقىلاپقا سادىق بولغان گومىنداڭ ئەرباپلىرىغا ئاغزىغا ھەدەپ قويىدۇ ياكى چەتكە قېقىپ زەربە بېرىدۇ. جاڭجاۋجىغا قارىتا ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆز يېقىنلىرىنى دەسسىتىش سۈيىقەستىدە بولىدۇ، جىن شورىنغا قارىتا — غەربىي رايوننى تولۇق تىزگىنلەپ كېتەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن خۇشامەت قىلىپ ئۆزىگە تارتىدۇ. جىن شورىن جاڭجېيشىنى كۆرۈنۈشتە ھۆرمەت قىلغان بولۇۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى كۆككە كۆتۈرىدۇ. جاڭجاۋجىغا بولسا گۇمان بىلەن قاراپ، ئۆزىگە يېقىن يولاتمايدۇ.

1925 - يىلدىن 1930 - يىلغىچە جىن شورىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، جاڭجاۋجىنى «شىنجاڭ باش قوماندانلىق شتابىنىڭ سەنمۇسى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىسى» دېگەندەك قۇرۇق مەنسەپلەرگە تەيىنلەپ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كۆزىنى بويايدۇ. ئاندىن ئىككى يىل ئۆتمەيلا، ئۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەرتىپ، باي ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەيدۇ. بىر يىلدىن كېيىن يەنە ئاقسۇ

كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا ئالماشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئۆلكە مەركىزىدە تۇرۇپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقىمۇ، ئاساسىي قاتلامدا ئۇزۇن-راق تۇرۇپ، يىلتىز تارتىشقىمۇ ئىمكانىيەت بولمايدۇ. نەگە بارسا، كەينىدە پايلاقچىلار بولۇپ، ھەممىلا ئىشى تەقىپ ئاستىدا قالىدۇ. جاڭجاۋجى بايدا ۋەزىپە ئۆتىگەندە، سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئىنقىلاب تەلىماتلىرىنى ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدا كەڭ تەشۋىق قىلىدۇ، بۇ چاغدا پايلاقچىلار بۇ ئىشنى «تازا مۇۋاپىق بولمىدى»، «يامان ئىللەتلەرنى يامىرىتىۋېتىشى مۇمكىن» دەپ، تەشۋىقات مەزمۇنىنى مەخپىي ھالدا «كۆچۈ-رۈۋېلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يوللايدۇ»، «تەپسىلىي تەكشۈرۈش»، «بۇ شامالنىڭ ئەدەپ كېتىشىنى توسۇش»نى تەلەپ قىلىدۇ. جاڭجاۋجى ئۆز كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن جىن شۇرېنغا گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەربىيىلەش مىنىستىرلىكىدىكى لى شى (لى دەنفۇ)نى «شىنجاڭغا ئەكىلىپ كۈچ چىقارغۇزۇش» ھەققىدە تەكلىپ بېرىدۇ. جىن شۇرېن بىرتەرەپتىن «يول يىراق، ئۇنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ تەستىق سالسا، يەنە بىرتەرەپتىن ساختىلىق بىلەن باشقىلارغا «ئەگەر پايتەختتە شىنجاڭ توغرىسىدا ئىشلار بولۇپ قالسا، كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈپ قويۇلسا، بۇنىڭ شىن-جاڭغا پايدىسى كۆپ بولاتتى» دەپ بېرىدۇ. جاڭجاۋجى قايتا ئىلتىماس قىلىپ لى شىگە «پەخرى ئەمەل بېرىش»نى ئېيتقاندا، جىن شۇرېن «بۇ ئىشنى ۋاقتىنچە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قويۇپ تۇرۇپ، كېيىن مەسلىھەتلىشەيلى» دەپ تەستىق سالمىدۇ. ھەمدە ئىشەنچلىك ئادىمى ۋاڭ روي، لىۋ شياۋدەن قاتارلىقلارنى جاڭ جېيشىنى يوقلاشقا، ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن نەنجىڭگە ئەۋەتكەن. يېزىۋدىن ئەپەندىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىلىق گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا بىرقانچە قېتىم تېلېگرامما بېرىپ، جاڭ جاۋجۇڭنى «دەرھال نەنجىڭغا قايتىپ» خىزمەتتىن دوكلات قىلىشنى بۇيرۇدى. جىن شۇرېن جاڭ جاۋجۇڭنىڭ «شىنجاڭدىكى خىزمىتى ئىنتايىن مۇھىم»، «ۋەزىيەتتىن دەرھال ئايرىلىشى تازا مۇۋاپىق بولمايدۇ» دېگەن باھانىنى كۆرسىتىپ، سىلىق سۆزلەر بىلەن بۇنى رەت قىلىدۇ. گومىنداڭ 4 - قۇرۇلتىيى ئېچىلىش ھارپىسىدا، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى جاڭ جاۋجۇڭنىڭ نەنجىڭگە كېلىپ، شىنجاڭ خىزمىتىدىن دوكلات قىلىشى ھەققىدە قايتا تېلېگرامما ئەۋەتىدۇ. بۇ چاغدا جىن شۇرېن يەنە «ئۇنىڭ نەنجىڭگە بېرىشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇنى قەدىرلەش يۈزىسىدىن شىنجاڭدا ئىشلەشىگە يول قويۇلسىكەن» دەپ ئۇنى ماڭدۇرمايدۇ. بۇ مەزگىلدە جىن شۇرېن نەنجىڭدىن جاڭ جاۋجۇڭغا ئەۋەتىلگەن تېلېگراممىلارنى بىرنى قويماي تۇتۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا جىن شۇرېن بىرتەرەپتىن جاڭ جاۋجۇڭنىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ نەنجىڭغا بارسا، شىنجاڭ مىلىتارىستلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئەھۋالىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىشىدىن ئەنسىرەپ، خەت - ئالاقى-

سىنى قاتتىق قامال قىلىپ، ئۇنى چەت - يىراق جاي-لاردا يېتىم قالدۇرۇپ، يۇقىرى - تۆۋەن بىلەن ئايرىپ تاشلاپ، نامدا ئېتىبار بەرگەن بولۇۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە تەقىپ ئاستىغا ئالىدۇ. بۇنىڭدىن جىن شۇرىنىڭ غەر-زىنى ئۇچۇق كۆرۇۋالغىلى بولىدۇ.

جاڭجاۋجى خېيىم - خەتەر ئىچىدە تۇرسىمۇ قىلچە قورقماستىن شىنجاڭدىكى خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرىدۇ. ئۇ باش قوماندانلىق شتابى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە خىزمەت قىلغان مەزگىلدە، ھەرخىل پۇر-سەتلەردىن پايدىلىنىپ، باشقىلار بىلەن ئالاقە باغلاپ تەشۋىقات ئېلىپ بارغانىنىڭ سىرتىدا، ئەينى چاغدا شىنجاڭدىكى ئەڭ يۇقىرى بىلىم يۇرتى — روس قانۇن - سىياسەت مەكتىپىدە پارتىيە خادىملىرى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۇرۇش ئارقىلىق پارتىيە تايانچلىرىنى تەربىيىلەيدۇ. كۇرس دەرس باشلىغاندىن كېيىن، ھەر قاراردا جاڭجاۋجى ئۆزى بىۋاسىتە ئۈچ مەسىلەك، بەش ھوقۇق ئاساسىي قانۇنى، دۆلەت قۇرۇش يۆنىلىشى، دۆلەت قۇرۇش پروگراممىسى، ئۈچ چوڭ سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى گومىنداڭ خىتابنامىسى ۋە سۇن ۋېن (سۇن جۇڭشەن) پەلسەپە نەزەرىيىسى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتىدۇ. بۇ دەرسلەرنى ئاڭلىغان ئوقۇغۇچى، ئوقۇغۇچىلار شىن-جاڭدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىدىيە ئاسارەتلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىدىيە تونۇشىنى يېڭىلايدۇ.

1927 - يىلى جاڭجاۋجى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت

كىتاب تور بېكىتى ئۇيغۇر www.uyghurkitap.com

تەرىپىدىن باي ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىنىپ
ھازىرمۇ باي ناھىيىسىدىكى خېلى كۆپ مويسىپىت كىشىلەر
ياڭزېڭشىن ۋاقتىدا ئۆلكىدىن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈر-
گەن جاڭ ×× نىڭ جايىغا كېلىپ، ھاكىم بولغانلى-
قىنى ئەسلىيەلەيدۇ. جاڭ جاۋجى بايدا ۋەزىپە ئۆتىگەندە
پارتىيە ئىشلىرى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنىڭ مەزمۇنىنى
ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلدۇرۇپ، مۇھىم قاتناش يوللى-
رىغا چاپلاتقۇزغان ھەمدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت دەرۋا-
زىسى ئالدىغا سۈرەتلىك ناخشا ئورناتقۇزغان، (بۇنىڭغا
ۋەلىسىپىت، ئاپتوموبىل سۈرەتلىرى سىزىلغان)، يەنە
ھەر مىللەت ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، سۇن جۇڭشەن
ئەپەندىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلىدۇ.
ھەم سۇ ئىنشائات؛ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، ئېتىز-
لارنىڭ سۇغۇرۇلۇش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، كۆچەت
تىكىپ، ئورمان بەرپا قىلىشنى چاقىرىدۇ. مەبلەغ
توپلاپ، مەكتەپ ئېچىش ئارقىلىق ناھىيە بازىرىدا
تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە يېزىلاردا باشلانغۇچ
مەكتەپلەر ئارقىمۇ-ئارقىدىن قۇرۇلىدۇ.

بۇ مەزگىلدە، خەت-ئالاقىسىنىڭ توسۇپ قويۇلۇپ،
خەۋەرلەر قامال قىلىنىش تۈپەيلىدىن ئىچكىرى ئۆل-
كىلەردىكى ۋەزىيەتتىن تولۇق خەۋەردار بولۇشقا ئىمكا-
نىيەت بولمايدۇ. جاڭ جاۋجى ئىلگىرىكى دانىشمەنىنىڭ
ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، دۆلەت ۋەزىيىتىنىڭ بارغانسېرى
خاراپلىشىۋاتقانلىقىغا ئېچىنىپ، ھەم نەنجىڭدىن
ئەۋەتىلگەن خائىن چۇمىنيى بىلەن جىن شۇرېننىڭ

بىۋاسىتە تىل بىرىكتۈرۈشى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك داڭبۇ (پارتىيە شتابى)نىڭ جاڭ جېشى سىستېمىسىدىكىلەر ۋە جىن شۇرېننىڭ غالچىلىرىدىن تەركىب تاپقانلىقىنى ئوقۇپ، ئاچچىق ھەم غەم - قايغۇدىن ئاغرىپ قېلىپ، قان تۈكۈرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا جاڭ جاۋجى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ھەم يۇيۇرېن ئەپەندىگە شۇتاڭ مەكتەپلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئالاھىدە خادىملىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا سوراپ مەكتۇپ يوللايدۇ. ئۇ مەكتۇپىدە ئۆزىگە خۇدانىڭ ئۇزۇنراق ئۆمۈر ئاتا قىلمىغانلىقىدىن ئۆكۈنىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ باشقا ھېچقانداق تەلىپى يوقلۇقى، شىنجاڭدىكى ھۆججەتكە چىقىرىشقا ئۈلگۈرمىگەن ئىشلىرىنى ئىسمىدىن چىقىرالمايدىغانلىقى، شۇڭا يۇيۇرېن ئەپەندىدىن ياردەم سوراپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىسىدا شىنجاڭدا بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان كۈتۈپخانا ۋە جۇڭگوچە - غەربچە كېسەل داۋالايدىغان شىپاخانا قۇرۇشنى ئويلىغانلىقى، «مەرھۇم سۈن جۇڭشەن زۇڭلىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ غەربىي - شىمال چېگرا رايوندىكى ئاۋامغا ئومۇمىيۈزلۈك سىڭدۈرۈش» ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇنداق سەممىي - سادىق ئەزىمەتنىڭ يالغۇزچىلىقى كىشىنى تولىمۇ خۇرسىندۇرىدۇ.

1933 - يىلى شىنجاڭدا مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ، گەنسۇلۇق خۇيزۇ مىللىتارىست ماجۇڭيىڭ گەنسۇ - نىڭشا بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى بولۇۋېلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پۇرسەتپەرەسلىك بىلەن شەنجاڭغا ئەسكەر كىرگۈزۈپ، زورلۇق - زومبۇلۇقلارنى قىلىش ئارقىلىق مىللىي مۇناسىۋەتكە بۇلگۇنچىلىك قىلىپ، مىللىي قىرغىنچىلىققا قۇتراتقۇلۇق قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خۇيزۇ - خەنزۇ قېرىنداشلار ئوخشاشلا ھالاكەتكە باشلىنىدۇ. جاڭجاۋجى شەنجاڭدا ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇش جەريانىدا يەرلىك خۇيزۇ - خەنزۇ قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغاچقا، بۇنداق چوڭ ئۆزگىرىش بولغاندىمۇ ئۇنىڭغا ھېچقانداق زەخىم يەتمەيدۇ. كېيىن زوراۋانلار بارغانلا يەردە ئادەم قويمايدۇ، قەشقەر شەھىرى خەتەر ئىچىدە قالىدۇ. بۇ چاغدا جاڭجاۋجى دەل شۇ يەردە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بەختسىزلىككە ئۇچراپ، 38 يېشىدا قازا قىلىدۇ.

جاڭجاۋجى ياش ۋاقتىدا ئۆزىنى قانۇن قوغداش ھەرىكىتىگە ئاتايدۇ. كېيىن سۇن جۇڭشەن ئەپەندىگە ئەگىشىپ، جاھانگىرلىك، فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇپ، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ قالماي، چېگرا رايوندا ئامما ئارىسىغا بېرىپ خېيىم - خەتەر ئەگىشىپ يۈرسىمۇ گومىنداڭ «1 - قۇرۇلتىيى»نىڭ نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدۇ. جاڭجاۋجى ئەپەندىنىڭ يۇرتىدىكى خەلق ھازىرمۇ: «جاڭجاۋجى باتۇر ئەزىمەت، ئەگەشكەن ئۇ جاڭچىڭشىغا، پەرۋا قىلماي ھېچ ئىشقا، ھۇجۇم ئەيلىگەن لىچۈەنگە» دېگەندەك ماختاشلار بىلەن تەرىپلىمەكتە، ئۇنىڭ شەنجاڭدىكى قولغا كەلتۈرگەن نەتى-

جىلىرىنى ھەرمىللەت مۇيەسسەپەتلىرى ھازىرقىدەك ئەسلەپ تۇرماقتا. جاڭجاۋجى ئەپەندى قازا قىلىپ ئارىلىقتىن 51 يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، تارىخي ماتېرىيالالارنى كۆرۈش ھەم ئۇرۇمچى، باي قاتارلىق جايلاردىكى مۇيەسسەپەتلارنىڭ ئەسلىمىلىرى ئارقىلىق جاڭجېيشى تەرىپىدىن يېرىم ئەسىردىن ئۇزۇنراق باستۇرۇپ قويۇلغان تارىخ بوگۈنكى كۈنگە كەلگەندە جامائەت ئالدىدا ئاشكارىلاندى، شۇ ۋەجىدىن مەرھۇمنى باقىي دۇنيادا خاتىرجەم قىلىش يۈزىسىدىن، مەن بۇ ماقالۇمنى يازدىم.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئۆمەر مەمەت

1990 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# باي ناھىيىسىدە 1946 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان «دېموكراتىك سايلام» نىڭ ماھىيىتى

ئېيتىپ بەرگۈچى: تەۋەككۈل سادىق ①

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ھەسەن سەپەر، قەييۇم مەمتىمىن

مەن 1940 - يىلى بايدىكى 3 - رايون (ھازىرقى ياقىئېرىق دېھقانچىلىق مەيدانى) غا چۈيجاڭ بولدۇم. 1945 - يىلى چۈيجاڭلىقتىن قالدۇرۇلۇپ، ئورۇمچىگە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇرۇلتىيىغا ماڭغۇزدى. باي ناھىيىسىنىڭ شۇ چاغدىكى ھاكىمى ۋاڭ نەيگۇ، مۇئاۋىن ھاكىمى ھەسەن ئىشان ئىدى. ئۈرۈمچىدىن ناسىر بەگ دېگەن ئادەم بىلەن يەنە بىر خەنزۇ ئادەم (ئىسمى ئېسىمدە يوق) گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك قۇرۇلتىيىغا بارىدىغانلارنى ئالغىلى كەلگەنىكەن. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مېنى شۇلارنىڭ ماشىنىسىغا سېلىپ قويدى. مەن شۇلارنىڭ ماشىنىسىدا ئۈرۈمچىگە ماڭدىم.

① تەۋەككۈل سادىق 1945 - يىل، 1946 - يىللىرى باي ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولغان.

قىزىلغا بارساق ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ چەكچە-
لىرى باي ناھىيىسىنىڭ قېيىر يېزىسىغا چۈشۈپ،
بۇ يېزىنى ئازاد قىلغان ۋاقتى ئىكەن. بىز بۈنى
ئاڭلاپ دەرھال كۈچاغا يۈرۈپ كەتتۇق.

كۈچاغا يېتىپ بارساق گومىنداڭ دائىرىلىرى
كۈچاغا كىرگۈزمىدى. ناسىربەگ كۈچادىكى گومىنداڭ
دائىرىلىرى بىلەن سۆزلىشىپ بىزنىڭ گومىنداڭ
ئۆلكىلىك قورۇلتىيىغا ماڭغانلىقىمىزنى ئېيتتى.
ئۇلار ئۇققاندىن كېيىن كىرگۈزدى. بىز كۈچادا بىر
ئاخشام قونۇپ ئەتىسى ئۈرۈمچىگە يۈرۈپ كەتتۇق.
كۈچا، قاراشەھەر قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى
ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ تەھدىدى بىلەن
تازا داۋالغۇش ئاستىدا تۇرۇۋاتقان ئىكەن. بىز ئۈ-
رۈمچىگە بېرىپ، ئۆلكىلىك سەنيى خۇيغا چۈشتۇق.

ئۈرۈمچىنىڭ ۋەزىيىتىمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى
جىددىي بولۇپ، قورۇلتاي ئېچىش مۇمكىن بولمىدى.
بىز بىر ئاي تۇرۇپ ئاخىرى قورۇلتاي ئېچىلماي
قايتىپ كەلدۇق.

ئۈرۈمچىدىن قايتىش ۋاقتىدا گومىنداڭ ئۆلكىلىك
ھۆكۈمىتى باي ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمىنى
«ئىلى ئوغرىلىرى» بىلەن قوشۇلۇپ ئىلىغا قېچىپ
كەتتىپتۇ دەپ ئاڭلاپ (ئەمەلىيەتتە ئىلىغا كەتمىگەن،
قارۋاغ قاتارلىق جايلارغا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئو-
چۇن تەمىنات يىغىشقا كەتكەن) مېنى (تەۋەككۇل
سادىقنى) مۇئاۋىن ھاكىملىققا بەلگىلەپ ماڭغۇزدى.

شۇ ۋاقىتتا ھاكىم ۋە مۇئاۋىن ھاكىملارنى ئۆلتۈ-
كېچىكىش كۆرسىتىپ، خەلق ئىشلار نازارىتى ئارقىلىق
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن ئۇقتۇرۇش قىلىندىكەن.

1945 - يىللىرى ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ باشلىق-
لىرىنىڭ بىرسى سەييت ئەخمەت ئىكەن.

ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ قارا شەھەرگە كەلسەك
يول ئېچىلمىدى دەپ گومىنداڭ دائىرىلىرى ھاگىغىز-
ماي توسۇپ قويدى. بىز ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قا-
تارلىق ۋىلايەتنىڭ ۋەكىللىرى قاراشەھەردە 15 كۈن
ئەتراپىدا تۇرۇپ، ئاندىن يولغا چىقىپ كۇچاغا كەلسەك
باي بىلەن كۇچانىڭ يولى ئېچىلماپتۇ. بۇ چاغدا
يەنە بىر ھەپتە تۇرۇپ قالدۇق. يول ئېچىلغاندا ئان-
دىن بايغا قايتىپ كەلدىم.

بىز ئۈرۈمچىدىن كۇچاغا كەلگەندە ئۇقساق باي-
نىڭ ھاكىمى ۋاڭ نەيگۇ كۇچادا سولاقتا ئىكەن.
ھەسەن ئىشان بولسا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تەمى-
ناتىنى يىغىش ئۈچۈن قارۋاغ قاتارلىق جايلارغا
كەتكەنىكەن. مىللىي ئارمىيە ئىلىغا قايتىپ
كەتكەن ۋاقتى ئىكەن.

ھاكىم ۋاڭ نەيگۇ كۇچادا سولاقتا يېتىپ قېلىش-
نىڭ سەۋەبى مۇنداق: بايغا مىللىي ئارمىيە كەلگەندە
ۋاڭ نەيگۇ بىلەن مۇئاۋىن ھاكىم ھەسەن ئىشان ئاق-
سۇغا قېچىپ كەتكەن. شۇڭا «سەن نېمە ئۈچۈن باينى
«ئىلى ئوغرىلىرى»غا تاشلاپ بېرىپ، ئاقسۇغا قېچىپ
كەتتىڭ» دەپ كۇچادا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ رىۋزىيە-

سىنىڭ دېۋىزىيە كوماندىرى شاڭ چۈجۈك تەرىپىدىن قامالغانىكەن. مەن كۈچادىن قوزغىلىپ بايغا مېڭىش ۋاقتىدا، شاڭ چۈجۈك مېنى چاقىرتىپ: (تەۋەككۈل سادىقنى)

— مېنى تەۋەككۈل سادىق بولامسىز؟ — دەپ سورىدى. مەن:

— شۇنداق، مەن بولىمەن، — دېدىم. شاڭ چۈجۈك:

— سىزنىڭ بايغا مۇئاۋىن ھاكىم بولغانلىقىڭىزنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىزگە ئۇقتۇردى. باينىڭ ھاكىمى ۋاڭ (ۋاڭ نەيگۈنى دېمەكچى) ھازىر كۈچادا سولاقتا. مەن سىزگە قايتۇرۇپ بېرىمەن. بايغا قايتىپ بېرىپ ۋاڭ نەيگۈ ھاكىم، سىز مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ ئىشلەيسىز، - دېدى. مەن «بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردىم. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ نەيگۈنى شاڭ چۈجۈكنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردى. قارىسام ۋاڭ نەيگۈنىڭ پۇتىدا ئىشكەل، قولىدا كويزا، بوينىدا زەنجىر بار ئىكەن. شاڭ چۈجۈك ئۇنىڭغا خەنزۇچە بىر مۇنچە گەپ قىلىپ، پۇت-قولىنى بوشىتىپ، ماڭا تاپشۇرۇپ بەردى.

بىز يەنە ئۈچ كۈن تۇرۇپ، يول تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن ۋاڭ نەيگۈنىڭ خوتۇن-بالىلىرى قوشۇلۇپ بىر ھارۋا، بىر مەپە كىرا قىلىپ بايغا قايتىپ چىقتۇق. بايغا كېلىپ مەن ئەيسا بەگنىڭ① ئۆيىگە چۈشتۈم. ۋاڭ نەيگۈ ئۆز ئۆيىگە چۈشتى.

---

① ئەيسا بەگ — شۇ ۋاقىتتىكى نامىلىك ھۆكۈمەت خەلق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ كوجاڭى بولغان.

بايغا كەلسەك گومىنداڭنىڭ كوچادا تۇرۇشلۇق ترانسپورت پولكىنىڭ باشلىقى ماتۇەنجاڭ بايدا ئىكەن. بىز كوچادىن يولغا چىققاندا، كوچىدىكى گومىنداڭ دېۋىزىيە شتابىدىن بايدىكى گومىنداڭ پولك شتابىغا قارىتا ۋاڭنىڭ يەنىلا بايغا ھاكىم، مېنىڭ مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ، بايغا يولغا چىققانلىقىمىز ھەققىدە تېلېگرامما بەرگەنىكەن. ئەتىسى مېنى ساقچى ئىدارىسىغا چاقىردى. بىز كىرسەك ماتۇەنجاڭ بار ئىكەن. ئۇنىڭ باشچىلىقىدا مەجلىس ئېچىپ، خىزمەت تاپشۇرۇۋالدۇق. ۋاڭ نەيگۇزغا ھۆكۈمەت تامغىسىنى تاپشۇرۇپ بەردى (قايتۇرۇپ بەردى). شۇنىڭ بىلەن بىز ئۆز خىزمىتىمىزگە كىرىشىپ كەتتۇق.

ۋاڭ نەيگو كوچادا تۇرمىدە يېتىپ ئېلىشىپ قالغانىكەن. ناھىيىنىڭ خىزمىتىنى باشقۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ نەيگونىڭ ئەھۋالىنى ئاقسۇ ۋالىي مەھكىمىسىگە مەلۇم قىلدۇق. ئاقسۇدىن گوجۇەنيۈەن كەلدى. ئاخشىمى گوچۇەنيۈەن ۋاڭ نەيگونى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ كىرىشلار دېدى. شۇ ۋاقىتلاردا ئىشخانىلارغا پەنەر چىراغ ياقاتتۇق. ۋاڭ نەيگۇ ئىشخانىغا كىرىپلا ئۇيان - بۇيان قاراپ، پەنەر چىراغنى بىر ئۇرۇپلا چېقىۋەتتى. بۇنى كۆرگەن گوچۇەنيۈەن، ۋاڭ نەيگو راستىنلا ساراڭ بولۇپ قاپتۇ، دەپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپى چاڭ فاچۈگە تامغىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، سەن ئىش باشقۇرۇپ تۇر، دەپ قايتىپ كەتتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈرۈمچىدىن گومىنداڭ ھەربىيلىرىدىن پېنسىيىگە چىققان جاڭ دېگەن ئادەم ھاكىم بولۇپ كەلدى. ئۈچ ئاي ھاكىم بولۇپ تۇرۇشىغا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن ھەسەن ئىشاننى ھاكىم دەپ ئۇقتۇرۇش كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەسەن ئىشان ھاكىم، مەن مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ ئىشلەپ، توققۇز ئاي ئەتراپىدا بولغاندا ئۇسمان داموللام بىلەن ئىسمايىل قازىنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملىققا تەيىنلەنگەنلىكى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش كەلدى. بۇلار ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ 50 كۈن ئەتراپىدا بولغاندا شىنجاڭدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى قاتناشقان ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، ئون بىر ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ھاسىل قىلىنىپ، بىتىم روھىغا ئاساسەن، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىدە «دېموكراتىك» سايلام ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇنىڭغا نازارەت قىلىش ئۈچۈن جاي-جايلارغا ئادەم ئەۋەتىلدى. جۈملىدىن ناھىيىمىزگىمۇ ئابدۇللا رەھىم ئەيسا بىلەن مۇسايوپ داموللام كەلدى. شۇنىڭ بىلەن «دېموكراتىك» سايلام باشلاندى. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەرەپتىن يۇقىرىقى ئىككى كىشىنى، يەرلىكنىڭ مەمۇرىي ھەربىي ئەمەلدارلىرىدىن يوفۇ (ئاقسۇ ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى) ۋاڭچۇجاڭ (ئاقسۇ گومىنداڭ ھەربىي سىلىڭبۇسى بىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىنىڭ تۈەنجاڭ (بايدىكى گومىنداڭ پولكىنىڭ پولك كوماندىرى) ۋاڭچۇجاڭ (باي ناھىيىسىنىڭ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) جاڭمىشۇ (ناھىيىنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى) قاتارلىقلار قاتناشتى.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىش، ئابدۇرېھىم ئەيسا بىلەن مۇسايوپ داموللاملارنى بايدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى پىلانلىق، مەخسەتلىك ھالدا ناھىيىنىڭ ساقچى ئىدارىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلارنىڭ غەرىزى ناھايىتى ئېنىق: ئابدۇرېھىم ئەيسا بىلەن مۇسايوپ داموللامنى بايدىكى ئىلغار زىيالىيلار ۋە باشقا ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشتۇرماسلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۆز كۆڭلىدىكى ئادەملىرىنى سايلىماقچى ئىدى، شۇڭا گومىنداڭ دائىرىلىرى بۇلار ئۇزۇن يول بېسىپ ھېرىپ كەتتى، ئوبدانراق ئارام ئالسۇن، چۈنكى ئۇلار سايلام خىزمىتى مەزگىلىدە يېتەكچىلىك قىلىدىغانلار، چارچىتىپ قويساق بولمايدۇ. ئۇلارنى ياخشىراق ئارام ئالدۇرۇش كېرەك دېگەندەك ياغلىما گەپلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ياتىقىنى ساقچى ئىدارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزلىرى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك يوشۇرۇن پىلان ئېچىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. ئاخىرىدا سايلامۇ ساقچى ئىدارىسىدا ئېلىپ بېرىلدى.

گومىنداڭنىڭ 194 - پولكى بايدا بولۇپ، سايلام باشلانغان كۈنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئۆگزىسىگە تەرەپ - تەرەپكە قارىتىپ پىلىموتلارنى قۇردى. دەرۋازا

ۋە ھويلىدا ئاپتوماتلار بىلەن تولۇق قوراللانغان ئەسكەرلىرى پوستا تۇردى. بۇ ۋاقىت 1946 - يىلى 11 - ئاي مەزگىلى ئىدى. شۇ ۋاقىتتا باي ناھىيىسى تۆت مەمۇرىي رايونغا بۆلۈنەتتى. بۇ قېتىمقى سايلامغا تۆت رايوندىن 15 ۋەكىل قاتناشتۇق. بۇ سايلامغا ناھىيىدىكى ئەللەر پىكىر ئېقىمىدىكىلەرنىڭ ۋەكىللىرىنى ۋە ئاۋام خەلق ۋەكىللىرىنى قاتناشتۇرۇلىدى. سايلام ئورنى ناھايىتى سۈرلۈك كۆرۈنەتتى.

سايلامنىڭ بىرىنچى كۈنى ھەسسەن ئىشانغا 13 چەك (13 ئاۋاز) ماڭا (تەۋەككۈل سادىق) قا 11 چەك (11 ئاۋاز) چىقتى. بۇنى كۆرگەن گومىنداڭ دائىرىلىرى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئولتۇرالمايلا قالدى. كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ سايلىماقچى بولغان ئادىمى چىقمىغانلىقى ئۈچۈن بىرىنچى قېتىملىق سايلامنى ئىناۋەتسىز قىلىپ، ئىككىنچى قېتىم يەنە سايلام ئېلىپ باردى.

ئىككىنچى قېتىملىق سايلامدا ھەسسەن ئىشانغا 9 چەك، ماڭا 7 چەك چىقتى. بۇنىڭغا يەنە چىدىمىغان گومىنداڭ دائىرىلىرى زورلۇق بىلەن (ئەتە يەنە ئۈچىنچى قېتىم سايلام ئېلىپ بارىمىز) دەپ ئېلان قىلدى. ئۈچىنچى قېتىملىق سايلامغا ھەسسەن ئىشان ئىككىمىز قاتنىشالمىدۇق. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاخشاملىرى ۋەكىللەرگە خىزمەت ئىشلەش، ئالداش، قايمۇقتۇرۇش قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئۈچىنچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قېتىملىق سايلامدا سابىت بەگ ① ھاكىملىققا [illegible]
بەگ ② مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى. بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ كۆڭلى ئەمىن تېپىپ، سايلامنىڭ تولۇق «مۇۋەپپەقىيەت» قازانغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ئابدۇرېھىم ئەيسا بىلەن مۇسايۇپ داموللاملار بۇ قېتىمقى بايىنىڭ «دېموكراتىك» سايلىمىدا «دېموكراتىك» ئاساستا خەلق كىمنى خالىسا شۇنى سايلاش ھەققىدە كۆپ تەرەپلىمە خىزمەت ئىشلىگەن بولسىمۇ بىرىنچىدىن ئۇلار بايغا كېلىشتىن بۇرۇن مەسئۇل دائىرىلەر پۈتۈن سايلامنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى، سايلايدىغان ئادەملەرنى ئىچكى قىسىمدا يوشۇرۇن بېكىتىپ بولغانلىقى، ئىككىنچىدىن سايلامغا ھەققىي خەلق ۋەكىللىرى ۋە ئىلغار زىيالىيلار قاتناشتۇرۇلمىغانلىقى، ئۈچىنچىدىن سايلامغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ سانى بەك ئاز بولغانلىقى، تۆتىنچىدىن سايلام ئورنى گومىنداڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن قاتتىق قامال قىلىنىپ، سىرت بىلەن ھېچقانداق ئالاقە قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، 1946 - يىلى 11 - ئايدىكى بايىنىڭ ئاتالمىش «دېموكراتىك» سايلىمى خەلقنىڭ رايى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ رايى بويىچە ئېلىپ بېرىلىپ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىيالمىدى.

---

① سابىت بەگ — شۇ چاغدا بىرىنچى رايوننىڭ چوڭجاڭى. ② نەھار بەگ — خەلق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ كوجاڭى.

باي رايونىدىن ئىبراھىم مىراپ ئاھمىيلىك كې-
گەشنىڭ باشلىقلىقىغا، سايرامدىن چۈرۈق بەگ① مۇ-
ئاۋىن باشلىقلىقىغا سايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ھەسەن
ئىشان ئىككىمىز بىكار بولۇپ قالدۇق. مەن ئۆلكىلىك
كېڭەشنىڭ ۋەكىلى بولغانلىقىم ئۈچۈن 1947-يىلى
4-ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسلىرىنى دېموكراتىك
ئاساستا سايلاپ چىقىش ئۈچۈن ئىككىنچى قېتىم ئۈ-
رۈمچىگە باردىم. بۇ قېتىم مەن ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ
ۋەكىلى تالىپ بەگ بىلەن بىللە باردىم. ئۈرۈمچىدە
ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن قەشقەر ۋەكىللىرى
بىر جايغا چۈشتى. ئاقسۇ ۋەكىللىرى باشقا بىر جايغا
چۈشتۇق. سايلام دوبەن مەھكىمىسىنىڭ غەربىي زالىدا
ئېلىپ بېرىلدى. سايلامنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئىشلار
ۋە ئىدىيىۋى كۈرەشلەر ناھايىتى كەسكىن بولۇپ، ئۆل-
كىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىرىنى دېموكراتىك ئاساستا
سايلاش ھەرگىزمۇ خەلق رايىغا باقمايتتى. شۇڭا
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى گومىنداڭ مەر-
كىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆل-
كىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە بەلگىلەنگەنلىك
ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى ئوقۇپ ئۆتتى. مەسئۇت ئە-
پەندىگە قوشۇلمىدىغانلار چاۋاك چېلىڭلار دەپ ئۇختۇردى.
خوتەن، يەكەن، ئاقسۇ، قاراشەھەر، ئۈرۈمچى ۋە قۇمۇل
قاتارلىق ۋىلايەت ۋەكىللىرى مەسئۇتنىڭ رەئىس

① چۈرۈق بەگ — ئەسلىدە قىزىل، سايرام، توقسۇن رايونىنىڭ (2-رايون) جۇجاڭى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولۇشىغا قوشۇلدى. تۆت ۋىلايەت يەنى — ئىلى، ئالتاي، چۆچەك، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى مەسئۇتنىڭ رەئىس بولۇشىغا كەسكىن قارشى ئاۋاز بەردى. قەشقەر ۋەكىلى ئابدۇرېشىت داموللام ئورنىدىن تۇرۇپ ئوچۇق ئاۋاز بىلەن «بىز مەسئۇتنىڭ رەئىس بولۇشىغا ھەرگىز قوشۇلمايمىز ھەم ئۇنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى دەپمۇ تونۇمايمىز» دېيىشى بىلەن تەڭ، زالنىڭ ئىچى ۋاڭ-چۇڭغا تولدى. بۇ ۋاقىتتا جاڭجىجۇڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، «ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا بويسۇنۇشى لازىم. سىلەر تۆت ۋىلايەتنىڭ سايلىمىغانلار مەيلى، كۆپ سانلىقلار سايلىدى» دەپ مەسئۇتنىڭ رەئىس بولغانلىقىنى، ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن بورھان ئەپەندىلەرنىڭ مۇئاۋىن رەئىس بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئەيسا بەگ باش كاتىپ بولۇپ سايلاندى. سايلامدىن كېيىن قەشقەر ۋەكىللىرى ئىلىغا كەتتى. قالغان ۋىلايەتنىڭ ۋەكىللىرى ئۆز جايلىرىغا قايتىشتى. تالىپ بەگ ئىككىمىزمۇ باغا قايتىپ كېلىپ، ئۆز ئىشىمىزنى قىلدۇق.

ھەسەن ئىشان ھاكىم، مەن مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، ھازىر ناھىيە خەلقىنىڭ ئۈستىدىكى ئالۋان - ياساق كۆپىيىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشى ناھايىتى قىيىنلىشىپ كەتتى. بۇنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلايلى» دەپ مەسلىھەتلىشىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ھەم ئاقسۇ ۋىلايىتىگە يوللاپ ناھىيە خەلقىنىڭ بىر

يىللىق دېھقانچىلىق بېجىرگىنى كەچۈرۈم قىلىندۇرغا-
نىدۇق.

ئەسكەرتىش: تەۋەككۇل سادىق ئازادلىقتىن بۇرۇن باي ناھىيىسىدىكى بىر مەزگىل مۇئاۋىن ھاكىم بولغان. بىز ئۆزىنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەن ۋاقتىمىزدا ئۇ كىشى خېلىلا ياشىنىپ قالغانىكەن. كۆپ نەرسىلەرنى ئەسلەپ بېرەلمىدى. بەزى كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى، بەزى كىشىلەرنىڭ فامىلىسىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ ۋە بەزى كىشىلەرنىڭ شۇ چاغدىكى ۋەزىپىسىنى ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ. شۇڭا بەزى ۋەقەلىكلەرنىڭ ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ قېلىشى ۋە ئادەملەر ئۆز ئارا ئالمىشىپ قېلىشى، ۋەزىپىسى ماس كەلمەيدىغان ئىشلار بولۇشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبلىك بۇ ئەسلىمىدە نۇقسانلار بولۇشى چوقۇم، ئەھۋالنى بىلىدىغان يولداشلارنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى ۋە تولۇقلاپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

1990-يىلى 10-ئاينىڭ 10-كۈنى

# 1941 - يىلى باي ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن «ئىمىن نەقىي ۋەقەسى»نىڭ باش-ئاخىرى

مەتنىياز توختى

1941-يىلى پۈتۈن باي ناھىيىسىنىلا ئەمەس، ھەتتا شېڭشىسەي دوبەن ھۆكۈمىتىنىمۇ ئەندىشىگە سالغان بىر ۋەقە يۈز بەردى. بۇ ۋەقەنى كېيىن كىشىلەر «ئىمىن نەقىي ۋەقەسى» دەپ ئاتاشتى. بۇ قانداق ۋەقە؟ ۋەقەنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشنىڭ ھەقىقىي سىرى نېمە؟ بۇ ھەقتىكى ئىشلارنى ئېسىمدە قالغان ئەسلىمىلىرىم بويىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

1941-يىلى 2-ئاينىڭ 17-كۈنى باي ناھىيىسىدىن ئىبارەت تەڭرىتاغ ئېتىكىدىكى كىچىككىنە بىر ناھىيە بازىرىدا ئاق كۆڭۈل پۇقرالارنىلا ئەمەس ھەتتا ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىمۇ ئەندىشىگە سېلىۋەتكەن، ھېچقانداق باش-ئايىغى يوق، بىرەر پاي ئوقمۇ چىقىرىلمىغان، بىرەر ئادەمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ھۆكۈمەتكە قارشى بىرەر ئېغىز گەپ-سۆزمۇ قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، «بايدىكى ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭ ئىسيانى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئېغىر تۇتقۇن قىلىش ۋەقەسى يۈز بەردى، كىشىلەر ھەم ھاڭ-تاڭ قېلىشتى،

ھەم ئەتىسىگە چۈشتى. بىراق ۋەقە پەيدا بولۇپ
ئارىدىن 50 نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ۋەقەنىڭ سىرى
ئاشكارىلىنىپ، ۋەقە پەيدا قىلغۇچىنىڭ ئىلغار زىيا-
لىيلار، جەمئىيەتتىكى ئىلغار كىشىلەرگە بوھتان
چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغان سۇيىقەستلىك
ھىيلە-نەيرەڭگى ئاشكارىلىنىپ قالدى. ۋەقەدە زىيان-
كەشلىككە ئۇچراپ تۈرمىگە كىرگەنلەرمۇ بىر-بىرلەپ
چىقىرىلدى.

ۋەقە پەيدا قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى:

ۋەقە پەيدا قىلغۇچى ئىمىن نەقىي دېگەن كىشى،
ئەسلى يۇرتى ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ قاراتال يېزىسىدىن.
ئىمىن نەقىي شۇ ۋاقىتلاردا 30 ياشلاردا بولۇپ،
چىرايى سېرىق، بودۇر چاچ، ھارامزادىلىكى، ئالدامچى-
لىقى، ھىيلىگەرلىك-قۇۋلىقى چىراي-شەكلىدىن
چىقىپ تۇرىدىغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خاراكتېرى
شۇ چاغدىكى ھاكىم ساقچى ئىدارىسىنىڭ جوجاڭلىرىغا
ناھايىتى ياققان. شۇڭا ئىمىن نەقىنىڭ ئۈستىدىكى
ئەرز-شىكايەتلەر، ئۇنىڭ يامان ئىشلىرى سورال-
مايتتى، سۈرۈشتۈرۈلمەيتتى.

1938-يىلىنىڭ ئاخىرىدا باي ناھىيىلىك ئۇيـ
غۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەسلىدىكى رەئىسى ھاجى
كېرىمي (تاتار) ئىستىلدا چىرىكلىشىپ خاتالىق
ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆز جىنايىتىدىن قورقۇپ
زەھەر ئىچىۋېلىپ ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كەلگەندە،
ئۇرۇمچىدە داۋالىنىمەن دەپ كېتىپ قايتىپ كەلمە-

كەلدىن كېيىن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئىمىن ئەقىيىنى باي ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەپ ئەۋەتكەن.

## تۇتقۇن قىلىش ۋەقەسى

1941 - يىلى 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئادەتتىكىدەك تىپتىنچ بولۇپ، ھەممە ئادەم ئۆز خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى بېجىر-رىپ كەچتە ئىشتىن چۈشكەنىدى، مەنمۇ شۇ قاتاردا ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيۈمگە قايتقانىدىم. ئۆيگە كىر-سەم ئۇممەش يېزىسىنىڭ ھازىرقى 3 - دادۈي-دىن ھاشىم ئۇستام ئىسىملىك تۆمۈرچى تىزغىنىم ئات ساتماقچى بولۇپ كەلگەن ئىكەن. بۇ كىشى بىلەن ئەھۋاللىشىپ بىر مەھەل ئولتۇرۇپ ئايرىم بىر ئۆيدە يېتىپ قالدىم. كېچە سائەت ئون ئىككىدىن ئاشقاندا ئىشىكنى قاتتىق ئۇرۇپ «مەمەتنىياز توختى، سەن بارمۇ - يوق، ئىشىكنى ئاچ» دەپ ۋارقىرىدى. دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقسام قورال تۇتقان تۆت ئەسكەر، بىر ھارۋا تۇرۇپتۇ، بۇنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدىم، ئارقامدىن ئانام سەيدىخانمۇ چىققان بولۇپ، ساقچىلار ئانامنى «سىز ئۆيگە كىرىپ كېتىڭ» دەپ كىرگۈزۈۋېتىپلا، بېشىمغا «شەيتان تېرىسى» دېگەن رەختتىن ئىككى قات قىلىپ تىكىلگەن خالتىنى كىي-دۈرۈپ ئاغزىنى بوغۇپ ھارۋىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى، ساقچىلارمۇ ھارۋىغا چىقتى. يولدا كېتىۋېتىپ مەن

«نېمە گۇناھ قىلغاندىمەن، ھايات قالارمۇلمۇ-يوق» دېگەندەك تەكتىگە يەتكىلى بولمايدىغان خىياللارنى قىلىپ قانچىلىك ماڭغانلىقىمىزنىمۇ ئۇقماي قالدىم، بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن ھارۋا توختىدى. (بۇ ۋاقىتلار دەل جاللات شېڭشىسەينىڭ تۈرلۈك ۋاستىلەر ئارقىلىق بىگۇناھ ئىلغار، مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنى، زىيا-لىيلارنى تۇتۇپ كېتىپ ئىز-دېرەكسىز يوقىتىۋاتقان مەز-گىلى ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردا باي ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ساۋۇت داموللا ھاجىمۇ شېڭشىسەينىڭ تۇتۇپ كېتىپ يوق قىلىۋەتكەنلىكى تېخى خەلقنىڭ قەلبىدە بار ئىدى). ھارۋا توختىغاندىن كېيىن بىرسى قولۇمدىن تارتىپ ھارۋىدىن چۈشۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى. بىر ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىن گۈندىپاي نۇرغۇن ئاچقۇچلارنى جالدىرلىتىپ بىر ئىشىكنى ئاچتى ۋە مېنى ئىتتىرىپ كىرگۈزۈ-ۋېتىپ ئىشىكنى «جاققىدە» قىلىپ ياپتى. ئۆي ئىچى قاراڭغۇ، دەرىزە بولمىغاچقا ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمىدى. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۆي ئىچىنى سىلاشتۇرۇپ بىر ئادەمنىڭ چېچىنى تۇتۇ-ۋالدىم. سىلە كىم دەپ سورىسام «مەن مەھەممەت روزى» دېدى ۋە مېنىڭ كىملىكىمنى سورىدى. مەن ئۆزۈمنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن نېمە ئۈچۈن، نېمە سەۋەبتىن تۇتۇلغانلىقىمىزنى ئۆز-ئارا سوراشتۇق ئەمما ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۇقالمىدۇق. ھېچ نەرسە يوق زەي تۈرمىدە بۇ كېچىنى ئۆتكۈزۈپ ئاشۇ ئىشىكك

قارشىپ ئولتۇرساق، گۈندىپاي ئىشىكنى ئېچىپ «ئورنىڭدىن تۇر» دەپ تۇرغۇزۇپ بېشىمىزغا يەنە خالتىنى كىيدۈرۈپ ماجەتخانىغا ئېلىپ ماڭدى. ھەر-كۈنى مۇشۇنداق قىلىپ ئىككى قېتىمدىن سىرتقا ئېلىپ چىقىپ تۇردى. تاماق ئۈچۈن ھەركۈنى ئەتىگەندە ئىككىدىن ھورنان، كەچتە ئوماچ ياكى سۇيقاش بېرىپ تۇردى، بىر ھەپتىگىچە ھېچقانداق گەپ سۆز بولمىدى. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن بوتۇك يامۇلغا ئېلىپ بېرىپ بىر يەر ئاستى تۈرمىگە سولىدى، بۇ يەردە نوسمان يولداش زىيالىي دېگەن كىشى بار ئىكەن، بۇ كىشىمۇ نېمە ئۈچۈن تۈرمىگە كىرگەنلىكىنى بىلمەيدىكەن. بوتۇك يامۇلدىكى تۈرمە باشلىقى سىدىق بەگهاجى، گۈندىپايلىرى ئىمىر بەگ، كەنجى بەگ دېگەن كىشىلەر ئىكەن. ئۇلار بىزگە نىسبەتەن بىر ئاز ئىچىنى ئاغرىتتىمۇ قانداق پۇل بەرسەك ئانچە-مۇنچە لازىمەتلىكلەرنى ئەكىلىپ بېرىپ تۇردى، جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان بەزى ئىشلاردىنمۇ خەۋەردار قىلىپ تۇردى، بىر كۈنى ئىمىر بەگ دېگەن كىشى كىرىپ «بۈگۈن ئۇرۇمچى شېڭ دۇبەن يامۇلىدىن بىر مۇنچە مېھمانلار كەپتىمىش، ئۇلار ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسيانچىلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغۇدەكمىش، بۇ گەپنى ھېچكىمگە دېمەڭلار، ھېچكىم ئاڭلىمىسۇن» دەپ چىقىپ كەتتى. شۇ ۋاقىتتا ئۆزۈمنىڭ نېمە ئۈچۈن تۇتقۇن قىلىنىپ

قامالغانلىقىمىزنى بىلدىم ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا بىرەر
ۋەقە يۈز بەرگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. بۇتۈن
يامۇلىنىڭ تۈرمىسىدە 20 كۈن ياتقاندىن كېيىن
يەنە ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۈرمىسىگە ئاپىرىپ قامىدى.
بىر ئاخشىمى تۈرمىدىن چىقىرىپ ئىشخانىغا ئېلىپ
كىردى. ئىشخانىدا مەن تونۇمايدىغان تۆت كىشى
ئولتۇرۇپتۇ، ئۇلار مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ
چاي قۇيۇپ بەردى، تاماكا تۇتتى. ئارقىدىن ياشان-
غانراق بىرسى سۆز قىلىپ:

بىزنى شېڭ دۇبەن جانابلىرى باي خەلقىنى
بالايى-قازادىن قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن غەمخورلۇق قىلىپ
بۇ يەرگە ئەۋەتتى. باي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا ھۆكۈ-
مەتكە قارشى بىر مەخپىي تەشكىلات بار ئىكەن،
تەكشۈرۈپ كۆرۈشىمىزچە سىزنىڭمۇ شۇ تەشكىلاتقا
قاتناشقانلىقىڭىز ئېنىقلاندى، لېكىن سىز ياۋاش،
مۇلايىم ئادەم ئىكەنسىز، شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنى ئاسراپ
قالماقچى بولدۇق. بىزنىڭ سىياسىتىمىز ئىقرار
قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىش، خىزمەت كۆرسەتكەن-
لەرنى مۇكاپاتلاش، ئۆستۈرۈش؛ جاھىللىق قىلغان-
لارنى قاتتىق جازالاشتىن ئىبارەت. سىز ئۇيۇشمىدىكى
مەخپىي تەشكىلاتنى تولۇق پاش قىلىپ خىزمەت
كۆرسىتىشىڭىزنى ئۇقتۇرىمەن. قېنى مەرھەمەت ئال-
دىرىماي سۆزلەڭ،—دېدى. بۇتۈن يامۇلىنىڭ تۈرمىسىدە
ياتقاندا ئاڭلىغان خەۋەردىن كېيىن قىلغان قىياسىم
توغرا چىقتى. ئۇيۇشمىدىكى ھۆكۈمەتكە قارشى چىققان-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىدىن زادىلا خەۋىرىم يوق ئىدى. مەن:

— مېنىڭ بۇ ئىشتىن مۇتلەق خەۋىرىم يوق، ھۆكۈمەتكە قارشى مەخپىي تەشكىلات قۇرۇلغانلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيدىكەنمەن، — دېدىم.

— سىز بىلمەيمەن دەپ جاھىللىق قىلماڭ، بىز بارلىق ماتېرىياللىنى ئىگىلەپ بولدۇق. سىلەرنىڭ ھۆكۈمەتكە سادىق ياكى سادىق ئەمەسلىكىڭلارنى، كىمنىڭ ياخشى، كىمنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى بىلمەكچىمىز، سىز ھازىر قايتىپ چىقىپ ياخشى ئويلىنىڭ. ئەتە تولۇق ئىقرار قىلىڭ، ئەگەر يەنە جاھىللىق قىلسىڭىز، ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ ئەدەپ قامچىسى بىلەن بىردەمدىلا بىلىدىغان قىلىمىز، ئۇقتىڭىزمۇ؟ — دەپ ساقچىغا ئىشارەت قىلىۋىدى، ساقچى يەنە ئېلىپ چىقىپ قاماپ قويدى. ئىككىنچى كۈنى كېچە سائەت ئون ئەتراپىدا يەنە ھېلىقى ئىشخانىغا ئېلىپ ئالدىنقى ئاخشامدىكى سوراقنى داۋاملاشتۇردى.

— سەن ئويلىنىپ ئەقلىڭگە كەلدىڭمۇ، قېنى سۆزلە، — دېدى قېرى سوراقچى.

مەن جىم تۇردۇم.

— 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كېچىدىكى قوزغىلاڭدا سەن نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ، قوزغىلاڭغا كىم باشچىلىق قىلدى، مەخپىي تەشكىلاتنىڭ باشلىقى كىم؟ — دېدى سوراقچى.

— مەن بۇ ئىشنى زادىلا بىلمەيمەن، 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۆيدە ئومباشتىن كەلگەن تۇغقىنىم بىلەن

ئەھۋال سورىشىپ يېتىپ قالدىم، تۈن كېچە بولغاندا ساقچىلار تۇيۇقسىز تۇتۇپ كېلىپ قاماپ قويۇشتى، باشقا ئىشلارنى راستىنلا بىلمەيمەن، ئۆزۈمنىڭ نېمە سەۋەبتىن قامالغانلىقىمنىمۇ بىلمەيمەن، بۇ ئىشنى ھەر قايسىلىرىڭنىڭ ئاغزىڭدىن ئاڭلىدىم، — دېدىم.

— بۇ جاھىلنى قاتتىق ئەدەپلە، — دېدى سوراقچى. ساقچىلار شۇئان غالجىر ئىتتەك ئېتىلىپ كېلىپ مورەمدىن تۇتۇپ تارتىپ تۇرغۇزۇپ، چاپانلىرىمنى سالدۇرۇۋېتىپ غەزەپ بىلەن ئۇرغىلى تۇردى. باش-كۆزلىرىم يېرىلىپ، بەدەنلىرىم قانغا بويالدى. مۇشۇنداق بىردەم ئۇرۇش، بىردەم سوراق قىلىش جەريانىدا جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن يەنە قاماپ قويدى. باشقا قامالغانلارنىمۇ شۇ ئۇسۇل بىلەن قىيناپ سوراق قىلدى. تۈرمە، كېچىسى داد-پەرياد، كۈندۈزى جىمجىتلىق بىلەن ئۆتتى. كېيىن ئاڭلىسام ئومباشلىق تۈرمىمىزنىڭ ئۆيىگە مەخسۇس ئادەم چىقارتىپ تەكشۈرۈپتۇ، نەتىجە چىقىرالمىغاندىن كېيىن سوراقنى توختاتقانىكەن. 2-ئاينىڭ 17-كۈنى كېچىدە تۇتقۇن قىلىنغانلار ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى، سودا تەرەققىيات شىركىتى، باجخانا قاتارلىق ئورۇنلاردىن جەمئىي 34 نەپەر كىشى قامىلىپ ۋەھشىيانە ئۇسۇللار بىلەن قىيىنىغان. بۇلار ئىچىدىكى زىيالىيلاردىن ئېلى ئېزىز، تايىر سابىت قاتارلىقلار ئېغىر قىيناشلارغا ئۇچرىغان. مانا بۇ 1941-يىلى 2-ئاينىڭ 17-كۈنى باي ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن «ئىمىن نەقى» ۋەقەسىدۇر.

## ئىمىن نەقى ۋەقەسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە نەتىجىسى

1941-يىلى 2-ئاينىڭ 17-كۈنى 34 نەپەر كىشى تۇتقۇن قىلىنغان ۋەقە ئۈرۈمچى شىڭ دۇبەن مەھكىمىسىگە مەلۇم قىلىنىدۇ. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بىر قانچە ئون كۈن ھەرخىل قاتتىق-يۇمشاق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ سوراق قىلىپ «ھۆكۈمەتكە قارشى مەخپىي تەشكىلات ۋە ئىسيان» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ھېچقانداق دەلىل-ئىسپاتقا ئېرىشەلمىدى، ۋە ئۇلاردا «مەخپىي تەشكىلات، ئىسيان» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە گۇمان شەكىللىنىپ ۋەقەنىڭ يۈز بېرىش جەريانىنى ئىگىلەپ ئاخىرىدا ۋەقەنى پىلانلىغۇچى ئىمىن نەقىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. «ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسيان» دېگەن نىيەتنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ئاشكارىلاندى. ئەسلى ۋەقە مۇنداق بولغانىدى:

1939-يىلى باي ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن ئىمىن نەقى ئۇزۇن ئۆتمەي ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىمى چېن دەنكۈي بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بوغۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى بەرمىگەنلىكتىن بىر قىسىم مەكتەپلەر تاقىلىشقا مەجبۇر بولدى. نەتىجىدە جەمئىيەتتە ئىمىن نەقىگە قارىتا نارازىلىق كۆپەيدى.

1940-يىلى سايرامدا ئىمىن نەقىنى رەئىسلىك

ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش كېرەك دەيدىغان كۆز قاراش ۋە پىكىرلەر ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقتى.

1940-يىلى سايرامدا ھاكىم چىن دەنكزۇينىڭ بىۋاسىتە قول تىقىپ ئارىلىشىۋېلىشى ۋە ساختىپەزلىك قىلىپ يۇقىرىغا «ئەخمەت ئەپەندي خىزمىتىنى ناھايىتى ياخشى ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن كۆپچىلىك ھىمايە قىلىپ رەئىسلىك خىزمىتىنى داۋاملىق ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتمۇ قوشۇلدۇق» دېگەن مەزمۇندا دوكلات يوللاپ يۇقىرىنى ئالداش، تۆۋەننى بېسىش ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە سايلام ئېلىپ بارمايلا رەئىسلىك ۋەزىپىسىدە قالدۇردى، ئەخمەت ئەپەندىمۇ خاتىرجەم بولدى. 1940-يىللىق خىزمەتلەر جەريانىدا ئۇنىڭ نەپسى تېخىمۇ يوغىناپ كەتتى، خۇشامەتكويلۇق بىلەن چىن دەنكۈي ۋە بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ ئەمەلدارلار بىلەن يەنىمۇ تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئىقتىسادىنى ۋەيران قىلىپ، ئۇيۇشما خىزمىتىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. بۇ ئەھۋال كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىر يىل ئۆتۈپ كېتىپ 1941-يىلى يېتىپ كەلدى، بۇ سايلامدا ئۆز ئورنىنى قانداق قىلىپ ساقلاپ قېلىش، ئەخمەت ئەپەندىنىڭ ئالدىدىكى مۇھىم بىر مەسىلە ئىدى. ئۇ بىر خىل رەزىل ھىيلە-نەيرەڭنى ئويلىنىۋاتقاندا، ئۇيۇشمىدىكى كۆپ سانلىق خادىملار، ئوقۇتقۇچىلار ئېلى ئېزىز، تاھىر سابىت قاتارلىق ئىلغار

زىيالىيلارنىڭ باشچىلىقىدا يېڭىشىزۇن پەلان تور
ناھىيىدىكى ئىلغار زاتلار بىلەن بىرلىشىپ سايلام
ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئىمىن نەقىينى خىزمىتىدىن
ئېلىپ تاشلىماقچى بولغان (ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئىشتىن
مېنىڭ خەۋىرىم يوق ئىدى). بۇ مەسىلىھەتنى ئۇيغۇر
ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەھمەد قارى بىلىپ
قېلىپ ئىمىن نەقىيگە مەلۇم قىلىدۇ، ئىمىن نەقىي دەرھال
چىن دېنكۈيغا يەتكۈزىدۇ. چىن دېنكۈي گەرچە ئىمىن
نەقىينى خاتىرجەم قىلىپ يولغا سالغان بولسىمۇ،
ئىمىن نەقىي ئەمەلىيەتتە خاتىرجەم بولالمايدۇ، ئۇ ئاخى-
رىدا خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ساقلى-
نىش ئۈچۈن، ئۆزىنى ياردىلاندۇرۇپ «باي ئۇيغۇر ئۇيۇشمى-
سىدىكى كادىرلار ھۆكۈمەتكە قارشى مەخپىي تەشكىلات
قۇرۇپ ئىسيان كۆتۈردى» دېگەن رەزىل ئويۇننى
ئويناپ چىققان. يەنى 1941-يىلى 2-ئاينىڭ 17-
كۈنى ئىمىن نەقىينى ئۆز پەلانى بويىچە ئۆيىدىن
چىقىپ سۇجۇخانىنىڭ كەينىدىكى (ھازىرقى كادىرلار
مېھمانخانىسى بىلەن سىياسىي كېڭەشنىڭ ئالدىدىكى
كوچا ئورنىدا) تار كوچىغا ئۆتۈپ بىر تاشنى قولىغا
ئېلىپ ئۆزىنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ ياردىلاندۇرىدۇ، قاننى
يۈز-كۆزلىرىگە سۈرتۈپ، پىچاق بىلەن بىر قولىنى
ئازراق كېسىپ تېرىسىنى زەخىملەندۈرىدۇ-دە،
«ۋايجان ئادەم بارمۇ!» دەپ توۋلايدۇ، بۇ تۈن كېچە
بولۇپ، كوچىغا چىققان جىددىكچى ساقچىلار «كىمسەن؟»
دەپ توۋلاپ كېلىدۇ ۋە «بۇ نېمە ئىش»؟ دەپ سو-

رايدۇ. ئىمىن نەقىي «مەن ئىمىن نەقىي، ئۇيغۇر ئۆزىۋېشىمىزدىكى بۇزۇقلار ھۆكۈمەتكە قارشى مەخپىي تەشكىلات قۇرۇپ، پائالىيەت ئېلىپ بارغانىكەن، ئۇلار ھەرىكىتىنى مەندىن باشلىدى» دەيدۇ. بىر نەچ-چىسى ئىمىن نەقىينى يۆلەشتۈرۈپ ئۆيىگە ئاپىرىدۇ، بىر نەچچىسى ساقچى ئىدارىسىغا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. ساقچى باشلىقى ئالاقىدارلىك بىلەن ھاكىم چىن دەنكۇيغا دوكلات قىلىدۇ. ئۇلار كېچىلەپ مەسلىھەت قىلىپ، شۇ كېچىدىن قالدۇرماي بارلىق «ئىسيانچىلار»نى بىرسىنىمۇ قالدۇرماي تۇتۇپ تۈر-مىگە قاماشنى قارار قىلىدۇ. نەتىجىدە بىر كېچىدىلا 34 نەپەر خادىمنى ئۆز ئۆيلىرىدىن تۇتۇپ كېلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ. شۇنداقلا ھاكىم چىن دەنكۇي بىلەن ساقچى باشلىقى شايۈك بىلىك سېپكىشىسەيگە قارىتا، باي ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۆزىۋېشىمىزدىكى بىر قىسىم بۇزۇقلار ھۆكۈمەتكە قارشى مەخپىي تەشكىلات قۇرۇپ، 17-فېۋرال كېچىدە ئۇيغۇر ئۆزىۋېشىما رەئىسى ئىمىن نەقىيگە ھۇجۇم قىلىپ، تاش بىلەن ئۇرۇپ، پىچاق سېلىپ ئېغىر قانلىق ۋەقە پەيدا قىلدى، باي ناھىيىسى ھازىر سۇنىڭ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك لەيلەپ تۇرماقتا، بىز دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، مەخپىي تەشكىلاتقا قاتناشقان ئۇنسۇرلارنى تۇتۇپ «ئىسيان»نىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدۇق، بىزگە ياردەم بېرىش ئارقىلىق ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش-لىرىڭنى ئۈمىد قىلىمىز، دېگەن مەزمۇندا تېلېگرامما

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەرگەن.

دېمەك، يۇقىرىقىلار ئىمىن نەقىي ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشىدىكى ھەقىقىي ئەھۋال.

## رەزىل ئويۇن بەربات بولدى

شېڭ شىسەي باي ناھىيىسىدىكى «ئىمىن نەقىي ۋەقەسى» گە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن خادىملار تۇتقۇن قىلىنغان خادىملارنى ھەرخىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ سوراق قىلغان بولسىمۇ، «مەخپىي تەشكىلات»، «ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسيان» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە قىلچىمۇ يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىدى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە بۇ ۋەقە ھەم ئىمىن نەقىي ئۈستىدە گۇمان پەيدا قىلدى ۋە يوشۇرۇن بىر ئويۇننىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ سوراق ئوبيېكتىنى ئىمىن نەقىيگە قاراتتى. ئىمىن نەقىينى ئۆز ئائىلىسىدىن يېڭى بىناغا (ھازىرقى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئورنى، كىتابخانا ۋە جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ ئورنىدا) يۆتكەپ كېلىپ ئايرىم ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىشىكتە ساقچى تۇرغۇزۇپ، سىرت بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈپ تاشلاپ تەكشۈرگەن ۋە ئۇنىڭ ئۆزى ئېيتقاندەك قوشۇشتەك ئېغىر كېسەللىك ئەھۋالىمۇ كۆرۈلمىگەن. بۇنىڭ بىلەن تەكشۈرگۈچىلەر تېخىمۇ گۇمانلانغان. نەتىجىدە ئايالىنى سوراق قىلغان. ئايالى بارلىق ئەھۋالنى ھەقىقىي،

ئەينەن ئوتتۇرىغا قويغان. يەنى ئەمەن لەقىمى زىيالىكەشلىككە ئۇچرىغان، ئۇ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن يالغاندىن كېسەل بولغان بولۇپ، ئورۇن - كۆرپىلەرنى سېلىپ قويغان، بىرەر ئادەم كۆرۈشكىلى كەلسە دەرھال يۇتقانغا كىرىپ يېتىۋېلىپ يالغاندىن يۆتىلىدۇ، ۋايجانلايدۇ، چىقىپ كېتىشىگىلا ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلا-ئارامغا چىقىپ يۈرۈيدۇ، دېگەن. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن تەكشۈرگۈچىلەر ئەمەن لەقىمىنى يۈيۈندۇرۇپ، چاچ - ساقاللىرىنى ئالدۇرۇۋېتىپ بەدەنلىرىنى تەكشۈرگەن، نەتىجىدە ئەمەن لەقىمى باشقىلار تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى - ئۆزى يېنىك دەرىجىدە زەخمىلەندۈرۈلگەنلىكى ئىسپاتلاندى. قاتتىق سوراق قىلىش جەريانىدا ئەمەن لەقىمى ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان سۈيىقەستلىك ھەرىكىتىنى يوشۇرۇپ قالالماي ئىقرار قىلدى.

كونىلاردىن قالغان «يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام»، «كادان تۆلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنىپتۇ» دېگەن تەمسىل بار. تەكشۈرگۈچىلەر باي ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن 34 كىشىنى تېرىقتۇن قىلىش ۋەقەسىنى تەكشۈرۈپ، بۇ ئەمەن لەقىمىي ئۆزىنىڭ رەئىسلىك ئورنىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىپ، جەمئىيەتتىكى ئارازىلىق كەيپىياتىنى ئۇرچۇتۇش ئۈچۈن پەيدا قىلغان باشقىلارغا قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىش ۋەقەسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى.

تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن 1941 - يىلى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بۇ ۋەقەنى بىر تەرەپ

قىلدى. يەنى شۇ كۈنى ئەينى ۋاقىتتا بايرى تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۆتكۈزىدىغان مەيدان (ھازىر باغچا قىلماقچى بولغان ئورۇن)غا يىغىن سەھنىسى ياسالدى (سەھنىگە ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ۋە شىڭ شىسەينىڭ سۈرىتى ئېسىلىپ، ئالدىغا «باي ناھىيىسىدە قەستەن پەيدا قىلىنغان ئىسيان نەقمى ۋەقەسىنى پاش قىلىش، بىر تەرەپ قىلىش چوڭ يىغىنى» دېگەن خەت يېزىلغان لوزۇنكا ئېسىلغان سەھنىنىڭ ئىككى تەرىپىگە «ئىسيان نەقمى پىلانلىغان سۇيىقەستلىك ئىسيان ۋەقەسىنى تارمار قىلايلى! ئۆزىنى قوغداپ باشقىلارغا تۆھمەت چاپلىغان يالغانچىلارنى يوقىتايلى!» دېگەن خەتلەر يېزىلغان لوزۇنكىلار ئېسىلغان).

يىغىن باشلىنىش بىلەن تۇرمىغا كىرگەنلىرىمىزنى سەھنىگە ئورۇنلاشتۇردى، مەيداننىڭ ئەتراپىغا قوراللىق ساقچىلار قويۇلدى. يىغىندا دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ بىر كاتىپى ئالدى بىلەن سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە باي ناھىيىسىدە ئىسيان نەقمى ئۆزى سۇيىقەست قىلىش مەقسىتىدە پىلانلىغان" ئاتالمىش «ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسيان دېگەن مەسىلىنى 52 كۈن تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش ئارقىلىق ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ چىققانلىقىنى، باي ناھىيىسىدە ئەزەلدىن ھېچقانداق ھۆكۈمەتكە قارشى تەشكىلات، ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسيان دېگەن ئىشنىڭ بولمىغانلىقىنى، ئەكسىچە ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى ئىسيان

نەقىپىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىمەيلا قالماي، بۇزۇق ئەمەلدارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇيۇشمىنىڭ كۆپ مىقداردىكى ئىقتىسادىغا خىيانەت قىلغانلىقى، باشقىلارغا پارە بېرىپ زىيان سالغانلىقى تۈپەيلىدىن مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرى-غانلىقى، 1940 - يىلىدىكى سايلامدا، يۇقىرىدىكى ئالداپ، تۆۋەننى بېسىپ سايلام تۈزۈمىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ رەئىس بولۇۋالغانلىقى ئارقىسىدا، بىر قىسىم ئىلغار كىشىلەرنىڭ نارازىلىق كەيپىياتىنى كەلتۈرۈپ چىقار-غانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىمىن نەقىپىنى رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى مەسلى-ھەت قىلغانلىقى، بىزنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى ۋەقە ھېسابلانمايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر-ۋاقىتتا، ئىمىن نەقىپىنىڭ ئۆزىنى قوغداپ قىلمىش ئۈچۈن ياخشى كىشىلەرگە بوھتان قىلىپ زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئاخىرىدا تۇتقۇن قىلىنغانلار پۈتۈنلەي گۇناھ-سىز بولۇپ قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى ۋە ئەپۇ سو-رايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چىن دېكۆي ئىمىن نەقىپ ۋە تۇتقۇن قىلىش ۋەقەسىگە قاتناشقانلارنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى جاكارلىدى ۋە ئۇلارنى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئورۇنچىگە ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش «ئورنىنى كىم كولىسا ئورىغا ئۆزى چۈشىدۇ» دېگەندەك ئاخىرلاشتى.

# ناھىيىمىزنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى پوچتا، خەت - چەك، ئالاقە ئىشلىرى ھەققىدە ئەسلىمە

ليۇ شىشۇ

شىنجاڭنىڭ پوچتا ئىشلىرىنىڭ باشلىنىشى - چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىغا توغرا كېلىدۇ. يەنى 1912 - يىلى (مىنگونىڭ تۇنجى يىلى) شىنجاڭدا پوچتا ئىشلىرى رەسمىي يولغا قويۇلۇپ قېلىپلاشقانىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى 1909 - يىلى (شۈەنتۇڭنىڭ دەسلەپكى يىلى) ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆلكە مەركىزى جايلاشقان ئورۇن دىخۇادا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) شىنجاڭ پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن 1912 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە ئاساسلىق ناھىيىلەردە پوچتا ئىدارىلىرى ئارقىمۇ - ئارقا قۇرۇلدى. ھەرقايسى كىچىك ناھىيىلەردە پوچتا قوبۇل قىلىش، ئەۋەتىش، تارقىتىش ئىشلىرىنى ۋەكالىتەن بېجىرىش ئورنى قۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرىنىڭ ھۆججەت، ئالاقىلىرىنى، شۇنداقلا خەلقلەرنىڭ شەخسىي خەت - ئالاقىلىرىنى قوبۇل قىلىش، يەتكۈ-

زۇش، تارقىتىش قاتارلىق كەسپلەرنى بىجىرەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ شىنجاڭدا رەسمىي پوچتا خەت-چەكلەرنى توشۇش ئىشلىرى بارلىققا كەلگەن.

باي ناھىيىسىدە، 1912 - يىلى دەسلەپ قىلىپ پوچتا قوبۇل قىلىش، ئەۋەتىشنى ۋەكالەتەن بىجىرىش ئورنى قۇرۇلغان. پوچتا ئىشلىرىنى بىجىرىشكە شۇ ۋاقىتتىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەخسۇس ئادەمنى بەلگىلەيتتى ياكى شۇ جايدىكى نامى بار، دۆلەتمەن سودىگەرلەر ئۆزلىرى ئۈسكۈنە چىقىرىپ پوچتا دۇكى-نىنى ھۆددىگە ئېلىپ، پوچتا ئىشلىرىنى ۋەكالەتەن بىجىرىشكە مەسئۇل بولاتتى. ئاساسلىق بىجىرىدىغان ئىشلىرى: ھەرقايسى ئىدارە ئورۇنلارنىڭ ھۆججەت، خەت - چەك ئالاقىلىرى، شۇنداقلا خەلقنىڭ شەخسىي خەت - چەكلىرىنى قوبۇل قىلىش، ئەۋەتىش ۋە شۇ جايغا يەتكۈزۈلىدىغان ھۆكۈمەتنىڭ ھۆججەت، خەت-ئالاقىلىرىنى يەتكۈزۈشنى ئېلىپ باراتتى. كەسپىي جەھەتتە كۇچا ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ رەھ-بەرلىكىنى قوبۇل قىلاتتى. شۇ ۋاقىتتىكى پوچتا ئىش-لىرىنى ۋەكالەتەن بىجىرىش ئورنىنىڭ ھەم ئۆيلى-رى، ھەم كەسپىي ئىشلارنى بىتەرەپ قىلىشتا ئىشلى-تىلىدىغان سايمان، ئۈسكۈنە قاتارلىق نەرسىلىرىمۇ يوق ئىدى. پوچتا ئىشلىرىنى ۋەكالەتەن بىجىرگۈچى ئۆزىنىڭ شەخسىي ئۆي ۋە سايمان ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىپ، كەسپىي ئىشلارنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلاتتى. پوچتا ئىشلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋەكالىتەن بېجىرگۈچى پوچتا ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن بېجىرسىمۇ، ئۇنىڭ ماۋاشى ۋە باشقا كىرىمى يوق ئىدى، پەقەت قىلىۋاتقان ئىشى ئۈچۈن شۇ جايدىكى دائىرىلەر ئورۇنلاشتۇرغان ئالۋان، ياساق، سەيسىلەر كەچۈرۈم قىلىناتتى (كېيىن ساتقان پوچتا ماركىسىغا ئاساسەن ئازدۇر - كۆپتۇر ھەق بېرىلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاز ساندىكى پوچتا ئىشلىرىنى ۋەكالىتەن بېجىرىدىغانلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىن ئىدى. پوچتا ئىشلىرىنى ۋەكالىتەن بېجىرگۈچىلەر ئالۋان - ياساق، سەيسىلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بولسىمۇ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ پوچتا ئىشلىرى خىزمىتىنى جاپالىق ئىشلەيتتى (مەسىلەن، كۈندۈزلىرى خەت - چەكلەرنى قوبۇل قىلاتتى، قوبۇل قىلغان خەت - چەكلەرنى تارقىتىشنى ئېلىپ باراتتى. ئاخشاملىرى يەنە پوچتا ماشىنىلىرىنى كۈتۈۋېلىپ ھۆججەت، خەت - چەكلەرنى ئۆتكۈزۈۋالاتتى ۋە ئەۋەتەتتى. ئارام ئېلىش كۈنلىرى، ھېيت - بايرام كۈنلىرىدە ئىشلەيدىغان ئىشلىرى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جايدىن خالىغانچە ئايرىلىشقا بولمايتتى).

پوچتا تۇشۇش لىنىيىسى ئاقسۇدىن شەرققە قاراپ ماڭغاندا جام (ھازىرقى كونا جام)، قارا يۇلغۇن، توغراق دەڭ، چوقا، قۇشتېمى، باي، قىزىل، توغراق دەڭ قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ ئاندىن كۇچاغا يېتىپ باراتتى. بۇ لىنىيىدە جەمئىي سەككىز جايدا پوچ-

تا بېكەتتى بار ئىدى. بۇ بېكەتلەر پوچتا خەت - خالتىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئۆتكۈزۈپ ئېلىش بېكەتلىرى بولۇپ، هەر بىر بېكەتكە بارغاندا ئادەم، ئات - هارۋىلار ئالمىشاتتى. هەر بىر بېكەتتە پوچتىكەش خەت توشۇغۇچىلاردىن ئىككىدىن ئادەم بار ئىدى. بىرسى قايتىپ كەلسە، بىرسى يولغا چىقاتتى. هەر بىر پوچتىكەشنىڭ بىردىن هارۋىسى، ئىككىدىن ئېتى بار ئىدى، بۇ هارۋا، ئاتلار پوچتىكەشلەرنىڭ شەخسىي ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، ئومۇمغا تەئەللۇق ئەمەس ئىدى. ئاتلارغا پوچتا خانىلاردىن ئوت - سامان، يەم، بوغۇز راسخوتى تارقىتىپ بېرىلەتتى، پوچتىكەشلەر ئات هارۋىلىرىغا قايتىپ خەت - خالتىلارنى يەتكۈزۈپ بېرەتتى. بارلىق پوچتا يوللىرى ئاقسۇ پوچتا ئىدارىسىنىڭ بىۋاسىتە بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا تەئەللۇق ئىدى، هەر ئايدا پوچتىكەشلەرنىڭ باشلىقى هەرقايسى پوچتا بېكەتلىرىگە تەكشۈرگۈچى خادىم ئەۋەتىپ، پوچتا خەت - خالتىلارنى يەتكۈزۈش ئەهۋالىنى ئايلىنىپ تەكشۈرۈشنى ئېلىپ بېرىپ، ئىش هەققىنى شۇنىڭغا بىرىكتۈرۈپ تارقىتىپ بېرەتتى.

پوچتا خەت - چەكلىرىنى توشۇغۇچىلار بەن بويىچە كۈندىلىك ئىشقا چۈشەتتى. ئۇلار دائىرىنى بۆلۈشۈۋېلىپ كۈچ ئىلاپ، كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ ۋەزىپە ئورۇندايتتى. ئاقسۇ بىلەن كۇچا بىر - بىرىگە خەت - خالتىلارنى ماڭدۇراتتى هەم يېتىپ بار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالدا ئۆتكۈزۈۋالاتتى. پوچتىكەشلەر باي ناھىيىنىڭ شەھەر رايونىدىن ئۆتكەندە باي ناھىيىسىگە تەئەللۇق خەت - خالتىلارنى، خەت - چەك بولاقلارنى (خەت - چەك، پوسۇلكا كۆپ بولسا، پوچتا خالتىلىرىغا قاچىلىناتتى، ئازراق بولسا، بولاق قىلىناتتى) بايغا تاشلاپ ئۆتەتتى ۋە ئاقسۇ - كۇچا ئارقىلىق باشقا جايلارغا يەتكۈزۈلىدىغان پوچتا خەت - چەكلىرى، پوسۇلكىلارنى ئېلىپ كېتەتتى. باينىڭ ئۆزىدە پىچەتكەش ۋە ئات هارۋا يوق ئىدى. ئاقسۇ، كۇچانىڭ پوچتىكەشلىرى قوشۇپ ئىشلەيتتى. پوچتا ئىشلىرىنى ۋەكالىتەن بېجىرگۈچىلەر پوچتا خەت - خالتىلىرى، پوسۇلكىلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە ماگدۇرۇش، تارقىتىشقا تېگىشلىك ۋاقتىدا تارقىتىشنى ياخشى ئېلىپ بارسا، كەلگەن خەت - چەكلەرنى، خالتىلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىش، ماگدۇرۇشقا دەخلى قىلمىسىلا، بېسىپ قويماي تارقىتىپ تۈگىتىشنى ئېلىپ بارالىسىلا پوچتا ئىشلىرىنى ۋەكالىتەن بېجىرىش ئورنىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى ئادا بولغان بولاتتى. ناھىيىمىزنىڭ پوچتا ئىشلىرى مۇشۇ تەرىقىدە 35 يىلنى باشتىن ئۆتكۈزدى. كېيىن نوپۇس ۋە ئىدارە ئورۇنلارنىڭ قەدەممۇ - قەدەم كۆپىيىشى بىلەن پوچتا كەسپىي ئىشلىرىنىڭ تۈرىمۇ مۇناسىپ هالدا كۆپەيدى. پوچتا ئىشلىرىنى ۋەكالىتەن بېجىرىش ئورۇنلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالمايدىغان بولۇپ قالدى.

1947 - يىلى 2 - ئايغا كەلگەندە ئەينى ۋاقىتتىكى
ئۆلكىلىك پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى دا-
ھىيىزدە پوچتىخانا تەسىس قىلىپ، پوچتا كەسپىي
ئىشلىرىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. 1947 -
يىلى 2 - ئايدا بايدا ۋاقىتلىق پوچتىخانا قۇرۇلدى.
يېرىم يىللىق سىناق ئاساسىدا يولغا قويغاندىن كې-
يىن 1947 - يىلى 6 - ئايغا كەلگەندە ۋاقىتلىق
پوچتىخانا - پوچتا بوتكىسىغا ئۆزگەرتىلدى (كۇچانىڭ
تارماق ئىدارىسى بولدى). 1947 - يىلى 9 - ئايغا
كەلگەندە ھەر خىل كەسىپلەر يەنە ئۈزلۈكسىز كۆپەي-
گەنلىكى ئۈچۈن، ئۆلكىلىك پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇ-
رۇش ئىدارىسى بايدىكى پوچتا بوتكىسىنى 4 - دە-
رىجىلىك پوچتا ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇش،
بۇ پوچتىخانىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆلكىلىك پوچتا
ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بە
ۋاستە رەھبەرلىكىدە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا يەنە
تەستىق چۈشۈردى، رەسمىي پوچتىخانا قۇرۇلغاندىن
كېيىن ئادەتتىكى خەت - چەك، زاكاز خەت، ھۆكۈ
مەت مەھكىمىلىرىنىڭ ھۆججەت - ئالاقە ماتېرىياللى-
رى، پوسۇلكا، نەق پۇل پېرېۋوت قاتارلىق كەسىپلەر
بېجىرىلىدىغان بولدى. ئەينى ۋاقىتتا بايدا تېخى
تېلېگراف ئىدارىسى يوق ئىدى. ھۆكۈمەت مەھكىمىلى-
رى ياكى پۇقرالار جىددىي ئىش بىلەن تېلېگرام
بەرمەكچى بولسا، تېلېگرامىنىڭ ئورگىنالى ۋە ئۇنىڭ
پۇلىنى زاكاز خەتنىڭ ئىچىگە سېلىپ كۇچاغا ماڭ-

تۇرۇپ، ئۇ جايدىكى تېلېگراف ئىدارىسىدىن تارقىتىلا... باشقا جايلاردىن كەلگەن تېلېگراممىلارنى يەتكۈزۈشنى پوچتىخانىنىڭ يەتكۈزۈپ بېرىشىگە تايىناتتى.

پوچتا ئىشلىرىنى ۋەكالىتەن بېجىرىش ئورنى قۇرۇلۇشتىن تارتىپ بايدا 4 - دەرىجىلىك پوچتىخانا قۇرۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا 35 يىل ۋاقىت ئۆتتى. تاكى 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغىچە شۇنداق بولدى. 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ چوڭ قوشۇنى تۈنجى قېتىم ناھىيىمىزگە يېتىپ كەلدى. پۈتۈن ناھىيە بازىرىدىكى ئىدارە - جەمئىيەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، شەھەر ئاھالىلىرى كوچىنىڭ ئىككى چېتىدە تۇرۇپ، خەلق پەرزەنت قوشۇنىنىڭ ھەيۋەت بىلەن ناھىيە - بازىرىغا كىرىشىنى قارشى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ناھىيىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئازادلىققا چىقىپ يېڭى تۇرمۇشقا ئېرىشتى. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى. جۇڭگونىڭ كونا پوچتا ئىشلىرى ئۆزگەرتىلىپ، يېڭىچە جۇڭگو خەلق پوچتىسى بارلىققا كەلتۈرۈلدى. 1949 - يىلى 12 - ئايغا كەلگەندە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بايدىكى 4 - دەرىجىلىك پوچتىخانىنى باي ناھى-

لىك پوچتا ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ئۇچۇر بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن تېلېگراف، تېلېفون قاتارلىقلار بارلىققا كەلتۈرۈلدى. ئەسلىدىكى پوچتىخانىنىڭ نامى «پوچتا تېلېگراف ئىدارىسى» دېگەن نامغا ئۆزگەرتىلدى. بۇلار بارلىققا كەلگىچە يەنە 37 يىل ۋاقىت ئۆتتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يۇقىرى دەرىجىلىك پوچتا تېلېگراف ئىدارىلىرى ۋە يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ئىدارىمىزنىڭ 40 يىلغا يېقىن جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشى بىلەن ھازىر ناھىيە بازىرىدىن تارتىپ يېزىلارغىچە ھەممىلا جايدا پوچتا ئورۇنلىرى بارلىققا كەلتۈرۈلدى. پوچتا ئالاقە تورلىرى ئۆزئارا تۇتاشتى، تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەر مۇكەممەللەشتى، كەسپىي خادىملار ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، كەسىپ ۋە سۈپەت جەھەتتە ئۇچقاندەك تەرەققىيات ۋە يۈكسىلىش بارلىققا كېلىپ، تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى سەۋىيە يارىتىلدى. پۈتۈن ئىدارىمىزدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئەڭ ياخشى ئۈنۈم ئارقىلىق ناھىيەمىزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ھەرقايسى ئورۇنلار، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پوچتا تېلېگرافتىن تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق پايدىلىنىشى ئۈچۈن تېخىمۇ تىرىشىپ خىزمەت قىلماقتا.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئوسمان مەمەت.

تەرجىمە كوررېكتورى: ئۆمەر سابىت.

1990 - يىل 10 - ئۆكتەبىر باي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە پەننىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتى

ئۆمەر كېرەم

1933 - يىلى كۈزدە ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىن دانىش قازاخۇنۇم، مۇپتىھاجىملار بايغا كېلىپ باي ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەملىشىدۇ. ئۇيۇشما قۇرۇلۇپ، ساۋۇت داموللا ھاجىم رەئىس بولىدۇ. قىبىر مەكتەپتە ئىشلەۋاتقان نىمشېھىت داموللام ئۇيۇشمىنىڭ مائارىپ بۆلۈمىگە مۇدىر بولىدۇ. مەمتاخۇن تۇرپان دېگەن كىشى ئەۋقاپ مۇدىرى بولىدۇ. ئابلا مېھمان (شاخاجان) كاتىپ بولىدۇ. ئابلىز مەخسۇم (ساۋۇت داموللاھاجىمنىڭ ئوغلى) دارىلئېيتامنىڭ جالىيىسىگە مەسئۇل بولغاندىن سىرت، ئۇيۇشما مالىيىسىگە ياردەملىشىدۇ. ئۇيۇشما ساۋۇت داموللا ھاجىمنىڭ مەدرىسىنى ئىشخانا قىلىپ ئىشقا كىرىشىدۇ. ئۇيۇشما قۇرۇلۇشى بىلەن ناھىيە تەۋەسىدىكى يۇرتلارنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ ئورۇنسىز ئىشلارغا سەرپ بولۇپ كەلگەن ياكى شەخسلەرگە تەۋە بولىدىغان

غان ئۆشرە - زاكاتلىرى، مازار، خانىقانىڭ ۋەخپىلى-
رىدىن كىرگەن كىرىملەر يوللۇق ھالدا ئويۇشما ما-
لىيىسىگە كىرىشكە باشلايدۇ. شۇ ۋاقىتتا «تۇرپيا ما-
زارىنىڭ» ۋەخپە يەرلىرى، «تۇزبېشى» مازارىنىڭ
تۇز تاغ ۋە يەرلىرى، «گۆك غوجام» نىڭ نامىدىكى
قۇشتېمى كونا مەھەللىدىكى نەچچە مىڭ مولۇق يەر-
لىرى (بۇ ۋاقىتتا گۆك غوجامنىڭ نامى بار ئەمەلىي
ئىمتىيازى يوق ئىدى) دىن كىرىدىغان كىرىم،
مەسچىت، خانىقانىڭ ئىگىلىكىدىكى دۇكانلارنىڭ ئى-
جارىسى، قۇربان ھېيتتىكى قۇربانلىق قوينىڭ تېرە-
ئۈچەيلىرى ئويۇشما مالىيىسىگە تاپشۇرۇلغان (نى-
بەت بويىچە). بۇ كىرىملەر ئويۇشما مالىيىسىگە كىر-
گەندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى مەك-
تەپلەرنى يېڭىلاش، كېڭەيتىش، ئوقۇتۇش ئەسلىھە-
لىرىنى ياخشىلاش ئىشلىرىغا كەڭرى يېتىشىدۇ. ئو-
يۇشما يەنە بۇ خىراجەت بىلەن «دارىلئېتامىنىڭ» بار-
لىق خىراجىتىنى ئۈستىگە ئالغاندىن سىرت يېڭىبا-
زاردا «دارىلئاجىزىن» قۇرۇپ، باققۇچىسى يوق قېرى-
ئاجىزلارنى يىغىپ بۇلۇڭغا ئىبراھىم شاگىيو ئەر - ئا
يالىنى مەسئۇل قىلىپ ياتاق، تاماق، كىيىم - كېچەك
لىرىنى ئويۇشما ئۈستىگە ئېلىپ باقىدۇ. ئويۇشما
قۇرۇلغاندىن كېيىن ھازىرقى ناھىيەلىك «يېزا ئىگى-
لىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى» نىڭ ئورنىدىكى
ئاشلىق بازىرىدا سەھنە ياساپ، ئىمالە يى-
غىش يىغىنى ئاچىدۇ. شۇ مەيداندا بايدىكى داڭدار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاشپەز ھاپىزاخۇن 50 دىن ئارتۇق قوي، نەق پۇل، سايراملىق مەمەترېھىم 10 نەچچە يامبۇ چارۋا ئىئانە قىلىدۇ. (ھاپىزاخۇن ئاشپەزنىڭ قاسىم ھاپىز دېگەن ئوغلى توقسۇندا قۇرۇلغان تۇنجى پەننىي مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولغان، مەمەترېھىم ئەلەم ھاجىمنىڭ ئۆيىدىن ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ، ئوغۇل، قىز، كۈيئوغۇل كېلىن دىن ئىبارەت بەش كىشى ئوقۇتقۇچى بولغان بىر ئوغلى ئاتاۋۇللا مەمەترېھىم ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان) شەھەر ئاھالىسىدىن سەلەي ئاخۇن، "سابىر ھاجى، ئەمەت ھايچاپان (بۇ كىشى ئىككى قەۋەت سارىيىنى ئوقۇشىغا بەرگەن)، ئوسمان ھاجى، خۇيزۇ تايىپ ھاجىلار تەڭگە، چارۋا ئىئانە قىلغان، چىڭ خۇيجاڭ (قارىقاش خىتاي دېپىڭ ئاتىلىدۇ) 25 سەر ئاق كۈمۈش ئىئانە قىلغان بۇنىڭ تەسىرى بىلەن ھەر قايسى يېزا، مەھەللىلەردە مەكتەپكە ياردەم قىلىش بىر ھەرىكەتكە ئايلانىدۇ، ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ، قارىۋاغدىن مەمتىلى خۇيجاڭ 1935 - يىلى كۆتەكتۇر مازارنىڭ قېشىغا ئىككى سىنىپلىق مەكتەپ سېلىپ ئۆيۈشىدىن ئېلى ئېيىز، ئابدىرېشىت ھامىدى قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى ئېلىپ چىقىپ ياتاق، تاماقنى ئۆز ئۆيىدىن قىلىپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان، بۇ مەكتەپتە ئۇيغۇر، قىرغىز پەرزەنتلىرىدىن 35 ئوقۇغۇچى ئوقۇغان، قارىۋاغ-

كۆكيارغا ھامۇت بازار① دېگەن كىشى سېلىپ، ياتاق ئىشخانىسى تەل بولغان 10 ئېغىزلىق مەكتەپ سالدۇرغان. (بۇ مەكتەپنى كېيىن ياغىۋۇر سۈيى ئېقىتىپ كەتكەن) ياقىتېردىق ئارشودىن نىياز ھاجى دېگەن كىشى ئۆز يۇرتىغا مەكتەپ سالدۇرۇپ، پارتا - ئورۇندۇقىنى تەل قىلغاندىن كېيىن ئۆيۈشما بىلەن ئالاقىلىشىپ شىددىق سادىر دېگەن ئوقۇتقۇچىنى ئېلىپ چىقىپ 27 ئوقۇغۇچى يىغىپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان كېيىنچە يەنە مەكتەپكە سوۋېت ئىتتىپاقىغا خام مال ئېلىپ چىقىپ سودىگەرچىلىك قىلىدىغان ئوغلى ھامۇت قارى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن توپ، سېتكا، سىۋىستىك قاتارلىق تەنتەربىيە سايمانلىرىنى ئەكەلتۇرۇپ بەرگەن. 1936 - يىلى شەھەر قىزلار مەكتىپى قۇرۇلىدىغان چاغدا مەكتەپ ئورنىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن باقى بەگ (تېرىكچى) دېگەن كىشى ئۆزىنىڭ 10 ئېغىزلىق ئۆيى بىلەن ھويلىسىنى قىزلار مەكتىپى قىلىشقا ياردەم قىلىۋېتىپ، ئۆزى قومباشتىكى ئۆيىگە كۆچۈپ كەتكەن. قىزىللىق يىغان مۇسا دېگەن كىشى قىزىلدا تۇنجى ئېچىلغان پەننىي مەكتەپكە سېلىپ قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر ئېغىزلىق ئاشخانىسىنى بوشىتىپ بەرگەن.

شەھەر قىزلار مەكتىپى 1936 - يىل قورۇلغاندا

① ھامۇت بازار قارا باغلىق كىشى بولۇپ، قارابىغ، داۋانچى، ياقىتېردىقنى ئارىلاپ يۈرۈپ سودا سېتىق بىلەن شۇغۇللانغان، كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە قارىباغ بازىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغان.

شۇ ئاڭدا ئوقۇغان خېلى مەلۇماتلىق ئۆمەر سابىر
تەپ مۇدىرى بولغان، ئۇ چاغدا ئايال ئوقۇتقۇچى بولمىغاچقا ئىككى سىنىپلىق بۇ مەكتەپكە قاسىم ناسىر، مەمەتنىياز توختى، تالىپ نىيازلار ئوقۇتقۇچى بولغانىدى. بۇ مەكتەپكە تۇنجى قېتىم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش باشلانغاندا باي ناھىيىسىنىڭ تەرەق-قىپەرۋەر ھاكىمى ئىبراھىم ھاجى قىزى ئەلانۇر خې-نىم ۋە ئەۋرىسى بەختى خېنىملارنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن قىز ئوقۇغۇچىلارنى يىغىپ ئوقۇتۇش بەك قى-يىنغا چۈشمىگەن. ئەلانۇر خېنىم تۇنجى قېتىم مەك-تەپ پۈتتۈرۈپ شەھەر قىزلار مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچى بولغان. قىزىل، سايرام، ياقىرىق قىزلار مەكتىپى 1937 - يىل قۇرۇلۇپ ئەمەت راشىدىن، راشىدىن رابىت، ئوسمان مەمتىمىنلەر ئوقۇتقۇچى بولغان. 1940 -يىل-غا كەلگەندە شەھەر قىزلار مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن بۇۋى خەلپەم قاسىم، ئەينىساخان قاسىم، تۇخان ئىمىن، ئوغلەم نىياز، پاتەم توختاش، ھۆرنەم قاسىم، بۇۋىمەرەم-خان، ئالتۇنخان داۋۇت، زۆرەم ھاپىزلار ياتۇر يېڭى لەڭگەر، كېۋەزلىك، ئومباش، داۋانچى، كانچى قاتار-لىق جايلاردىكى قىزلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغان 1943 - يىلدىن كېيىن يېزىلاردىكى قىزلار مەكتەپ ئاساسى جەھەتتىن ئوغۇللار مەكتىپىگە قو-شۇۋېتىلگەن.

شەھەر - يېزىلاردىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ قوللى-شى، ياردەم بېرىشى، ئۇيۇشمىنىڭ تىرىشىشى ئارقى-

لىق 1936 - يىلىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە مەكتەپ 30 غا، ئوقۇغۇچى 3000 گە (ئۈچ مىڭدىن كۆپرەككە) ئىشچى - خىزمەتچىلەر 59 كە يەتكەن. ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى شائىر نىمشېھىت 1936 - يىل ئىيۇلدا يازغان «باي ناھىيىسىنىڭ ھەسرەتلىك ساداسى» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق بايان قىلغان.

تاپاخور ئەيلىمەككە مەندە ئوتتۇز يەردە مەكتەپ بار،
مائارىپقا ئىشانە ئەيلىگەن كۆنده راسا بايەن.
ئېچىلدى مەندىمۇ دارىلمۇئەللىم ئىككى يېرىم ئاي،
قىرىق بەش تەن مۇئەللىمنى قىلغان ئەلگە ئاتا بايەن.
ئوقۇشقا ياردەم ئەيلەپ چىقاردىم نەچچە مىليون پۇل،
كېيىنكە يازدۇرالماستىن ئۆتۈپ كەتكەن خاپا بايەن.
ئىشانە پۇللىرىمنىڭ كۆپرەگى ئالتۇن - كۈمۈش پۇلدۇر،
بۇ پۇللار نامىنى ھېچ كۆرمەيمەن، كۆڭلۈم قارا بايەن.
كېيىنكە نەشرى ئەتمەكتىن جاھانغا پاش ئەمەس مەخسەت،
ۋە لېكىن، ئەل قاتارىدا ئېتىم يوق بىساتا بايەن.

1936 - يىل يازدا ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىلاردىن ئابدۇللا داۋۇتوپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىش ئۈچۈن ئۇرۇمچىگە كېتىدۇ. روزى ئىبراھىم، تاش ئىبراھىم باشلىق 13 ئوقۇتقۇچى ئاقسۇغا دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كېتىدۇ. يوقىرىدىن مەكتەپ پۈتتۈرۈپ كەلگەنلەر بىر نەچچىلا كىشى ئىدى. بۇ سەۋەبلىك ئوقۇتقۇچى كەملەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن مەكتەپلەردى كۆپەيتىش ئەمەس ئەسلىدىكى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشمۇ تەس بولىدۇ. ئوقۇتقۇچى تولۇقلاش ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

ئۇيۇشمىنىڭ تەشكىللىنىشى بىلەن چاسا كوچىد
كۆك مەدرىس (ھازىرقى ناھىيىلىك 2 - يېزىنىك سا-
نائەت ئىدارىسى توجو كوپراتىپىنىڭ ئورنى)تە «ئۇيـ
غىنىش» دارىلمۇئەللىمىنىنى ئاچىدۇ. ئىناپەت ئېلى،
ئابلاچورۇق بۇنىڭغا مەسئۇل قىلىنىدۇ. بۇلار 1936 -
يىل 7 - ئايدىن 1937 - يىل 2 - ئايغىچە ئوقۇپ، ئو-
قۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھەر قايسى يېزىلارغا
ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنىدۇ. يېڭىدىن قىزىل
يېزا قىزىل تۇر مەكتەپ، ياتۇر يېڭى لەڭگەر مەكتەپ
قۇرۇلىدۇ. ئۇيۇشمىغا بىر تۈركۈملىرى خىزمەتكە
ئېلىپ قېلىنىپ ئۇيۇشمىنىڭ ئاپپاراتلىرى تولۇقلىنىپ،
ئۇيۇشما قارمىقىدا تەشكىلات بۆلۈم، مالىيە ئەۋقاپ
بۆلۈم قاتارلىق بۆلۈملەر تەسىس قىلىنىدۇ ۋە تولۇق-
لىنىدۇ. ئۇيۇشمىمۇ ئەسلىدىكى ئورنىدىن ئەمەت ھاي-
چاپان دېگەن كىشىنىڭ ئېگىكى قەۋەتلىك سارىيىغا
كۆچۈپ چىقىدۇ. ئوقۇ - ئوقۇتۇش يازلىق تەتىلگىچە
تازا قىزغىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئوقۇتۇش تۈزۈمى،
دەرسىنىڭ سالمىقى شارائىتقا قاراپ ھەر خىل ئېلىپ
بېرىلىدۇ.

1937 - يىل ئەتىيازدا مەھمۇت سىجاڭ شېڭ شى-
سەينىڭ زەھەرلىك چاڭگىلىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ
چەت ئەلگە چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى
قىسىملىرى ماخوسەن قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ
شىڭشىسەيگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. ئۇلار كۆچاغا
ھۇجۇم قىلغاندا بايىدىكى بۇ قوزغىلاڭغا ماسلاشقان

مۇسا خەلىپە قوزغىلىڭى بولىدۇ. قوزغىلاڭ
1937 - يىلى 7 - ئايدا باشلىنىپ ئاخىرىسى
1938 - يىلى 1 - ئايدا ئاق تاغدا ئاخىرلا-
شىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە ئۇرۇش مالىمانچى-
لىقى بولغاچقا بەزى مەكتەپلەردە بىر نەچچە ئاي،
بەزى مەكتەپلەر 1938 - يىلى 3 - ئايغىچە دەرس
باشلىيالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاق تاغ ۋەقەسىدە
ساقچى ئىدارىسىدا ساۋۇت دېگەن بىر كىشى باشلىق
بولۇپ كەلگەن بولىدۇ. بۇ كىشى ۋەھشىي، قانخور كىشى
بولۇپ، كىشىلەرنى تۇتۇپ قاماش ئادەتتىكى ئىشقا
ئايلانغان ئىدى. مەخپىي ئۆلتۈرۈش ئەۋج ئالىدۇ، تۇتۇل-
غانلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ،
شۇ ۋاقىتتا — 1938 - يىلى 4 - ئايدا ئۇيۇشما رەئى-
سى ساۋۇت داموللاھاجىم بىر كېچىدە تۇتۇپ كېتى-
لىپ، ئاقسۇغا ئېلىپ كېتىلىدۇ ۋە تۈرمىدە شېڭ شى-
سەي جاللاتلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلىدۇ. مەرى-
پەت دۈشمەنلىرى مائارىپ سېپىدىكى بۇ باشلامچىنى
يوقۇتۇۋەتكەن بولسىمۇ، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان
مائارىپ ئىشلىرىنى توسۇپ قالالمىدى. چۈنكى باي
پەندى مائارىپنىڭ ئاساسى خېلى پۇختا تۇرغۇزۇل-
غانىدى.

ساۋۇت داموللاھاجىم قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن
مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات ئوسمان داموللام ئۇيۇشما
رەئىسى بولىدۇ. بۇ كىشى دىنىي ئائىلىدە تۇغۇلۇپ،
يەكەندە ئوقۇپ خېلى يۇقىرى مەلۇمات ئالغان كىشى

بولۇپلا قالماي، يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىش ئى
كۈچلۈك بولۇپ ئىلگىرى ئوقۇتۇش خىزمىتىگە ياردە
لىشىپ كەلگەنىدى. 1938 - يىلى مەركىزىي ئۇيغۇر
ئوقۇتۇش ئەۋەتكەن ھاجىگىرى، داۋۇت ھەمرايوپلار باي
ناھىيىسىگە كېلىدۇ. ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ئىشلىگەچ
دارىلئېيتام ۋە ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ (ئەسلىدىكى
ئىقبالىيەت دېگەن نامىنى شەنلىك مەكتەپكە ئۆزگەرت-
كەن) مەكتەپلەرگە دەرس بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئوقۇتۇش
بۆلۈملىرىنىڭ خىزمەت تەقسىماتى ئېنىق، ۋەزىپىلىد-
رى كونكرېت ئىدى. ئوقۇتۇشنىڭ مۇپەتتىشلىك تۈزۈمى
خېلى مۇكەممەل بولۇپ، مۇپەتتىشلەر مەكتەپلەرنى
قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرغانىدى. ئۇلار مەكتەپكە
بارغاندىن كېيىن مەكتەپ مۇدىرىدىن دوكلات ئېلىپ،
ئوقۇغۇچىلاردىن سوئال سوراپ، دەرسلەرنىڭ ئۆزلە-
شىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرغان، ئوقۇتقۇچىلار ئى-
چىدە ئوقۇغۇچىلارغا تەن جازاسى بەرگەن، قىمار ئوي-
نىغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىدىن نەرسە -
كېرەك ئېلىپ بالىلارنى مەكتەپتىن چىقىپ كېتىشكە
رۇخسەت قىلغان، مەكتەپ مالىيىسىگە خىيانەت قىل-
غانلارنى ئەھۋالىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ
بىر تەرەپ قىلغان. بالىلىرىنى مەكتەپكە بەرمىگەن
ياكى ئەۋەتمىگەن، ئوقۇتقۇچىلارنى ھاقارەت قىلغان-
لارنى مەكتەپ مۇئاۋىنىنىڭ ياردىمىدە، تېگىشلىك
جازاغا تارتقان.

مۇشۇ دەۋرلەردە يەنە چوڭلار ئارىسىدا ساۋات

چىقىرىش ئېلىپ بېرىلغانىدى. ساۋات چىقىرىش كۇرسىغا كېلىدىغانلار ئىچىدە بالىغا ئاتا بولغان ئەرلەر، يۈزى يېپىلغان ئاياللارمۇ بار ئىدى. ساۋات چىقىرىش ئۆگىنىش ۋاقتى — سەھەردە بامدات نامازدىن كېيىن، كەچتە ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندىن كېيىن بولغانىدى. بۇلارنى يەغىش، تەشكىللەش «مەكتەپ مۇئاۋىنى»لىرى تىرىپىدىن، ئوقۇ-ئۇتۇش ئوقۇتقۇچىلار تەرىپىدىن بېجىرىلگەن. يۇرتىمىنىڭ مۇپتىسى، قازى ياكى بەگلىرى بېۋاستە قول سالغان جايلاردا ئىش تېخىمۇ ياخشى بولغان. سايرام يېزىسىنى ئالساق، سايرامدىكى مەمەتىرېھىم ئەلەم ھاجىمنىڭ قىزى قەمبەرنىساخېنىم ساۋاتى مەكتىپىنى ئۆزى ئوقۇتقانلىقى ئۈچۈن تۆگمەن بېشى، كۆسەي باغلاردىمۇ ئاياللار كېلىپ ئوقۇغان. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە كادىر بولغانلارنىڭ بىر قىسمى ساۋات چىقىرىش كۇرسىدا ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغانلار ئىدى. مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش تۈزۈمى خېلى مۇكەممەللەشكەن بولۇپ، پۈتۈن كۈن سائەت بويىچە دەرس ئۆتۈلگەن. دەرس ئارىلىقىدا تەنەپپۇس بولغان ئوقۇغۇچىلار دەرسكە كىرىش ۋاقتىدا سىنىپنىڭ ئالدىغا رەتلىك تىزىلىپ ئاندىن سىنىپقا كىرگەن. دەرس سېتكىسى سىنىپقا چاپلانغان بولۇپ، ئەتىگەندە بىر سائەت دىنىي دەرس، ئاندىن كېيىن باشقا دەرسلەر ئۆتۈلگەن، دەرسكە كىرگەندە ئوقۇتقۇچى ئالدىنقى سائەتتە ئۆتۈلگەن دەرستىن ئاغ-

زاكى سىناق ئېلىپ ياخشى جاۋاب بەرگەنلەرنى ئاغزاكى تەقدىرلىگەن، نومۇر قويۇش ئادىتى بولمىغان. سوئالغا جاۋاب بېرەلمىگەنلەرگە تەنقىد ياكى تەن جازاسى بېرىدىغان ئىشلارمۇ بار ئىدى. ناھىيەلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە يېزىلاردىكى مەركىزىي مەكتەپلەردە دەرسكە كىرىش ۋە دەرستىن چۈشۈش سائەت بويىچە بولغان. دەرسكە كىرىدىغان ۋە دەرستىن چۈشىدىغان ۋاقىتتا تۈچ قوڭغۇراق چېلىنغان. چەت جايلاردىكى مەكتەپلەردە سائەت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا كۈن نۇرى ئورنىنى بەلگە قىلىپ، ۋاقىتنى بەلگىلەپ دەرسكە كىرىش ۋە چىقىشنى بېكىتكەن. ئىمتىھان تۈزۈمى، ئېغىزچە ئىمتىھان ۋە دوسكىغا چىقىرىپ ئىمتىھان ئېلىش شەكلىدە بولغان، ئوقۇش ۋاقتى تۆت يىل ھېسابلىنىپ، ئوقۇش ئەھۋالىغا قاراپ بىر يېرىم يىل، ئىككى يىل، تۆت يىلدا مەكتەپ پۈتتۈرگەن بىيوتلار (ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەر)، ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئوقۇغان بەزىلىرى مەكتەپ پۈتتۈرۈش لاياقىتىگە ئىگە بولالمىغان. مەكتەپنى لاياقەتلىك پۈتتۈرگەنلەرگە شاپىگىرافتا باسقان شاھادەتناما تارقىتىپ بەرگەن ياخشىلىرىنى ئوقۇتقۇچىلىققا قويغان. مەكتەپلەردە ئەخلاق تەربىيىسى چىڭ تۇتۇلغان. ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرقى كۈنى سىنىپ يىغىنى ئېچىلغان، بۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىللەنگەن ھەيئەتلەر — سوتچى، ئاقلىغۇچى، قارىلىغۇچى، ئىشلىگۈچى ... دېگەنلەر بىر ھەپتىلىك ئەھۋالدىن خۇلاسە چىقىرىپ بەزىلىرىگە

تەربىيە بەرسە بىر قىسىم تۈزەتمىگەن، كەمچىلىكنى ئېغىرراقلىرىدىنى ئۆرۈپ جازالىغان. بۇ ئىشلار پەقەتلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن تەشكىللەنگەن ھەيئەتلىرى ئارقىلىق بېجىرىلگەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ دەۋردە مەكتەپلەرنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرى مۇكەممەللەشكەن، مەكتەپ شارائىتى ياخشىلىنىپ، ئوقۇتقۇچىلار تولۇقلانغان ئىدى. شۇ چاغلاردا بەش سىنىپلىق بىر مەكتەپكە بىر نەپەر مەكتەپ مۇدىرى، بەش نەپەر باش ئوقۇتقۇچى، ئىككى ياردەمچى ئوقۇتقۇچى سەپلەپ بېرىلگەندىن سىرت، بوغالتىر، كاسسىر، ئىشچى قاتارلىق خادىملار سەپلەپ بېرىلگەن. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىمۇ خېلى يۇقىرى بولغان. 1938 - 1943 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىغىچە مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 15 - 18 چارەك① بۇغداي ياكى شۇنىڭ پۇلى، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 10 - 13 چارەك بۇغداي ياكى شۇنىڭغا باراۋەر پۇل بېرىلگەن. 1939 - يىلى يازدا ھازىرقى قۇرۇلۇش بانكىسى بىلەن كىتابخانا، ج خ ئىدارىسىنىڭ ئورنىدا ھەيۋەتلىك بىر بىنا سېلىنغان. بۇ بىنا 1938 - يىلى ئۇيۇشمىنىڭ راسخوتى بىلەن باشلانغانىدى. بىنانىڭ ئاستى، ئۈستى تاختايلىق، ئۆگزىسى بېلىق سىرتى قىلىپ يېپىلغانىدى. بۇ قۇرۇلۇش سىنىپ، ئىشخانا، ئوقۇغۇچىلار ياتىقى، ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسى تەل قىلىپ سېلىنغان قۇرۇ-

① باينىڭ بىر چارىكى 30 جىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لۇش بولۇپ، ئۇيۇشمىنىڭ ئىشخانىلىرى، «دارىلئېيتام»نىڭ سىنىپ، ئىشخانا، ئوقۇغۇچىلار ياتىقى ۋە ئاشخانىسى مۇشۇ بىناغا ئورۇنلاشقان. بۇ قۇرۇلۇش ھەيۋەت، كۆركەملىكى بىلەن «يېڭى بىنا» دەپ ئاتالغان. بىناغا يانداپ بىر زال سېلىنغان بولۇپ، بۇ زال تاكى 1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى بايىدىن قايتقاندىن كېيىن گومىنداڭ 194 - پولكى ئىگىلىۋالغانغا قەدەر ئۇيۇشما قارمىقىدا كىنو - تىياتىرخانا قىلىنغان.

ئۇيۇشما، «دارىلئېيتام»نىڭ يېڭى بىناغا كۆچۈشى بىلەن «دارىلئېيتام» ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەرىكىتى جانلىنىپ، «ئىزچى»لار ئەترىتى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلىغان. دارىلئېيتامدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا باشقا مەكتەپلەردە ئۆتۈلگەن دەرستىن سىرت، كەسپىي ھۈنەر دەرسلىرى ئۆتۈلگەن. ئوقۇغۇچىلار مەخسۇس ئۇستىلاردىن كەشتە تىكىش، ئوغۇللار ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك قىلىش، ھەر خىل سازلارنى چېلىش قاتارلىقلارنى ئۆگەنگەن. ئۇستا سازەندە ناسىراخۇن ئوقۇغۇچىلارغا ساتار، دۇتار، داپ قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلارنى چېلىشنى ئۆگەتكەن.

«ئىزچى»لارغا بىر خىل رەختتىن كالتە ئىشتان، چاپان، بېشىغا ئالتە تالالىق شەپكە تىكتۈرۈپ بېرىلگەن. ئۇلار رەتلىك تىزىلىپ، بارابانلىرىنى چېلىشىپ، قىزىل ياكى سېرىق سىرلانغان كالتەكنى تۇتقان ھالدا «ئىزچىلار مارشى»نى توۋلاپ كوچا ئايلان-

غان. ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ تەرتىپىنى قوغدىغان. ئەينى ۋاقىتتا «12 - ئاپرېل بايرىمى» ۋە 18 - سېنتەبىرنى خاتىرىلەش داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلغان. بايرامغا قىيىردىن قاردۇۋاغىچە بولغان جايدىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار كېلىپ، تۆت - بەش كۈن بايرامغا قاتناشقان. پېشقەدەم مائارىپچى ئابدىقادىر داۋۇت ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ چاغلاردا 12 - ئاپرېل بايرىمى ۋە 18 - سېنتەبىرنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ناھايىتى داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. ئوقۇغۇچىلار ناھىيىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن كېلەتتى. ناھىيە بويىچە يىغىلغان ئوقۇغۇچىلار تەلۋچۇكنىڭ دەرياسى بويىدىكى كىرەموللا شاگىيونىڭ دېگىنىنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ، پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. 1942 - يىلى مەن ياقىبېرىدىق ئاراشور مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقاندا ئوقۇغۇچىلارنى ئاپرېل بايرىمىغا ئېلىپ كەلدىم. ئوقۇغۇچىلار ئاتا - ئانىسىنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىدا كەلدى. مەكتەپ مۇئاۋىنى ماڭا بىر ئات تېپىپ بەردى... بايرام ئاخىرلاشقاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىسى ئات - ئۇلاغنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، مەن مىنىپ كەلگەن ئاتنى ھارۋىغا قوشۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى ھارۋىدا ئېلىپ چىقىپ كەتتىم. مەن مەكتەپكە قايتىپ بېرىپ ئەتىسى ئات ئۆلدى. ئات ئىگىسى دەۋا قىلغانلىقى ئۈچۈن مېنى شەن يامۇلىغا بىر ئاي سولاپ قويغان...». بايرام جەريانىدىكى پائالىيەت

ئوقۇغۇچىلارنىڭ پاراتتىن ئۆتۈشى، تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيىتى دېكلاماتسىيە، شېئىر ئوقۇش، دار ئويۇنى، باخشى، پەرىخۇنىنى دوراپ خۇراپاتلىقنى ھەجۋى قىلىدىغان ئويۇنلار بولغان. ئويۇننى كۆرۈشكە جەمئىيەتنىڭ ھەممە قاتلىمىدىن كىشىلەر كېلىشكەن. بايرامنىڭ جەلىپ قىلىش كۈچى شۇنچىلىك دەرىجىگە يەتكەنكى، ئېرى بايرامغا ئاپارمىغانلاردىن ئېرى بىلەن ئاجراشقان جوكانلارمۇ بولغان. بايرامغا ھاكىم، ئۇيۇشما رەئىسلىرى، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى قاتناشقان، پائالىيەتتە نەتىجە قازانغانلارغا مۇكاپات تارقىتىپ بېرىلگەن. «ئىنزچى»لار، مۇشۇ بايرامدا مەيدان ئەتراپىدا گۈزەتچىلىكتە تۇرۇپ، مەيدان ئامانلىقى ۋە ئىنتىزامىنى قوغدىغان. بايرامغا كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق، تاماقلىرى ئۇيۇشما ئۈستىگە ئالغان. بايرامدا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلىپ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەنلەر مۇكاپاتلانغان ۋە ياخشىلىرى تاللىنىپ، ئاقسۇ، ئۈرۈمچىگە بېرىپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىغا قاتناشقان. 1938 - يىلى يازدا بارات ئىبراھىم، توختى تۇردى (پولاتوپ) قاتارلىق سەككىز ئوقۇغۇچى ئاقسۇغا بېرىپ يۈگۈرەش مۇسابىقىسىغا قاتناشقان. بارات ئىبراھىم 1 - لىككە ئېرىشىپ، شۇ يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىگە قاتناشقان. 1939 - يىلى يەنە يۈسۈپ ساۋۇت، سۇلايمان ئىسمايىل قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار ئاقسۇدا مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، سۇلايمان ئىسمايىل 3 - لىك-

كە ئېرىشىپ، بىر يامبۇ، بىر كۈمۈش مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان. ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدىن مەمەتنىياز توختى، 1938 - يىلى، بۇخەلچەم قاسىم (مەرھۇم ئابدۇللا داۋۇتوپىنىڭ سىڭلىسى) 1942 - يىلى ئۈرۈمچىگە بېرىپ قۇرۇلتايغا قاتناشقان.

مۇشۇ دەۋردە، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ھەر قاراردا ئوقۇغۇچى ئېلىپ تۇرغاننىڭ سىرتىمدا، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە يۈسۈپ ساۋۇت، ئىنايەت ئېلى، توختى سېيىت (بارغاندىن كېيىن ساقچى مەكتىپىگە ئالماشقان)، ھامۇت ئېزىز، ھامۇت نىياز، ئابلىز بايوپ، يۈسۈپ ئەھمەت، ئەيسا روزى، ئاتاۋۇللا مەترېھىم، سۇلايمان ئىسمايىل، نىياز يۈسۈپ، ھېيت ساۋۇت، ئەھمەت يۈسۈپ، ئوسمان قاسىم... قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار قوبۇل قىلىنىپ تەربىيىلەنگەن.

1941 - يىلى يەنە ناھىيىدە ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، بىر ئاينى تەربىيىلەش ۋاقتى قىلىپ بەلگىلەپ، ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ چىققان. ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ بىر قىسىم سىنىپلىرى ۋە ئىشخانىلىرى يېڭىلاپ سېلىنغان. 1942 - يىلى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ قارىمىقىدا ئىككى سىنىپ «كوچى بەن» (ھازىرقى تولۇقسىز ئوتتۇرىغا تەڭ) تەسىس قىلىنغان. ياقىنبېرىق ئىلىمچى، ئالتە كۆمبەزگە مەكتەپ سېلىنغان.

دېمەك، ئۇيۇشما قۇرۇلۇپ 1942 - يىلىغىچە

باي ئاھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى تازا تەرەققىي قىلغانىدى. بۇ ۋاقىتتا ئاھىيە بويىچە مەكتەپ 35كە (بۇنىڭ ئىچىدە شەنلى مەكتەپ تۆت)، سىنىپ 150كە (بۇنىڭ ئىچىدە شەنلى مەكتەپ سىنىپى 30)، ئوقۇغۇچى 5200گە (شەنلى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1200)، مۇدىر، ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەر 195كە يەتكەن.①

## گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى مائارىپ

1941 - يىلى گىتلېر گېرمانىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلدى. ئەسلىدىنلا كېمىنىڭ ئىككى ئۇچىغا تەڭ دەسسەپ پۈرسەتپەرەسلىك قىلىپ شىڭ-

---

① ئۇ چاغدىكى مەكتەپلەر: ① 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ، ② شەھەر قىزلار مەكتىپى، ③ ياقىئېرىق مەركىزىي مەكتەپ، ④ قىزىل ئۆتەڭ مەكتەپ (يېقىنقى يىللاردىكىلەر ھۆكۈمەت قارمىقىدا) ⑤ قېيىر قازانچى مەكتەپ، ⑥ قېيىر يولغۇنياقا مەكتەپ، ⑦ قىزىل قىزلار مەكتەپ ⑧ قىزىل قىزىلنۇر مەكتەپ ⑨ سايرام كونا بازار مەكتەپ (48 - يىلى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋالغان) ⑩ سايرام قىزلار مەكتىپى، ⑪ سايرام بوغان مەكتەپ، ⑫ توخسۇن لەڭگەر مەكتەپ، ⑬ توخسۇن تېرەكتاغ مەكتەپ ⑭ توخسۇن جىغىلاق مەكتەپ، ⑮ ياتور يېڭىلەڭگەر مەكتەپ، ⑯ يېڭى لەڭگەر قىزلار مەكتىپى، ⑰ ئىشناچى مەكتەپ، ⑱ توريابازار غوجام مەكتەپ ⑲ توريابازار غوجام قىزلار مەكتىپى، ⑳ سۆلگۈن مەكتەپ، ㉑ بوزغا مەكتەپ ㉒ قورويلىق مەكتەپ، ㉓ كانچى مەكتەپ ㉔ زولغۇنجاي مەكتەپ، ㉕ دارىلئىتام، ㉖ مىرچىغ مەكتەپ، ㉗ مىرچىغ مەكتەپ، ㉘ كېۋەزلىك مەكتەپ ㉙ كېۋەزلىك قىزلار مەكتىپى، ㉚ ياقىئېرىق قىزلار مەكتىپى، ㉛ ياقىئېرىق ئارشور مەكتەپ، ㉜ ياقىئېرىق ئىلقىچى مەكتەپ، ㉝ داۋانچى مەكتەپ (قىزلار سىنىپى بىرگە) ㉞ قارۇۋاغ كەھچى مەكتەپ، ㉟ قارۇۋاغ كوكيار مەكتەپ.

ئەسكەرتىش: توريابازار غوجام مەكتەپ 48 - يىلى ھۆكۈمەت قارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنغان.

جاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن ھىيلىگەر شېڭ شى-
سەي يۈزىدىكى نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، يىرگىنىش-
لىك، ياۋۇز ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلىدى.
جاڭ جېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، جاڭ جېشىغا
بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن شىنجاڭدا
خىزمەت قىلىۋاتقان كوممۇنىستلارنى ئۆلتۈردى. سوۋېت
ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن زىيالىيلارنى تۇتقۇن قىلى-
دى، قامىدى. ھەممىلا جاينى تېرورلۇق قاپلاپ كەتتى.
كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئەنسىزچىلىك باستى.

1943 - يىلى شىنجاڭدا گومىنداڭ پىرقىسى
قۇرۇلدى، ھەر قايسى ناھىيىلەرگىچە گومىنداڭ شەن-
داڭبۇسى قۇرۇلۇپ، كەڭ - كۆلەمدە ئەزا تەرەققىي
قىلدۇردى. شۇ قاتاردا ناھىيىمىزدىمۇ بىر قىسىم ئو-
ئوقۇتقۇچىلار مەجبۇرىي گومىنداڭغا ئەزالىققا قوبۇل
قىلىنىدۇ. ئەزالىدىن ئوقۇتقۇچىلاردىن شۆبھىلىنىپ،
ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىپ كەلگەن ئەكسىيەتچى ھۆ-
كۈمەت گومىنداڭ دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ ئەندىشە
قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان نازارەت ۋە بېسىمنى
كۈچەيتىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارغا تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقى-
لىق زىيانكەشلىك قىلىش يولى بىلەن مىللىي مائا-
رىپقا زىيانكەشلىك قىلىدۇ.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى
ئاستىدىكى شىنجاڭ خەلقى سىياسىي جەھەتتىن قات-
تىق زۇلۇمغا، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېغىر بۇلاڭ -
تالاڭغا تۇرمۇش جەھەتتىن خورلۇق ۋە كەمسىتىشكە

ئۈچرىدى. زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق گومىنداڭغا قار-
شى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. 1944 - يىلى 8 -
ئايدا ئىلقا ناھىيىسىدە پارتلىغان قوزغىلاڭ ناھايى-
تى تېز كېڭىيىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ئىن-
تايىن ئالاقزادە قىلىۋېتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا باي نا-
ھىيىسىدە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ 194 - پولكى مەمۇرى
ئىشلارغىمۇ ئارىلىشىۋالغاندىن كېيىن ناھىيىنىڭ
مائارىپ ئىشلىرىدا قالايمىقانچىلىق كۆرۈلىدۇ. ناھى-
يىلىك مائارىپ بۆلۈمى نامىدا بار، ئەمەلىيەتتە يوق
بولۇپ قالىدۇ. ئىگىيۈشىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىمۇ
ئاجىزلاپ كېتىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى 20—
30 يۈەنگە چۈشۈپ قالغانلىقى، پۇل پاخاللىقى تۈپەي-
لىدىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشى ناچارلىشىپ كېتىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار خاتىرجەم
بولالماي خىزمەتتىن چېكىنىدۇ. باشقا ناھىيىلەردىن
كېلىپ خىزمەت قىلىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار ئائىلە - تا-
بىئاتلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەمىن ئېتەلمە-
گەنلىكى ئۈچۈن ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كېتىشكە مەج-
بۇر بولىدۇ. مەكتەپلەر يېتەرلىك خىراجەت بىلەن
تەمىن ئېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن مەكتەپ پۈتتۈرۈپ چى-
قىپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورنىغا يېڭى ئوقۇغۇ-
چى قوبۇل قىلالماي قالىدۇ. بۇ مەكتەپنىڭ بەزىلى-
رى كېيىن ئېچىلغان بولسىمۇ ئوقۇتۇش تازا روناق
تاپالمىدى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بايدىن
ئايرىلغاندىن كېيىن گومىنداڭ جاللاتلىرى ئىنلى

ئوغرىلەرنىڭ شېرىكى»، «ئىلى ئوغرىلىرىغا خىزمەت قىلدىڭ» دېگەن بەتنام بىلەن ئوقۇتقۇچىلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ، تالىپ نىياز، روزى مەھەممەت، بارات ئىبراھىم قاتارلىق بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنى قامايدۇ ۋە خىزمەتتىن ھەيدەيدۇ. مىللىي ئارمىيە بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا بىتىم تۈزۈلگەندىن كېيىن بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار بايغا قايتىپ كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. لېكىن بىتىم بۇزۇۋاۇش بىلەنلا بۇلار يەنە نازارەت ئاستىغا ئېلىنىدۇ. بىتىمدىن كېيىن قايتىپ كەلگەنلەردىن روزى ئىبراھىم، ئوسمان توختىلار قامىلىدۇ.

1945 - يىلى مىللىي ئارمىيىنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان قىسمى قېيىر ئارقىلىق بايغا چۈشۈپ باينى ئازاد قىلىش جېڭى قىلىدۇ. زۇلۇم، خورلۇقنى يەتكۈچە تارتىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ئىچ - ئىچىدىن ئۆچمەنلىكى قوزغالغان باي خەلقى بۇ ئىنقىلابقا قىزغىن ئاۋاز قوشىدۇ. جۈملىدىن باي ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك ئات - ئۇلاغلىرىغا يەم - بوغۇز ھەل قىلىش ئىشىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. دېھقانلار، شەھەر ئاھالىلىرى، ئىلغار دىنىي زاتلار قاتارىدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار بولۇپ 48 نەپەر ماڭارىپچى پىدائىي بولۇپ، مىللىي ئارمىيە سېپىگە قوشۇلۇپ كېتىپ ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن ناھىيە تەۋەسىد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خېلى كۆپ مەكتەپلەر تاقىلىپ قالدۇ.

شۇنداق قىلىپ تازا گۈللىنىپ، تەرەققىي قىلغان باي پەننىي مائارىپى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكى، چىرىكلىك، بۇزغۇنچىلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چېكىنىپ 1949 - يىلى ئۆلكە ئازاد بولغاندا ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 56گە، ئوقۇغۇچى 1517گە چۈشۈپ قالغان ھالدا يېڭى دەۋرگە ئۇلاشتى.

(بۇ سان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مائارىپ ئىشلىرى ستاتىستىكا ماتېرىيالى (1962 - 1949)»دىن ئېلىندى)

1990 . يىل 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

# ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باي ناھىيىسىگە قوشقان تارىخىي تۆھپىلىرى

(باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش)

1933-يىلىدىكى «12-ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگە-
رىشىدىن كېيىن تەختكە چىققان شېڭ شىسەي، قۇمۇل
دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدىن ئويغىنىۋاتقان
شىنجاڭ خەلقىنىڭ بېسىمى ۋە ئۆزىنىڭ چىرىك ھا-
كىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇش خەۋپىنى ھېس قىلىپ،
ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى نىقاپلاپ خەلق كۆڭلىنى
ئۆزىگە مايىل قىلىشقا كىرىشتى. شۇڭا ئۇ ياڭزېڭشىن،
جىن شۇرېنلارنىڭ خەلقنى نادان قالدۇرۇش، ئۇلارنىڭ
مەكتەپ ئېچىپ ساۋادلىق بولۇشىغا يول قويماسلىقتەك ئەك-
سىيەتچىل سىياسىتىنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇپ، ئەينى
ۋاقىتتىكى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ جىددىي ئېھتى-
ياجى، خەلق ئىنقىلابىنىڭ بېسىمى ۋە سوۋېت ئۆكتەب-
ىر ئىنقىلابىنىڭ مەلۇم تەسىرى بىلەن تۆۋەندىكى
ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1-جاھان-
گىرلىككە قارشى تۇرۇش؛ 2-سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن
بىرلىشىش؛ 3-مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى تەمىن ئېتىش؛
4-خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش؛ 5-تىنچلىقنى

ساقلاش؛ 6-شىنجاڭنى تەمىرە قىلىش.

شېڭ شىسەي يۇقىرىدىكى سىياسەتلەر ئارقىلىق خەلق كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلىش بىلەن بىللە تۇنجى قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا يەنە ھەر مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ پەننىي مەكتەپ ئېچىش تەك-لىپلىرىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى ناھىيىلەردە تەرەققىيپەرۋەرلەر ھاكىملىققا تۇرغۇزۇلۇپ، ئەسىرلەردىن بېرى ئاسارەت ئۇيقۇسىدا ياتقان جاھا-لەتلىك مۇدھىش يىللارغا خاتىمە بېرىلىش بىلەن بىللە يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس سېلىندى. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مۇشۇنداق يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭىچە مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا تەقەززا بولۇپ كېلىۋاتقان كەڭ خەلق ئاممىسى ئۆزى يېمەي، ئېچمەي ئازغىنا ئىقتىسادىنىمۇ مەكتەپ قۇرۇلۇشى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن ئىئانە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يېڭىچە پەننىي مەكتەپ پۈتۈن شىن-جاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئارقا-ئارقىدىن كۆپلەپ قۇرۇلۇشقا باشلىدى. شۇ قاتاردا ناھىيىمىز بايدىمۇ يېڭىچە پەننىي مەكتەپ 1933-يىلى 11-ئايدا رەسمىي قۇرۇلدى. 1935-يىلى 9-ئايدا ئۇيغۇر ئۇيۇ-يۇشمىسى قۇرۇلدى ۋە بۇ ئۇيۇشما 1950-يىلغىچە بولغان بىر مەزگىللىك مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ناھىيىمىزنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت، ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق ئىشلىرىدا تارىخقا يېزىپ قالدۇرۇشقا ئەرزىگۈدەك نەتىجىلەرنى ياراتتى. ناھى-

يەرزىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردىكى مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ يۈكسىلىشىگە تۆھپە قوشۇپلا قالماي، بەلكى يەنە شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ تۆھپە قوشتى. يەنى ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئىجادىيەتچىسى ئىبلى ئىزىز، ئۇسسۇلچىسى نۇرۋانەملەر باي ناھىيىسىنىڭ ئەينى يىللىرىدىكى مەدەنىي ئاقارتىش مەركىزىدە تەربىيىلىنىپ ئۆسۈپ يېتىلگەن پېشقەدەملەردۇر.

باي ناھىيىسىدە 1933-يىلىغىچە بىرەرمۇ يېڭىنىي مەكتەپ يوق ئىدى. پەقەت شەھەر ئىچىدە خەنزۇچىنى ئاساس قىلىپ، دەرس ئۆتۈلىدىغان ئىككى شۆتاڭ مەكتەپ بولۇپ، ئۇنىڭدا 60 تىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى. بۇ شۆتاڭنىڭ بىرسى ھازىرقى 1-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يېنىدىكى «خاڭشىڭمياۋ» دېگەن كونا بۇتخانىنىڭ ئىچىدە (بۇ بۇتخانا ئازادلىقتىن بۇرۇنلا چېقىۋېتىلگەن)، يەنە بىرسى ھازىرقى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئارقىسىدىكى ياكوچىدا ئىدى. مەكتەپ ئۆيلىرى ناھايىتى كونا، قاراڭغۇ، قورقۇنچلۇق ئىدى. شۆتاڭنىڭ مۇئەللىملىرى نىياز بەگ، داۋۇت بەگلەر بولۇپ، ئۇلار ئۇزاق يىل شۆتاڭدا مۇئەللىم بولۇپ كەلگەنلەر ئىدى. ھەر ھەپتىدە ئىككى سائەت ئۇيغۇرچە دىنىي دەرس ئۆتۈلگەندىن باشقا ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە خەنزۇچە تىل-يېزىق دەرس ئۆتۈلەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى شەھەر-يېزىلاردىكى ئەمەلدار، بايلارنىڭ بالىلىرى، ناھايىتى ئاز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىسمى شەھەر كەمبەغەللىرىنىڭ باللىرى ئىدى. شۇ
باللىرى شۆتاڭدا ئوقۇۋاتقان ئەمەلدارلار، بايلار،
«بىز باللىرىمىزنى شۆتاڭغا بەرگەن» دەپ ھەرقانداق
ئالۋان-ياساق، سېيىسلەرنى بەرمەيتتى. شۆتاڭدا ئو-
قۇغانلار بەش يىلدىن ئون يىلغىچە ئوقۇپ ئاران بىر
نەچچە يۈز خەت ساۋادىغا ئىگە بولغان بولسىمۇ،
ئەمما يامۇلدا كېيىن، ئامبالنىڭ داك سېيدىسى، تونگچى،
ئاز ساندىكىلىرى كېچاڭدىن يۇقىرى ئەمەلدار بولاتتى.
بۇنىڭدىن باشقا يەنە شەھەر ئىچىدە تۆت جايدا
ئۇيغۇرچە دىنىي مەكتەپ بار ئىدى. بۇ تۆت مەكتەپتە
150 ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى بولۇپ، بۇنىڭغا ھۆكۈمەت
خىراجەت بەرمەيتتى. ئوقۇيدىغىنى ئەك دەسلەپتە
سۈرە ساۋاقلىرى، ناخشا، ھەپتىيەك، قۇرئان، نامەھەق،
پەندنامە، سوپى ئاللايار، ناۋائى، خوجا ھاپىز دېگەن
كىتابلار بولۇپ، مەنىسىنى چۈشەنمىسىمۇ يەقەت ئوقۇش،
يادقا ئېلىش بىلەنلا بولاتتى. مۇشۇ كىتابلارنى بىلە-
لىگەنلەر باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر ھېسابلىنىپ
«تالىپ» دېگەن دىنىي ئۇنۋانغا ئىگە بولۇپ چىقاتتى.
داۋاملىق قايتا ئوقۇماقچى بولغانلار كۇچا، قەشقەر
قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردىكى مەدرىسىلەرگە بېرىپ ئو-
قۇيتتى. ئۇلار بۇ مەدرىسلەردە ئەرەبچە، پارسچە
كىتابلارنى ئوقۇپ ئۆگىنىش بىلەن ئىككى تىلنى
بىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئوقۇغان كىتابىنىڭ
مەزمۇنىنى چۈشىنىدىغان. بەزى كىتابلارنى تەرجىمە
قىلالايدىغان لاياقەتكە ئىگە بولاتتى. بۇ مەكتەپلەردە

ئوقۇپ چىققان كىشىلەر پەقەت جامائەتنىڭ دىنىي سورۇنلىرىنى باشقۇراتتى. لېكىن ۋەتەن، مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىدىغانلىرى بەك ئاز ئىدى.

قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى خەلقنى ئويغاتتى. ھۆكۈمەتنى يېڭىچە يول تۇتۇشقا، پەننىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ ئۆز مىللىتىنىڭ زىيالىيلىرىنى تەربىيىلەشكە مەجبۇرلىدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە، مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلۇپ ئۇ بىر مىللىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ئاممىۋى تەشكىلات بولۇش سۈپىتى بىلەن يېڭى پەننىي مائارىپ خىزمە-تىنىڭ ئەڭ ئېغىر ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. شۇ-نىڭ بىلەن نادانلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىپ، يۈرەك-باغرى قان-زەرداپقا توشقان كەڭ خەلق ئام-مىسىنىڭ ئىلىم-مەرىپەتكە بولغان تەشنالىقى رېئال-لىققا ئايلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي يېڭى-مەدەنىيەت تەشكىلاتى بولغان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللاپ ۋە ھىمايە قىلىپ، پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىشتەك قاينام-تاشقىنلىق ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، ھەممىلا يەردە يېڭىچە مەكتەپلەر بارلىققا كېلىشتەك يېڭى-مە-دەنىيەت دولقۇنى قوزغىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندا تەختكە چىققان شېڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇ-نىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرى ۋە قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەسلى قىياپىتىنى ۋاقتىنچە يوشۇرۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەرەققىيپەرۋەرلەر ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن يېقىنلاشتى. شۇڭا ئۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا تەلەپ قويۇپ، ماۋ زېمىن، چېن تەنچيۇ، لىن جىلۇ قاتارلىق بىر تۈركۈم كوممۇنىستلارنى شىنجاڭغا ئەكەلدۇرۇپ، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ رەھبەرلىك خىزمەتلىرىگە قويدى. بۇلار رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەش ۋە مائارىپ ساھەسىدە كەسپىي خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولۇشتەك قولاي شارائىتتىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ پەن-مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئەسىرلەر بويى باغلىنىپ كەلگەن جاھالەتلىك مەنىۋى زەنجىرىنى ئۈزۈپ تاشلىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى. دېمەك شىنجاڭدا قۇرۇلغان يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشى يۇقىرىقىدەك بىر قاتار تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلەر بىلەن چەمبەرچەس باغلانغاندى.

1933 - يىلى ياز پەسلىدە خەرەمدىن قايتىپ كەلگەن ھەرىپەتپەرۋەر ئىلغار زات ساۋۇت داموللا ھاجىم باي ناھىيىسىدىكى كەڭ جامائەتچىلىكىنىڭ تەلىپى ۋە شۇ چاغدىكى تەرەققىيپەرۋەر، مىللەتپەرۋەرلەردىن ساۋۇت داموللام، ئابدىكېرىمخان مەخسۇم... قاتارلىقلارنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن پەننىي مەكتەپ تىزۇش، مەدەنىيي ئاقارتىشتەك بۇرۇن ھېچكىم قىلىپ باقمىغان ئىش يۈكىنى زىممىسىگە ئېلىپ، شەھەر ئىچىدىكى ھازىرقى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئورنىدا تۇنجى پەننىي مەكتەپنى قۇرغاندى.

شۇ يىلى 4 - ئايلاردا قەشقەردىن قايتىپ كەلگەن نىمشېھىت ۋە تاھىر ساۋۇتلارنى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى ۋە دەرس پروگراممىلىرىنى ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن كۇچاغا ئەۋەتكەن، ھەم بۇ مەكتەپنىڭ تۇنجى سائەتلىك دەرسىنى نىمشېھىت ئۆتكەن.

1934 - يىلى 5 - ئايدا سايرامدا يەنە بىر يېڭى مەكتەپ قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ مەكتەپكە نىمشېھىت مۇدىر، رەھمىتۇللا يۈسۈپ مۇئەللىم بولغانىدى. 1935 - يىلى يازلىق تەتىل مەزگىلىدە ناھىيىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يېڭىچە پەننى مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلغان بولغاچقا، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسى كېلىپ چىققان. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن 1935 - يىلى ناھىيىمىزدە ئىككى يېرىم ئايلىق مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلىپ، بۇنىڭدا 30 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇغان. بۇ «ئويغىنىش دارىلمۇئەللىمىن» دەپ ئاتالغان. پەننى مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى ئېشىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ناھىيىمىزنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمۇ خېلى تېز تەرەققىي قىلغان. مۇشۇ بىر قاتار ئىشلار ۋە كۈندىلىك خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئومۇمىي جەھەتتىن ئۇيۇشما رەئىسى ساۋۇت داموللا ھاجىم رىياسەتچىلىك قىلسا، سانائىي نەپىسە ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى مۇئاۋىن رەئىس نىمشېھىت مەخسۇس تۇتۇپ ئىشلىگەنىدى. ئەمما نىمشېھىت يالغۇز بىر ئادەم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ ئىشلارغا يېتىشىپ بولالمىغان ۋە بىر نەچچە ئاي كېسەل سەۋەبىدىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا، ساۋۇت داموللا ھاجىم چوڭ ئوغلى ئابلىزخان مەخسۇمنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا بىللە ئېلىپ بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇلار توختى ئەپەندى، سوپى كامىل، بەكرى، ئابدىرىشىت ئەپەندى قاتارلىق تۆت نەپەر ئوقۇتقۇچىنى بەرگەن. بۇلار بايغا كېلىپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا شەھەر ئىچىدە ئىككى سىنىپلىق 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنى قۇرۇپ، بۇ مەكتەپكە «ئىقبالىيە باشلانغۇچ مەكتىپى» دەپ، سايرام بازىرىدا بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىپ بۇنىڭغا «سايرامىيە» دەپ نام بەرگەنىدى. ئارقىدىنلا ھەرقايسى يېزىلاردا قۇرۇلىدىغان مەكتەپلەرنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ ۋە شۇ يېزىلاردىكى ئىلغار زاتلارنى تەكلىپ قىلىپ يىغىن ئېچىپ، ھەرقايسى يېزىلاردا قۇرۇلىدىغان مەكتەپلەر ۋە ئۇنىڭغا كېتىدىغان ئىقتىسادى مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدا قارار ماقۇللاپ، ئەمەلىي مەسئۇل بولىدىغان كىشىلەرنى بەلگىلەپ ئىش باشلاپ كەتكەن. ئۈزاق، قالماي قىبىر، قىزىل، توخسۇن، ياتۇر، كېۋەزلىك، ئومباش، ياقئېرىق، داۋانچى، قاراباغ، قۇشتېمى، مىچىغ يېزىلىرىدا جايلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، مەكتەپ ئېچىپ دەرس باشلىغان. شەھەردە بولسا يەنە يېڭىدىن ئىككى سىنىپلىق قىزلار مەكتىپى، بىر سىنىپلىق دارىلئىيتام مەكتىپىنى قۇرۇپ، باي ناھىيىسىنىڭ

شەھەر - يېزىلاردا ھەقىقىي ئىسمى - جىسمىغا لايىق مەدەنىي ئويغىنىشىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

يېڭى مەكتەپلەر قۇرۇلغان يېزىلاردىكى ئىلغار زاتلار ھېچ نەرسىنى ئايىماستىن مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلىپ، مەكتەپ بىناسى ۋە سىنىپ، ياتاق قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىللە پارتا، ئورۇندۇق، دوسكا قاتارلىقلارنى ياسىتىپ يېڭىچە مەنزىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. يېڭىدىن سېلىنغان مەكتەپ بىنالىرى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە يىراقتىن ئاپئاق، چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئەر - ئايال دېھقانلار بوش ۋاقىتلىرىدا مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ شېئىر ئوقۇش مۇسابىقىسى، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى كۆرۈپ پەخىرلىنەتتى، ھۇزۇرلىناتتى. مەكتەپ قۇرۇلمىغان جايلاردىكى دېھقانلار ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ئۆز يېزىسىدا تېزرەك مەكتەپ قۇرۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قىزغىنلىق بىلەن ئارقا - ئارقىدىن كېلىشكەنىدى. بۇ مەسىلىنى ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئىجرائىيە ھەيئەتلىرى يىغىنىنى ئېچىپ مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق يەنىلا ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى مۇھىم دەپ قاراپ، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، 2 - قارارلىق ئالتە ئايلىق «ئويغىنىش» مۇئەللىمىن مەكتىپىنى ئاچقان. بۇ مەكتەپكە ئاقسۇدىن ئانايەت ئېلى، ئابلا قارى قاتارلىق ئىككى كىشى كېلىپ مۇدىر مۇ-

ئەللىمىلىك زەربىسىنى ئۆتىگەن. ئوقۇش 1936-يىلى
10-ئايدا ئاخىرلىشىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇ-
چىلارنى يېڭىدىن مەكتەپ قۇرۇلىدىغان ھەرقايسى
يېزا-ئايماقلارغا بەلگىلەپ چىقىرىپ يېڭىدىن مەك-
تەپلەرنى قۇرۇپ دەرس باشلىغان. 1936-يىل ئاخى-
رىدا ناھىيىمىزدە 30 باشلانغۇچ مەكتەپ ئاساسىي
جەھەتتىن قۇرۇلۇپ بولغان. بۇ ۋاقىتلاردا ئۇيۇشمى-
نىڭ جۇملىدىن مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىنىڭ
خىراجىتىنى ھەل قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇپ، بۇ
مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدىكى دوكلا-
تىنى ۋە يىللىق خامچوت، راسچوت پىلانلىرىنى ۋىلا-
يەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما ۋە ۋالىي مەھكىمىلىرىگە يول-
لىغان. ۋىلايەتلىك ئۇيۇشما بۇ ھەقتە ئۆلكىلىك ھۆ-
كۈمەت تەستىقلاپ تارقاتقان ئۇيۇشمىلارنىڭ كىرىم-
چىقىملىرىنى ھەل قىلىش ۋاقىتلىق چارىسىنى ئەۋەت-
كەن. شۇ چارىگە ئاساسەن، ناھىيىمىزنىڭ ئەمەلىي
ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇپ تەپسىلىي پىلان تۈزۈپ، تۆ-
ۋەندىكى چارە بويىچە ئۇيۇشمىنىڭ خىراجىتى ھەل
قىلىنغان: يەنى «قۇرئان كەرىم»دە قەيت قىلىنغان
مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بەش پەرزىنىڭ
بىرى بولغان ئۆشرە، زاكات، ھەققۇللا، قۇربانلىق تېرە
ئۇيۇشمىغا يىغىۋېلىنىپ ئۇيۇشمىنىڭ ئاساسىي كىرىم
مەنبەيى قىلىنغان. يەنە تۈز بېشى مازار، تۆز تاغ،
ياتۇر مازار، گىزك غوجامنىڭ قوشتېمى، كونا خانىقا
قاتارلىق جايلاردىكى 4000 مودىن ئارتۇق ۋەخپە يەر-

لەر ۋە باشقا مەسچىت - مەدرىسلەرگە قاراشلىق ۋەخپ-
لەرمۇ ئۆيۈشمىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، تې-
رىغۇچىدىن بەشتىن بىر قىسىم كىرىمىنى ئۆيۈشمىغا
يىغىۋېلىپ ئۆيۈشمىنىڭ خىراجەت مەسىلىسىنى ھەل
قىلغان. يەنە شەھەر ئىچىدىكى مەسچىت - خانىقالارنىڭ
ۋەخپە دۇكانلىرىنىڭ كىرىمىدىن باشقا ھازىرقى خەلق
ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىدىن 1 - باشلانغۇچ مەكتەپكە بار-
غىچە ئارلىقتىكى بارلىق ئۆي - ئىمارەتلەر ۋەخپە
بولۇپ، بۇ ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئىجارىلىرىمۇ مەخ-
سۇس قويۇلغان مۆتىۋەللىي ئارقىلىق يىغىۋېلىنىپ
ئۆيۈشمىغا ئۆتكۈزۈلگەن. گەرچە يۇقىرىقىدەك ھەر
تەرەپلىمە تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق مەلۇم مىقداردا
ئىقتىساد توپلانغان بولسىمۇ، ئەمما 1936 - يىلغا
كەلگەندە، ئۇيغۇر ئۆيۈشمىسى تەرىپىدىن قۇرۇلغان
مەكتەپلەر 30 غا، ئوقۇتقۇچىلىرى 70 تىن كۆپرەككە
يەتكەنلىكتىن، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۆز - ئۆزىنى
قامدىيالماي زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئۆيۈشمىنىڭ ئىقتىسادىي ئاجىز، زاپاس مەب-
لىغى يوق يىغىپ ئېلىنىدىغان ئۆشرە زاكاتلار ۋاقتىدا
قولغا تەگمىگەنلىكىگە ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن
شۇ ۋاقىتتىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن،
ناھىيىمىز خەلقىنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن مائارىپقا
ئىئانە توپلاش مۇراجىئەتنامىسى چىقارغان. نەتى-
جىدە شەھەر يېزىلاردا بەس - بەس بىلەن ئىئانە
توپلاش دولقۇنى قوزغۇلۇپ، قىسقىغىنە بىر نەچچە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاي ئىچىدىلا نەچچە مىڭ ئاشلىق، مال-چارۋا ۋە ئۈرگۈن نەق پۇل توپلانغان. پەن-مائارىپقا ئۆزلۈكىدىن بويان ئىنتىزار بولۇپ، تەشنالىق بىلەن بۇ كۈننى كۈتمىۋاتقان كەڭ خەلق ئاممىسى بۇ ھەرىكەتكە ئاك-تىپ ئاۋاز قوشۇپ ئۇنى، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللىغان. ھەتتا بەزى مەرىپەتپەرۋەرلەر ئۆيىزىش-مىنىڭ ئۆز يېزىسىدا مەكتەپ قۇرۇپ بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرماستىن ئۆز ئىقتىسادى بىلەن مەكتەپ قۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ئېلىپ چىقىپ ئۆز ئۆيلىرىگە ئورۇن-لاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنىمۇ ئۆزلىرى بەرگەن. مەسىلەن: قارىباغ يېزىسىدىكى مەتتېلى خۇيجاڭ قارى-باغ يېزا بازار ئىچىگە بىر سىنىپلىق مەكتەپ سال-دۇرۇپ، ئېلى ئېزىزنى (ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا-ئۆمىكىنىڭ كەسپىي ئىجادىيەتچىسى) مۇئەل-لىملىككە تەكلىپ قىلىپ، ئىككى يىلغىچە مائاشىنى ئۆز ئىقتىسادىدىن بېرىپ قاراباغدىن ئىبارەت بۇ تاغلىق رايون خەلقىگە مەرىپەت ئىشىكىنى ئاچقان. يەنە ئاراشودىكى نىياز ھاجىم دېگەن كىشىمۇ ئۆز جا-يىغا چىرايلىق بىر مەكتەپ سالدۇرۇپ، ئۆز يېزىسى-دىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆرمەت قىلىشىغا ئېرىشكەن. ناھىيىمىز بايىنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرى ئەنە شۇنداق گۈللەپ-ياشناپ كۈنسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر پەيىتتە، يەنى 1937-يىلىنىڭ ئاخى-رىدا، توساتتىن ئۆزىۋشىنىڭ رەئىسى ساۋۇت داموللا ھاجىم مۇستەبىت شىڭ شىسەينىڭ تەرىپىدىن تۇتۇپ

كېتەلمەي يوقىتىۋېتىلگەن. بۇ كىشى تۇتۇپ كېتىلگەندىن كېيىن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى خوتەنـ لىك نۇرمەھەممەت دېگەن كىشىنى رەئىسلىككە، جامال بەكرى دېگەن كىشىنى كاتىپلىققا بەلگىلەپ ئەۋەتكەن. بۇلار 1938 - يىلى 1 - ئايغىچە ئىشلىگەن. چۈنكى 1937 - يىلى بايدا ئىسلام ئاچىمەن دەپ باش كۆتۈـ رۈپ چىققان مۇسا خەلپەم تاشكەنتتە ئوقۇپ كېلىپ باي چىڭساجۇيگە جوجاڭ بولغان ئىمىن جوجاڭنى تۇتۇپ كۈچا داۋىنىدا ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكتىن، ئۆزلىرىـ نىڭ كەلگۈسى تەقدىرىدىن ئەنسىرىگەن نۇرمەھەممەت بىلەن جامال بەكرىلەرمۇ كېچىدە ئاتلىنىپ ئاقسۇغا كەتمەكچى بولغان. ئەمما قاپىلاڭ دەرياسى كۆۋرۈـ كىگە كەلگەندە، كۆۋرۈك ئاستىدا مۆكۈنۈپ ياتقان مۇسا خەلپىنىڭ ئىككى ئەسكىرى چىقىپ ئۇلارنى تۇتۇۋېـ لىپ، شەھەرگە ياندۇرۇپ كېلىپ بىر مەزگىل سولاپ قويغاندىن كېيىن قويۇۋەتكەن. شۇڭا ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەي ئاقسۇغا كەتكەن. بۇلار كەتكەندىن كېيىن ئورنىغا ئوسمان داموللام رەئىس بولۇپ ئىشلىدى. ئەپسۇسكى بۇ كىشىنىمۇ 1938 - يىلى شېڭ شىسەي تۇتۇپ كېتىپ ئاقسۇ تۈرمىسىگە قامىدى. ئورنىغا ئۆلـ كىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن ھاجى كېرەي (تاتار) دېگەن كىشىنى رەئىسلىككە ئەۋەتتى. ھاجى كېرەي 1938 - يىل ئاخىرىدا ئىستىلدا چىرىكلىشىپ خاتاـ لىق ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆز جىنايىتىدىن قورقۇپ زەھەر ئىچىۋېلىپ ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كەلگەندە ئۇـ

رومچىدە داۋالىنىمەن دەپ كېتىپ قايتىپ كەلمىدى.
ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئەزىنىڭ ئورنىغا
ئاقسۇ قاراتاللىق ئىمىن نەقى دېگەن كىشىنى رەئىس-
لىككە تەيىنلەپ ئەۋەتتى. بۇ ئادەم 1939 - يىلىدىن
1941 - يىلىغىچە رەئىس بولۇپ ئىشلىمىدى. لېكىن ئۇ،
خىيانەتچىلىك، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ ئۇيۇشما
خىزمىتىگە نۇرغۇن زىيانلارنى سالدى. ئىقتىسادنى
جەھەتتىن قىيىنچىلىق يۈز بېرىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ
ئىش ھەققىنى تارقىتالمىغاندىن كېيىن، بەزى مەك-
تەپلەر تاقىلىپ قالدى. لېكىن ئىمىن نەقى شۇ ۋا-
قىتتىكى ھاكىم، جۇيجاڭلار بىلەن بەك يېقىن بولغاچقا
بۇ ئىشلار سۈرۈشتۈرۈلمىدى. شۇڭا ئۇيۇشمىنىڭ باشقا
ئەزالىرى بۇ ئىشقا نارازى بولۇپ، 1941 - يىللىق
سايلامدا ئىمىن نەقىنى رەئىسلىككە سايلىماسلىق
ھەققىدە يوشۇرۇن كېڭىشىپ يۈرگەنىدى. لېكىن بۇ
ئىش پاش بولۇپ قىلىپ، ئىمىن نەقى ئۆزىنى قۇتقۇزۇش
ئۈچۈن، باي ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرگە
بوھتان چاپلاپ، ئۆزىنى يالغاندىن يارىدار قىلىپ
30 نەچچە ئادەمنى بىگۇناھ قولغا ئالدۇرۇش بىلەن
بىللە بايدا ھۆكۈمەتكە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى -
دەپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلغان. كېيىن ئۆل-
كىدىن كەلگەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەھۋالنى
ئىنچىكە تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، بۇ سۈيىقەست ئاش-
كارلىنىپ ئىمىن نەقى ۋە ھاكىمنى ئۆلكىلىك ھۆكۈ-
مەتكە چاقىرىپ كەتتى. بىگۇناھ قامالغانلارنىمۇ قويۇپ

بەردى. ئىمىن نەقىدىن كېيىن، 1941 - يىلى 3 - ئايدىن 1945 - يىلى 8 - ئايغىچە ھەسەن نۇرى رەئىس بولۇپ ئىشلىدى. 1945 - يىلى 8 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن قېير ئارقىلىق بايغا كېلىپ 10 - ئايدا غۇلجىغا چېكىنگەندە، ھەسەن نۇرى باشلىق ئۇيۇشمىنىڭ 13 نەپەر خادىمى مىللىي ئارمىيىگە قوشۇلۇپ غۇلجىغا چىقىپ كەتتى. مەھەممەت روزى باشلىق ئۈچ نەپەر كىشى گومىنداڭغا ئەگىشىپ كۇچاغا قېچىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بىر نەچچە ئاي تاقىلىپ قالدى.

1945 - يىل ئاخىرىدىن 1946 - يىلغىچە ھەسەن ئېلى، 1946 - يىلدىن 1947 - يىلغىچە مەھەممەت مۇسا، 1947 - يىلدىن 1950 - يىلغىچە ئىمىن نىياز رەئىس، مەمتېلى خۇيجاڭ مىجىت قازى ئاخۇنۇملار مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ ئىشلىدى.

1950 - يىلى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىقتىسادىنى ناھىيىلىك مالىيە ئۆتكۈزۈۋالدى. ئارقىدىنلا باي ناھىيىلىك تىنىچلىق ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى باشلىغاندىن كېيىن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسى كىرىم مەنبەيى بولغان ئۆشرە - زاكات، ھەققۇللا، قۇربانلىق تېرىلىرىنى ئېلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، يېزا - شەھەرلەردىكى بارلىق مەكتەپلەرنىڭ بارلىق

چىقىلىرىنى ھۆكۈمەت مالىيىسىدىن بېرىشكە كەرتىلدى.

ناھىيىمىز ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى مۇكەممەل ھەم ساغلام بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي شارائىتتا ئۆزىنىڭ شەرەپلىك بۇرچىنى ناھايىتى ياخشى ئادا قىلغانىدى. شۇ چاغدا بۇ ئۇيۇشمىدا بىر ئىجرائىيە ھەيئىتى بولۇپ ھەيئەتلەر ئىچىدىن رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەرنى يىلدا بىر قېتىم سايلاپ چىقىپ، مۇھىم ۋەزىپىلەر چىققاندا ئىجرائىيە ھەيئەتلىرىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ قارار قىلىپ، ۋىلايەت ۋە ئۆلكىلىك ئۇيۇشمىنىڭ يەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن ئىجرا قىلاتتى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى: بىر ھەيئەت، بىر تەپتىش ھەيئىتى، كاتىبات بۆلۈم، تەشكىلات بۆلۈم، مەدەنىيەت بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، مالىيە ئەۋقاپ بۆلۈملىرىدىن ئىبارەت ئىككى ھەيئەت، بەش بۆلۈم بار ئىدى.

1 - كاتىبات بۆلۈم: بۇنىڭدا بىر باش كاتىپ، بىر ياردەمچى كاتىپ بولۇپ، ئۇيۇشمىنىڭ بارلىق خەت - ئالاقە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، ھەممە خىزمەتلەرگە نازارەتچىلىك قىلاتتى.

2 - تەشكىلات بۆلۈم: بۇنىڭدا بارلىق تەشكىلىي خىزمەتلەر بېجىرىلەتتى. شۇنداقلا يېڭى مەكتەپ قۇرۇش، ئىلگىرى قۇرۇلغان مەكتەپلەرنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەر بېجىرىلەتتى.

3 - مەدەنىيەت بۆلۈمى: بۇنىڭدا بارلىق مەكتەپلەر-
نىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش، دەرسلىك كىتابلارنى ئالدىن
پىلانلاپ تەييارلاش، تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن بىرلىك-
تە ئوقۇتقۇچىلارنى تەقسىم قىلىش، تەڭشەش، مۇۋا-
پىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى.

4 - تەشۋىقات بۆلۈمى: بۇ بۆلۈمنىڭ قارمىقىدا
يەنە بىر سانائىينەفىسە بۆلۈم بار بولۇپ، ئۇ مەخسۇس
ئەدەبىي سەنئەت ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. ئۇلار
ئويۇن نومۇرلىرىنى تەييارلاش، قويۇش ئارقىلىق
كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىش، يېڭىلىققا، ئىلىم-
مەرىپەتكە جەلپ قىلىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا،
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇشقا چاقىرىق
قىلىش؛ ئەسىرلەر بويى جاھالەت ئۇيقۇسىدا ياتقان
مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىنى قولىغا قورال ئېلىپ
ئۆزلىرىنى ئېزىۋاتقان ئەكسىيەتچىل تۈزۈمنى ئاغدۇ-
رۇپ تاشلاشقا يېتەكلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھا-
يىتى ياخشى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە
ئېرىشكەنىدى.

5 - مالىيە بۆلۈمى: بۇنىڭ ئىچىدە ئەۋقاپ بۆلۈ-
مى، خوجىلىق بۆلۈمى، بوغالتىرىيە، ھېسابات بۆلۈم-
چىلىرىدىن ئىبارەت بۆلۈملەر بولۇپ، مالىيە بۆلۈمچى-
سى ئۇيۇشمىنىڭ بارلىق مالىيە كىرىم - چىقىم-
خامچوت ۋە راسچوت ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. ئەۋقاپ
بۆلۈمى پۈتۈن ناھىيە بويىچە ۋەخپىلەردىن يىغىۋېلىن-
غان ھەققۇلغىلا مەسئۇل ئىدى. خوجىلىق بۆلۈمچىسى

مۇلۇك باشقۇرۇش ۋە سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ئىشلەي-
دىغانلار ئىدى. بۇغالتىر بۆلۈمچىسى ئۇيۇشمىنىڭ
بارلىق كىرىم - چىقىم ھېساباتىغا مەسئۇل ئىدى.
تەپتىش ھەيئىتى ئىككى بۆلۈمچىدىن ئىبارەت بولۇپ،
بىرى ئۇيۇشمىنىڭ يىللىق ئۆشرە - زاكات كىرىملى-
رىنىڭ ئىجراسىنى (ئىسراپچىلىق، خىيانەتچىلىك،
بۇزۇپ - چېچىش قاتارلىق خاتا خاھىشلارنى) تەكشۈرۈپ
تەپتىش قىلاتتى. يەنە بىرى ئىككى كىشىدىن تەركىب
تاپقان مەخسۇس گۇرۇپپا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ - ئوقۇ-
تۇش ئىشلىرىنىلا تەكشۈرۈپ تەپتىش قىلاتتى. دېمەك،
ئۇيۇشما قاتلاممۇ - قاتلام، مۇكەممەل تەشكىلىي رەھ-
بەرلىك ئارقىلىق شەرەپلىك ۋەزىپىلەرنى ياخشى
ئورۇنلاپ، خەلققە ناھايىتى ياخشى ئۇلۇغ ئىشلارنى
قىلىپ بەرگەنىدى. يېڭىچە پەننىي مائارىپ ۋە مەدە-
نىيەت - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈپ، تارىختا مىسلى
كۆرۈلمىگەن مۆجىزىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئارقى-
لىق، ناھىيىمىزنىڭ كېيىنكى مائارىپ، ئەدەبىيات -
سەنئىتى ئۈچۈن ئاساس ياراتقانىدى. ناھىيىمىزنىڭ
شەھەر - يېزىلىرىدىكى ھەرقايسى مەكتەپلەر كەڭ خەلق
ئاممىسىنىڭ چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىش-
كەن بولۇپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى بولسا شۇ
دەۋر، شۇ جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىلىرى
ئىدى. پۈتۈن جەمئىيەت ۋە ئاتا - ئانىلار، ئوقۇغۇچى-
لار، ئوقۇتقۇچىلارنى ئىنتايىن قەدىرلەيتتى. ئەر ئوقۇت-
قۇچىلارنى ئەپەندىم، ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى خانىم

دەپ ئاتايتتى. ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار ھەر ھەرقانداق جايدا ئۇچرىشىپ قالسا تىك تۇرۇپ سالام بېرىپ ئۆتەتتى. قىسقىسى، مەكتەپلەر شۇ يېزىنىڭ، شۇ جاينىڭ مەدەنىيەت ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائا-لىيەتلەرىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغانىدى. كۈندۈز-لىرى ئوقۇغۇچىلار دەرس ئوقۇسا، كەچتە چوڭلار ئوقۇپ ساۋات چىقىراتتى. كىنو-تىياتىرلارمۇ مەكتەپ سەينالىرى ۋە زاللىرىدا ئۆتكۈزۈلەتتى. شۇ ۋاقىتنىڭ شارائىتىدىمۇ مەكتەپلەرنىڭ سىنىپلىرى كەڭتاشا، ئورۇندۇق-پارتىلىرى رەتلىك ئىدى. مەكتەپلەردە مىللىي تىل يېزىقتا دەرس ئۆتۈلەتتى. ئوقۇلىدىغان دەرسلىكلەر ئۇيغۇرچە ئېلىپبە، ھېساب، تارىخ، جۇغ-راپىيە، تەبىئەت، ھىفزىھەت، شېئىر، تەنتەربىيەدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ دەرسلىكلەرنىڭ تولىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا زاكاز قىلىنىپ چىرايلىق، سۈپەتلىك ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا باستۇرۇپ كېلىنگەنىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا مەكتەپلەردە يەنە قانۇن ئۆگە-نىش، ھەربىي مەشىق قىلىش يولغا قويۇلغانىدى. ھەر ھەپتىدە يېرىم كۈن ۋاقىت ئاجرىتىپ ئوچۇق يىغىن ئېچىپ، ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىللەنگەن سوتچى، ئاقلىغۇچى ۋە قارىلىغۇچىلارنى تۇرغۇزۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى بىر ھەپتىلىك ئىنتىزامسىزلىق، مەكتەپكە كەلمەسلىك، ئۇرۇش-ژۇش ۋە باشقا ئىشلار ئۈستىدە سوت يىغىنى ئېچىپ تۇرمۇش تەكشۈرۈش ئېلىپ بې-رىلاتتى. شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئىككى ئىدىيىۋى-

مەقسەت سىڭدۈرۈلەتتى؛ بىرى، ئوقۇغۇچىلار قانۇن
تىدىن ئەقەللىي ساۋاتقا ئىگە بولاتتى. يەنە بىرى،
ئوقۇغۇچىلارغا تەرتىپ ئىنتىزام ئۆگىتىلەتتى.

ھەربىي مەشق يولغا قويۇلۇپ، ھەر كۈندە ياغاچ مىلتىق بىلەن مەشق قىلىش، يۈگۈرۈش ۋە مۇداپىئە-ھۇجۇم تاكتىكىسى قاتارلىقلار ئۆز ئانا تىلىمىز بىلەن مەشق قىلدۇرۇلاتتى. ھېيت - بايراملاردا يېڭى كىيىملە-رىنى كىيىشىپ سەپ بولۇپ، داقا - دۇمباقلىرىنى چېلىشىپ:

قوپ قان - قېرىنداشلار ئەتراپىڭغا باق،
ياۋرۇپالىقلاردىن ئال ئەمدى ساۋاق.

..............

ئىمي ئەزىم تۇر ئەمدى، پۈتۈن دۇنيا ئويغاندى،
بارچە مەزلۇم - مەھكۇملەر، ھەممە جايدا قوزغالدى.

......................

دېگەنگە ئوخشاش ئويغىنىشقا، يېڭىلىققا ئۈندەيدىغان ئىنقىلابىي ناخشىلارنى ياڭرىتىپ، بايراق كۆتۈرگەن، مىلتىق ئاسقان جەڭگىۋار - روھلۇق ھالەتتە كېلىپ يېغىن مەيدانلىرى ۋە پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ تەر-تىپىنى ساقلايتتى. كەمبەغەل يېتىم بالىلارغا ھەر يىلى ئويۇشمىدىن چىقىم قىلىپ قىشلىق، يازلىق بىرخىل كىيىم تىكتۈرۈپ تارقىتىپ بېرىلەتتى. ئۇلارنىڭ تۇر-مۇشىدىن خەۋەر ئېلىپ تېخىمۇ ياخشى تىرىشىپ ئوقۇشىغا ھەر بىر جەھەتتىن ئىلھام بېرىلەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئون ئالتە يىللىق مۇساپە

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاھمە-
مىزنىڭ قىياپىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. خەلق-
نى ئاقارتىش، يېڭىلىققا باشلاش، ئۇلارنىڭ دىلىنى
يورۇتۇپ كىشىلىك، ھاياتقا كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد-
ۋارلىقىنى كۈچەيتىش؛ نەچچە ئەسىرلىك فېئوداليزم
ۋە دىنىي خۇراپاتلىق بويۇنتۇرۇقى ئاستىدا مەھكۇم-
لۇققا يېتىشتەك قالاق ھالەتكە خاتىمە بېرىش؛ دۇن-
يادىكى يېڭىلىق ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەردىن
خەۋەردار بولۇش ھەم ئىلىم - مەرىپەت تارقىتىش ئى-
لەتنى، خەلقنى يۈكسەلدۈرۈشتەك بىر قاتار ئۇلۇغ
ئىشلارنى قىلىپ، دەۋر بۆلگۈچ تەرەققىياتلارنى بار-
لىققا كەلتۈرۈش بىللەن بىللە، ئۆزىنىڭ شەرەپلىك
تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلغانىدى. تۆۋەندە بىز بۇ-
لارنى بىرنەچچە نۇقتىلىق مەزمۇنلارغا بۆلۈپ قىسقى-
چە بايان قىلىمىز:

1) ناھىيىمىزدە قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقار-
تىش ئۇيۇشمىسى 1935 - يىلىدىن 1950 - يىلىغى-
چە بولغان قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يالغۇز مەدەنىي -
مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدىلا ئىشلەپ
قالماي، بەلكى ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش جەھەتلەردىمۇ
نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

بولۇپمۇ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش،
ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىدە، خەلق-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سە-
ياردەم بېرىشكە ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەر قىلدى. تۈر-
لۈك ئۇسۇللاردا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ئىئانە توپلا-
غانىنىڭ سىرتىدا، ئۇيۇشما يەنە ئۆزىنىڭ مالىيەسى-
دىنمۇ نۇرغۇن ئىقتىساد ئاجرىتىپ ئالدىنقى سەپكە
ئەۋەتىپ بەردى.

ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ھەرقايسى مىللەت-
لەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش جەھەتتە،
ئۇيۇشما مەخسۇس تەشۋىقات گۇرۇپپىسى
تەشكىللىدى. ئۇلار شەھەر ئىچى ۋە ھەر قايسى
رايون بازارلىرىدا تەشۋىقات ئېلىپ بارغانىنىڭ سىر-
تىدا، يەنە جۇڭگو خەرىتىسىنى رەڭلىك سىزدۇرۇپ
ئۇنىڭ ئۈستىگە «شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر
قىسمى» دېگەن خەتلەرنى يېزىپ تام - تاختايلارغا
چاپلىغان، شۇنداق قىلىپ تەشۋىقاتنى پاكىتلىق،
جانلىق ئېلىپ باردى.

2) ئۇيۇشمىغا ھەر يىلى ئۆشرە - زاكات، قۇر-
بانلىق تېرە، ۋەخپى يەر، ھەققۇللا، كىنو - تىياتىر
بېلەتتى سېتىش كىرىملىرى، سودا تىجارەت كەسپىي
كىرىملەردىن بولۇپ جەمئىي 400 مىڭ يۈەندىن
ئارتۇق كىرىم بولاتتى. نىزامنامە بويىچە ئۆلكىلىك
ئۇيۇشمىغا بۆلۈنگەندىن 10% يەنى 40 مىڭ يۈەن رە-
سمىيەت تاپشۇرۇپ بېرىلەتتى.

3) ناھىيىمىز بويىچە 33 جايدا 105 سىنىپلىق
مەكتەپ قۇرۇلغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 3150 نەپەرگە

ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 160 نەپەردىن ئارتۇق ئىدى. دەسلەپ قۇرۇلغان بىر سىنىپلىق دارىلئىيتام (يېتىملەر مەكتىپى) كېيىنكى دەۋرلەردە ئىككى سىنىپقا كېڭەيتىلىپ قۇرۇلۇپ، ئاتا - ئانىسى يوق، باش - پاناھسىز ئوغۇل - قىزلارنى يىغىپ ئوقۇتتى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر يىلى يازلىق، قىشلىق كىيىم - كېچەكلەرنى بېرىپ، يېمەك - ئىچمەك تەمىناتىنى، تۇرار جايلىرىنى ئۇيۇشما ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇلارنى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىش، خاتىرجەم ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. بۇلار ھەر قايسى بايرام ۋە چوڭ يىغىلىشلاردا بىر خىل فورمىدىكى كىيىملىرىنى كىيىشىپ، ئالا كالتەكلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ يارىدەمچى ساقچى قاتارىدا خەلقنى مۇھاپىزەت قىلىپ، مەيداننىڭ تەرتىپىنى ساقلاش ئىشلىرىنى قىلاتتى. بۇلار قاتتىق ئىنتىزاملىق بولۇپ، كۆركەم، چىرايلىق يۈرەتتى. بېشىدا ئىسپانكا، ئۈچىسىدا ئۈچ يوللۇق گىمناستۇركا كىيىم، يېنىدا بىردىن سودان، بىردىن تانا ئاسقان ھالدا بايراق كۆتۈرۈپ، داقا - دومباق چېلىشىپ «مەن بىر بالىمەن، تىلىكىم - ئوقۇش. جان تېنىم ئوقۇشقا قۇربان» دېگەن شېئىرنى ئوقۇپ مەيدانغا كىرەتتى. بىر سىگنال بىلەن تارقىلىپ ئۆز ئورۇنلىرىغا بېرىپ ۋەزىپە ئىجرا قىلىپ، بىر سىگنال بىلەن ناھايىتى چاققان ھەرىكەت قىلىپ ئۆز جايىغا كېلىپ تۇراتتى. پوزىتسىيىسى مۇلايىم، سۆزلىرى سى-

لىق بولۇپ ھەقىقەتەن ئىسسىق - جىسمىغا لايىق مۇنەۋۋەر ئۆسمۈرلەردىن ئىدى.

4) ناھىيىمىزنىڭ شەھەر ئىچىدە بىر دارىلئاجىزىن قۇرۇپ، شەھەر يېزىلاردا باش - پاناھسىز قالغان قېرى، ئاجىز، مېيىپ ئەر - ئاياللار ھەم شەھەردىكى كەسپى يوق، تىلەمچىلىك بىلەن تۇرمۇش قامدايدىغانلاردىن يۈزدىن ئارتۇق كىشىلەرنى قوبۇل قىلغان ھەمدە ئۈچ كىشىنى مەخسۇس خىزمەتچىلىككە بەلگىلەپ، بارلىق يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكلىرىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن بېرىپ كەلگەنىدى. يەنە ئۇلارنىڭ مەكتەپ يېشىغا توشقان پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇپ تەربىيىلەپ، ئىش قابىلىيىتى بارلارنى ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ قول ھۈنەر كەسپىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرمۇشنى قامداش يولىغا باشلىغان. كېسەللەرنى باشقا جايلاردىكى دوختۇرخانىلارغا ئەۋەتىپ داۋالىتىپ، ئۇنىڭ چىقىملىرىنىمۇ ئۇيۇشما تەرىپىدىن بەرگەنىدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ بۇ ئىشلىرىغا كەڭ جامائەتچىلىك ئىنتايىن رازى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇيۇشما يەنە خەيرىيەت، قۇتقۇزۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا غەمخورلۇق قىلىپ، دەردىگە دەرمان بولۇش، ئىگە - چاقىسىز يېتىم - يېسىرلەرگە باش پاناھ بولۇش، تەبىئىي ئاپەت، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا ماددىي ھەم مەنىۋى ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى قۇتقۇزۇشقا ئوخشاش نۇرغۇن ساۋابلىق ئىشلارنى ئىشلىگەن. شۇڭا نۇرغۇن

كىشىلەر «ئۇيۇشما بىزنىڭ نەجات يۇلتۇزىمىز» دېيىشكەنىدى.

5) شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ياڭزېڭشىن ھۆكۈمىتى يۈرگۈزگەن «نادان قالدۇرۇش» ئەكسىيەتچىل سىياسىتىنىڭ كاساپىتى بىلەن ساۋاتسىز قالغانىدى. ئۇيۇشما ئۆزىنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش نامىغا مۇناسىپ ئىش قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس پىلانلارنى تۈزۈپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش دولقۇنىنى قوزغىدى. شەھەر-يېزىلاردىكى بارلىق باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ھەر كۈنى كەچلىك كۇرسلار ئارقىلىق چوڭلارنى ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن ئەر-ئاياللارنى ساۋاتلىق قىلىپ چىققانىدى.

6) ئۇيغۇر ئۇيۇشما مىللىي ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى دەپ قاراپ نۇرغۇن ئەمەلىي ئىشلارنى قىلغان. ئازادلىقتىن بۇرۇنقىدەك ئىسلام ئەقىدىسى، دىنىي مۇتەئەسسىپلىك ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىرىك، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزىۋاتقان شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىشى گۇناھ ھېسابلىنىدىغان شارائىتتىمۇ، ئۇيغۇر ئۇيۇشما تۈرلۈك بېسىم، تۇسالغۇلاردىن قورقماي كىنو-تىياتىر ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرغانىدى. 1940-يىلى ھازىرقى سودا-سانائەت بانكىسىنىڭ ئورنىغا تۇس-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۈنلىرى خېلىلا يۇرۇشلەشكەن 1000 كىشىلىك بىر كۇلۇب ياسالغان، بىر دانە كىنو ئاپپاراتى سېتىۋېلىنىپ بىرىنچى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى فىلمى «چاپايوپ» قويۇلغانىدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەر تەرەپلىمە تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ئەدەبىي - سەنئەت ئىشلىرىمۇ خېلىلا راۋاجلانغان، كونا ئادەت كۈچلىرىنىڭ توسقۇنلۇقىغا، قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، بىر بۆلۈك ئەر - ئاياللار بۇ ئىشقا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ناھىيىمىزنىڭ مىللىي ئەدەبىيات - سەنئىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ئارتىس، ئارتىسكىلىرىنى ھەر قايسى مەكتەپ ۋە باشقا جايلاردىن تاللاپ ئېلىپ كېلىپ، تالانتلىقلارنى تەربىيىلەپ بىر ئەدەبىيات قوشۇنى بەرپا قىلغان. ئۇلارغا مۇقىم ئىش ھەققى بەلگىلەپ ئايرىم تۇرار جاي، ئاشخانىلىرىنى ھەل قىلىپ، مىللىي سەنئىتىمىزنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. ھاجى ياقۇپنىڭ (ھازىرقى شىنجاڭ داشۆ پەن - تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ ئىلمىي خادىمى) ئۇستازلىقى بىلەن ھەرخىل كونسېرت، كومېدىيە ئويۇنلىرىنى تەييارلاپ، دارۋار ھاشىم ھاجىمىنىڭ ساز چېلىپ تەڭكەش قىلىپ بېرىشى بىلەن بىرىنچى قېتىم ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئارقىسىدىكى جايدا ئويۇن قويۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق بىلەت سېتىپ ئويۇن قويۇش ئارقىلىق كىرىم توپلاپ، كېرەكلىك كىيىم - كېچەك، ھەر خىل چالغۇ ئەسۋاب-

لار، گازۋاي چىراق قاتارلىق ھەرخىل سەھنە سايمان - جاھازلارنى تولۇقلاپ سېتىۋېلىپ، تېخىمۇ مۇكەممەل تەشكىللىي قوشۇنغا ئىگە بولغاندىن كېيىن بىر نەچچە چوڭ ئوپېرا، دراما، كومېدىيە، كونسېرت نومۇرلىرىنى تەييارلاپ خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن. مەسىلەن، «غېرىپ - سەنەم»، «رابىيە - سەئىددىن» قاتارلىق ئوپېرالارنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۆگىنىپ كەلگەندىن كېيىن، شەھەردە بىر نەچچە قېتىم ئوينىغان، ئۇنىڭدىن كېيىن سايرام، قىزىل، ياقىئېرىق قاتارلىق يېزىلارغا ئاپىرىپ ئويناپ كەڭ دېھقان، چارۋىچىلار ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا، ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، سانايى نەفىسەنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن داۋاملىق ئىزدىنىپ «سامساق ئاكاك قايىنايدۇ»، «ئۆگەي ئانا»، «خىيالى يېتىم»، «كورەش قىزى» قاتارلىق چوڭ - كىچىك ئوپېرا - درامىلارنى سەھنىلەشتۈرۈپ ئويناپ ناھىيىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كۆرسەتكەن.

7) تەشۋىقات بۆلۈم خەلقنى نادانلىقتىن قۇتقۇزۇش، ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقنى زەھەرلەپ كەلگەن خۇراپاتلىقنى تۈگىتىش، پەن - مائارىپ ئارقىلىق يېڭى يولغا مېڭىش، ۋەتەننى، مىللەتنى سۆيۈش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ھەر قايسى يېزا - قىشلاقلارغا تەشۋىقات گۇرۇپپىلىرىنى چىقىرىپ، يېڭى ئىدىيە، يېڭى تۇرمۇش ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنىمۇ

www.uyghurkitap.com

ياخشى ئىشلىگەن.

ئۇ زامانلاردا ناھىيىمىزدە بىرمۇ دوختۇر، ياكى تىلغا ئالغۇدەك تېۋىپ يوق بولغانلىقتىن، ئاز ساندىكى بايلار باشقا چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ داۋالىنىمۇ كۆپ ساندىكى كىشىلەر كونا خۇراپاتلىقىقا ئىشىنىپ پېرە ئويناتتىش، رەم سالدۇرۇش، دۇئا ئوقۇتۇش، كەتمەن باستۇرۇش، چىمكەش قىلدۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق كېسەللەرنى ساقايتماقچى بولۇشاتتى. بەزىلەر سىرتتىن كېلىپ قالغان تېۋىپلارغا ياكى تېۋىپلىق تونىغا ئورىنىۋالغان ئالدامچىلارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ جېنىدىنمۇ ئايرىلاتتى. (مەسىلەن، 1945 - يىلى باي ناھىيىسىگە كېزىك كېسىلى تارقاپ كېتىپ كۆپ كىشىلەر شۇ سەۋەبلەردىن ئۆلۈپ كەتكەنىدى)، شۇڭا ئۇيۇشمىمىزنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىش تەشۋىقات ۋەراقلىرىنى شاپىگراف بىلەن بېسىپ تارقىتىپ، خۇراپىي ئۇسۇللار بىلەن كېسەل داۋالاتماسلىق، ئالدامچىلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەسلىك، يۇقۇملۇق كېسەللەرگە يېقىنلاشماسلىق، كېسەللەر ئىشلەتكەن تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلەتمەسلىك توغرىسىدا تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلەپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان ھەم شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاقسۇدىن دوختۇر تەكلىپ قىلىپ كېسەللەرنى سەييارە داۋالاتقانىدى.

8) تەشۋىقات بۆلۈمى كۇتۇپخانا ئېچىپ ئۆلكىلىك ئۇيۇشما نەشرىياتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان

گېزىت - ژۇرنال، سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىن-
غان «ئالغا ژۇرنىلى» قاتارلىقلار بىلەن كەڭ كىتاب-
خانىلارنى يۈز كۆرۈشتۈرگەن.

9) ئۇيۇشما يالغۇز باشلانغۇچ ۋە چوڭلار مائارى-
پى جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى
ساھەلىرىدىمۇ خېلى نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن-
دى. ئىككى قارارلىق «ئويغىنىش» دارىلمۇئەللىمىن
سىنىپى ئېچىپ 70 تىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىلار قو-
شۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆلكە-
لىك سىياسىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپى، ۋى-
لايەتتىكى سىغىن، بوغالتىر يېتىشتۈرۈش مەكتەپلىرىد-
كە نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى ئەۋەتىپ تەربىيىلەپ كەلدى.
ئابدۇللا داۋۇتنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتىپ ئوقۇ-
تۇپ گەلگەندىن كېيىن، ئۇرۇمچى دارىلفۇنۇندا ئېلىپ
قېلىپ تارىخ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەيىنلىدى.

ئەدەبىي - سەنئەت ساھەسىدىكى بوشلۇقنى تول-
دۇرۇش ئۈچۈن ھاشىم ھاجىم، شىرئەلىلەرنى ئۇستاز-
لىققا تەكلىپ قىلىپ ساز كورژۇكى ئېچىپ ئون نەچ-
چە كىشىنى تەربىيىلەپ چىقتى.

تەنتەربىيە جەھەتتە ھەرقايسى مەكتەپلەردە تەن-
تەربىيە مەيدانلىرىنى بەرپا قىلىپ توپ ئويناش،
يۈگۈرۈش، سەكرەش، ئارغامچا تارتىش ماھارەتلىرىنى
ئۆگىتىپ، ھەر يىلى 18 - سېنتەبىر كۈنىنى ناھىيە
بويىچە تەنتەربىيە پائالىيەت كۈنى قىلىپ بېكىتىپ،
تەنتەربىيە پائالىيەت ھەرىكىتىگە بەش نەپەر ئوقۇ-

غۇچىنى ئەۋەتىپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەنىدى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشما 16 يىللىق تارىخىدا نۇرغۇنلىغان زىيالىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. 1949 - يىلى دۆلىتىمىز يېڭى ئازاد بولغان مەزگىللەردە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئىشقا ئورۇنلاشقان مىللىي كادىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرى ئۇيۇشمىدا ئىشلەپ خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان كىشىلەر ئىدى، ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئويۇشمىسى تەرىپىدىن ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا ئەۋەتىلىپ تەربىيىلىنىپ يېتىشتۈرۈلگەن كادىرلاردىن ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ناھايىتى زور تۆھپە قوشقان پېشقەدەم كادىرلار بار. ئۇلار ھەربىي سەپتە سىياسىي كومىسسار، مەمۇرىي مەھكىمىلەرنىڭ ۋالىيلىرى، شەھەر باشلىقلىرى، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىلىرى، ھاكىملىرى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىپ بايغا چۈشكەندە، ئويۇشما ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، خىزمەتلىرىگە يېقىندىن ياردەم قىلغان. كېيىن ئۇلار غۇلجىغا قايتقاندا ئويۇشمىدىكى كادىرلاردىن 13 نەپەر، ئوقۇتقۇچىلاردىن 30 دىن ئارتۇق كىشىلەر جان پىدالىق بىلەن شۇلارغا قوشۇلۇپ، غۇلجىغا چى-

قىپ ھەر ساھە خىزمەتلىرىگە قاتنىشىپ ئازادلىققا قەدەر ئىشلىگەن.

1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇپ، ئازادلىق ئارمىيە ناھىيىمىزگە كەلگەندىمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قىزغىن قارشى ئېلىپ ياتاق، يېمەك-ئىچمەك ئىشلىرىغا زور ياردەم قىلىپ، ھەر تەرەپلىمە قولايلىقلارنى يارىتىپ بەرگەن. شۇ قاتاردا يەنە ئو-يۇشمىدىكى بارلىق كادىرلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ھەر قايسى يېزىلارغا تەشۋىقات خىزمىتىگە چىقىرىپ، شىن-جاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى، ئازاد-لىق ئارمىيىنىڭ ناھىيىمىزگە كېلىپ گومىنداڭ ئەك-سىيەتچىلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانلىقىنى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بۇز-غۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسى-دا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بەرگەن.

1950 - يىلى باش ئۇيغۇر ئۇيۇشما شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى-غا قوشۇۋېتىلدى. 1952 - يىلى بۇ ئىتتىپاق ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق تاماملىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئۆز قارمىقىدىكى مەدەنىي - مائارىپ، سودا - سانائەت، بارلىق ئىقتىسادىي مەب-لەغلەر ۋە ئىسكىلاتتا ساقلىنىۋاتقان 100 مىڭ كىلو-گرامدىن ئارتۇق ئاشلىق، ئۈچ مىڭ تۇياق قوي، 150

تويلاق تۆگە، ئات، كالا، بىر دانە ئاپتوموبىل، 50 دانە ئات كۆچمىگە ئىگە سەييۇجى، ئۈيۈشمىنىڭ بىر نەچچە جايىدىكى ئىشخانا بىنالىرى، كۇلۇب، كىنو ئاپپاراتى ۋە ھەر قايسى يېزىلاردىكى 33 مەكتەپنىڭ كۆچمەس مۈلۈك، ئۆي - ئىمارەت، باغ - بوستانلىرىنى ناھىيىلىك مالىيىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ، شەرەپلىك تارىخىي ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇندىدى.

(ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچى: باي ناھىيىلىك 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسىدىن مەھەممەتنىياز توختى. رەتلىگۈچى: ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى گۇرۇپپىسى)

# باي پەننىي مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى - ساۋۇت داموللا ھاجىم

ئۆمەر كېرەم

ساۋۇت ھاپىز (داموللا ھاجىم) باي سايرام يېزىسىنىڭ تېزەكقاغۇ مەھەللىسىدە دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دەسلەپكى ساۋادىنى ئۆز مەھەللىسىدىكى كۆچۈك (كىچىك موللام) موللام دېگەن كىشىدە چىقارغاندىن كېيىن، ناھىيە بازىرىغا كېلىپ، تاتلىق خەلپىتىم دېگەن كىشىنىڭ مەكتىپىدە ئوقۇغان. بۇ مەدرىستە ئىككى يىل ئوقۇپلا باشقا تالىپلاردىن ئىلگىرى كەتكەن. ئۇنىڭ ئەقىل ۋە بىلىمىگە قايىل بولغان ئۇستازى: «ساۋۇتاخۇن، سىز ئىلىمدە مەن بىلەن تەڭلىشىپ قالدىڭىز. سىزگە دەرس بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن، ئەمدى چوڭراق ئالىملار بار شەھەرگە بېرىپ ئوقۇڭ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇستازدىن دۇئا ئېلىپ، بىلىم ئىزلەپ قەشقەرگە بارىدۇ. ئۇ ئوقۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ئابدۇقادىر داموللىنىڭ قەشقەرگە كەلگەن ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ ۋە ئابدۇقادىر داموللام، مامۇتخان داموللامدا ئوقۇيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ساۋۇت داموللا ھاجىم قەشقەردە ئەلا ئوقۇ
بولۇپ، ئوقۇش ئاخىرلاشتۇرۇش ۋاقتىدىكى خەتمىدە
(ئىمتىھاندا) بىرىنچى بولۇپ، نەق مەيداندا ئالقىش-
ئاپىرىنغا ئېرىشىپ، ئالتە قۇر تون بىلەن مۇكاپات-
لىنىدۇ. ئىمتىھاندىن كېيىن ئۇستازى مامۇتخان
داموللام ھاممىسى ئىميازخان ھاجىم (ئېرى مەمتاجىم)
نىڭ چوڭ قىزى ئانارخانغا، ساۋۇت داموللا ھاجىم-
نى ئۆيلەپ قويىدۇ ۋە قەشقەردە قېلىپ مۇددەرس
بولۇشنى تەكلىپ قىلىدۇ. ساۋۇت داموللا ھاجىمنىڭ
ئاتا - ئانىسى قېرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئالىي
بىلىم يۇرتىدا مۇدەررىس بولۇشتەك كاتتا ئىلتىپاتقا
ئۆزرە ئېيتىپ بايغا قايتىپ كېلىدۇ.

ساۋۇت داموللا ھاجىم بايغا قايتىپ كېلىپ،
ئۇزاق مەزگىل مۇدەررىسلىك قىلىدۇ. ئۇ قەشقەردە ۋە-
تەنپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر دېموكراتىك ئالىم ئابدۇقا-
دىر داموللامدا ئوقۇش جەريانىدا ئۇنىڭ بىلىمى ۋە
مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش، ئىلىم - پەن ئارقىلىق
ۋەتەننى، خەلقنى قۇتقۇزۇش ئىدىيىسىنى قوبۇل قىل-
غانلىقتىن، ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلغاندا تالىپلىرىغا
دىنىي ئەقىدىلەرنى ئۆگىتىش بىلەن بىرگە يېڭى-
چە بىلىم ۋە ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. جۈمە
نامىزى، ھېيت نامازلىرىدا ئىلىم - مەرىپەت ئۆگى-
نىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئوقۇتۇشنى ئىسلاھ قىلىش-
قا تىرىشىدۇ. بىراق ئۇ دەۋرلەردە بىرەر ئادەمنىڭ
دەۋىتى، تىرىشىشى بىلەن ئوقۇتۇشنى ئىسلاھ قىلىش

مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

1931 - يىلى ساۋۇت داموللام ئايالى ۋە ئۈچ بالىسىنى ئېلىپ ھەرەمگە ھەجگە ماڭىدۇ. قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن ئايال، بالىلىرىنى قەشقەردىكى تۇغقانلىرىنىڭ قېشىغا قويۇپ، ئۆزى ھەرەمگە بارىدۇ. 1932 - يىلى يازدا ھەجدىن قايتىپ كېلىپ قەشقەرگە كېلىدۇ. ئۇ ھەجگە بېرىپ كەلگىچە قوشنا ئەللەر ۋە قوشنا يۇرتلاردىكى يېڭىلىق، تەرەققىياتنى كۆرۈپ، نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىدۇ.

ساۋۇت داموللا ھاجىمنىڭ ھەجدىن قايتىپ قەشقەرگە كەلگەن ۋاقتى دەل قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن، شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان دەۋر ئىدى. بۇ خىل ئۆزگىرىش ساۋۇت داموللا ھاجىمنىڭ يۇرتىدىكى مەرىپەت ئوتىنى تېخىمۇ يالقۇنجىتىدۇ. دەرھال يۇرتىغا قايتىش تەرەددۇتىنى قىلىپ، 1932 - يىلى كۈزدە بايغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئاقسۇغا كەلگەندە ئاقسۇنىڭ شۇ چاغدىكى ۋالىيسى نىياز دوتەي بىلەن كۆرۈشىدۇ. (ساۋۇت داموللا ھاجىمنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇرېھىم مەخسۇمنىڭ ئەسلىشىچە ساۋۇت داموللا ھاجىمنىڭ ھەجدىن قايتىپ قەشقەرگە كەلگەندە ساۋاقدىشى، ئاتۇشلۇق سابىت داموللا ھاجىم ۋە تۆمۈر ئېلىنىڭ ئاتىسى بىلەن كۆرۈشكەن. ھامۇتخان لۇيجاڭ نىياز دوتەيگە قارىتا ساۋۇت داموللا ھاجىمنىڭ قولىغا خەت يېزىپ بەرگەن). نىياز دوتەي

ساۋۇت داموللا ھاجىمنى باينىڭ مائارىپ مۇدىرلىقى-
غا تەيىنلەپ دەستەك يېزىپ بېرىدۇ.

ساۋۇت داموللا ھاجىم بايغا كېلىپلا يېڭىچە پەننىي مائارىپ قۇرۇشقا كىرىشىدۇ. ئۇ ئۆزىدىن ئاۋۋال بايغا قايتىپ كەلگەن شاگىرتى ئارمىيە داموللام (نەمشىپەت)نى تاھىر قازى دېگەن كىشى بىلەن كۇچاغا ئەۋەتىدۇ. ئارمىيە داموللام كۇچادا بىرھەپتە تۇرۇپ، پەننىي مەكتەپنىڭ دەرسلىكى، دەرسلىك پروگراممىسى ۋە ئوقۇتۇش تۈزۈملىرىنى ئۆگىنىپ قايتىپ كېلىدۇ، بۇ ئارلىقتا ساۋۇت داموللا ھاجىم بىر تەرەپتىن بايدىكى يېڭى قۇرۇلىدىغان پەننىي مەكتەپنىڭ تەييارلىقىنى ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھەرقايسى يۇرتلاردىن كۆرۈشۈشكە كەلگەنلەرگە پەننىي مەكتەپ ئېچىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، بايدا پەننىي مەكتەپ ئېچىش مۇددىئاسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قوشنا ئەللەردىكى تەرەققىيات، قەشقەردىكى پەننىي مەكتەپنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، پەننىي مەكتەپنىڭ ئەھمىيىتىنى سۆزلەپ، يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەمدە بولۇشىنى سورايدۇ. ئۆزى 50 سەر داچەن (شۇ ۋاقىتتا بىر داچەن بىر سەر كۈمۈشكە تەڭ بولۇپ، بىر قوي كېلەتتى) ئىئانە قىلىدۇ.

ئارمىيە داموللام كۇچادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھازىرقى ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنىدا «زاۋۇتخانا» دەپ ئاتالغان كونا قورۇلۇشتىن بىر سىنىپ تەييارلاپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ،

دەرس باشلاشقا تەييارلىق قىلىدۇ. مەكتەپكە «ئىقبالىيە» دەپ نام بېرىدۇ. ساۋۇت داموللا ھاجىمنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن 1933 - يىلى ۋىلايەتتىن ئۈچ ئوقۇتقۇچى بايغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، سىنىپ سانىنى ئىككىگە كۆپەيتىدۇ. ساۋۇت داموللا ھاجىم چوڭ ئوغلى ئابلىز مەخسۇمنى ئىپتىدائىي پەننىي مەكتەپنىڭ خوجىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويۇپ، كىچىك ئوغلى ئابدۇرېھىم مەخسۇمنى بۇ يېڭى مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىدۇ.

1935 - يىلى كۈزدە «باي ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلۇپ، ساۋۇت داموللا ھاجىم ئۇيۇشما رەئىسى بولىدۇ. ئۇيۇشما قۇرۇلغاندىن كېيىن يۇرتىنىڭ ئۆشرە - زاكاتلىرىنىڭ بىر قىسمى، ۋەقپە يەرلەرنىڭ ھوسۇللىرى ئۇيۇشما ئىلكىگە ئۆتىدۇ. لېكىن بۇ ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. نەق پايدىدىن نەپ ئېلىۋاتقانلارنىڭ بۇنى ئاسان قولدىن چىقارغۇسى كەلمەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ساۋۇت داموللا ھاجىم:

ۋەخىمىدىن پەرھىز ئەيلىگىل ئەي پەقىر،

ۋەخپە يەپ ئىسقات قىلغاندىن ياخشىراق ئىچكەن چېقىر، دېگەن ھەجۋىينى يېزىپ، دىنىنىي نىقاب قىلىپ، يېتىم - ئاجىزلارنىڭ ھەققىگە «يۆلگە ئولاشقان چىۋىندەك» يېپىشىۋالغان ئاچكۆز، تاماگەر كىشىلەرنى قاتتىق قامچىلايدۇ. ساۋۇت داموللا ھاجىمنىڭ بۇنىڭدىن باشقىمۇ ئىجادىي ئەسەرلىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم، ئوغلى ئابدۇرېھىم مەخسۇم: دادامنىڭ خېلى كۆپ قول يازمىلىرى بولۇپ، (بىر قىسمى ئەرەب،

پارس تىلىدا) قايتا - قايتا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىپ نەتىجىسى يوقىلىپ كەتتى دەيدۇ.

ساۋۇت داموللا ھاجىم 1934 - يىلىدىن 1938 - يىلىغىچە مائارىپ مۇدىرى، ئۇيۇشما رەئىسى بولۇش جەريانىدا 30 دىن ئارتۇق جايغا مەكتەپ بىنا قىلىشقا رىياسەتچىلىك قىلغان، ئۇيۇشمىنى تەرتىپكە سېلىش، ئۇيۇشما خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدىغان «دارىلئېيتام»قېرى - ئاجىزلارنى يىغىپ، ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان «دارىلئاجىزىن» قۇرۇپ، مەخسۇس كىشى قويۇپ، ئۇلارنى باققان. ساۋۇت داموللا ھاجىمنىڭ بىۋاسىتە قول سېلىپ ئىشلىشى بىلەن 1936 - يىلى يەنە شەھەردە ئىككى سىنىپلىق قىزلار مەكتىپى قۇرۇلغان. ئىككى قېتىم دارىلمۇئەللىم ئېچىلىپ، 125 ئوقۇتقۇچى تەربىيىلىگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى، ئۈرۈمچى، ئاقسۇ دارىلمۇئەللىم قاتارلىق جايلارغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلگەن. بۇ مەزگىلدە مائارىپ راسا تەرەققىي قىلغان ئىدى.

ساۋۇت داموللا ھاجىم تازا ئىجتىھات بىلەن ئىشلەۋاتقاندا ياۋۇزشېڭ شىسەينىڭ بايىدىكى ئىشپىيونلىرى كېچىدە ئۆيىدىن تۇتۇپ كېتىپ، تۈرمىگە ئالىدۇ. بۇ 1938 - يىلى 4 - ئاي مەزگىلى ئىدى. كېيىن مەخپىي ھالدا ئاقسۇ تۈرمىسىگە يۆتكەپ ئاپىرىپ، ھېچكىم بىلەن كۆرۈشتۈرمەي مەخپىي ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. مەدەنىيەت دۈشمەنلىرى مەرھۇمنى خەلق ئارىسىدىن يوقاتقان بولسىمۇ، مەرھۇمنىڭ ئوبرازى خەلق قەلبىدە ياشىماقتا.

# مەشھۇر تارىخشۇناس، ئالىم — موللا مۇسا سايرامى

ئابدۇقەييۇم مەتقەمەن

موللا مۇسا بىننى موللا ئەيسا خوجا سايرامى 1836 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى باي ناھىيىسىگە قاراشلىق سايرام رايونى ئاتمىقىز يېزىسى توغايلا مەھەللىسى (ھازىرقى توخسۇن يېزىسىنىڭ 4 - كەنتى) دە دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى موللا ئەيسا خوجابىننى موللا ئېزىزخان خوجا خېلى يۇقىرى دىنىي مەلۇماتقا ئىگە كىشى بولۇپ، سايرام رايونى بويىچە ئۆز زامانىسىنىڭ ئۇقۇمۇشلۇق، ھۆرمەت ۋە ئابرويغا ئىگە خەلقپەرۋەر مۆتىۋەرلىرىنىڭ بىرى ئىدى. موللا ئەيسا تۇلجى ئوغلى موللا مۇسانىڭ ئىستىقبالىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنى ياخشى ئەخلاق ۋە خۇلق - مىجەز بىلەن تەربىيىلىگەن، كىچىكىدىنلا ئەقىللىق، ھوشيار، چېچەن چوڭ بولغان موللا مۇسا ئاتىسىنىڭ تەربىيىسىنى ناھايىتى ياخشى قوبۇل قىلغان. شۇڭا، ئاتىسى ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەن موللا مۇسانى سايرام مەدرىسىگە ئوقۇشقا بەرگەن، موللا مۇسا ئۇستاز-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىرى ۋە دادىسىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر قانچە يىل ئىچىدىلا چىرايلىق ھۆسنىخەت يازالايدىغان، ھەپتىيەكنى ۋە سوپى ئاللايار، نەۋائى شېئىرلىرىنى يادقا ئوقۇيالايدىغان سەۋىيىگە يېتىپ، ساۋاقداشلىرى ۋە جامائەتچىلىك ئىچىدە «بالا موللا» نامى بىلەن شۆھرەت قازانغان.

1847 - يىلى 9 - ئايدا، موللا مۇسا ئەمدىلا 11 ياشقا كىرگەندە، دادىسى ئۇنى يەتتە شەھەر بويىچە چوڭ ئوقۇش يۇرتلىرىنىڭ بىرى بولغان كۇچادىكى ساقساق مەدرىسىگە ئوقۇشقا ئاپىرىپ بەرگەن. موللا مۇسا بۇ مەدرىسىدە ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئالىمى موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنىڭ تەربىيىسىدە قۇرئان، ھەدىس، تارىخ، ئەدەبىيات، ئاسترونومىيە، كالىندارچىلىق، گراماتىكا، ماتېماتىكا پەنلىرىنى ئوقۇش بىلەن بىللە، ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنىمۇ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، كۇچا بويىچە تېزلا شۆھرەت قازىنىپ، كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلغان. ئۇنىڭ جامائەتچىلىككە تونۇلۇشىغا پاراسەتلىك بىلەن قىلغان مۇنداق بىر ئىشى سەۋەب بولغان:

موللا مۇسا ساقساق مەدرىسىدە ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر باي سودىگەر مەدرىستىكى تالىپلارغا ئاز - تولا بىر نەرسە «سەدىقە» قىلىدۇ. ئۇ چاغدا موللا مۇسا مەدرىسىدە بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭغا بېرىلمەيدۇ. بۇ ئىش ئۆتۈپ ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن، موللا مۇسا مەدرىسىگە كېلىدۇ. سا-

ۋاقداشلىرى ئۆزىنىڭغا ئەھۋالىنى ئېيتىپ، سودىگەرنىڭ يېنىغا بېرىپ بېقىشىنى، بىر نەرسە بەرسە ئاز بولسىمۇ ئېلىپ تۇرمۇشىغا سەرپ ئېتىشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. موللا مۇسا خەلپەتلىك قەزگىلىدىكى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن، بىر ساۋاقدىشىنى ھەمراھ قىلىپ ھېلىقى باينىڭ ئالدىغا بارىدۇ. سالام - سائەتتىن كېيىن، باي:

— ھە، كېلىڭ خەلپەت، بۇ ياققا كەپقاپسىز، بىرەر ئىشقا كەلگەنمىدىڭىز؟ — دەپ سورايدۇ. موللا مۇسا كېلىش مەقسىتىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، باي ئۇنى مەسخىرە قىلغان ھالدا كۆرەڭلىك بىلەن:

— بېرىدىغان سەدىقىمىز تۈگەپ قالدى، سىز كېچىكىپ قاپسىز، كېلەر يىلى كېلىڭ، — دەيدۇ. باينىڭ بۇ گېپىدىن دىلى ئازار يەتكەن موللا مۇسا گەپ - سۆز قىلماي چىقىپ كېتىدۇ ۋە ئۇدۇل بىر دۇكانغا كىرىپ، ئىككى تاختا سامان قەغىزى سېتىۋېلىپ، باينىڭ بۇ رەزىللىكىنى سۆكىدىغان بىر شېئىر يېزىپ، رەستىگە چاپلاپ قويىدۇ. بۇ ئىش شۇھامان كۇچا شەھىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ. باي بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قىلغان قىلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، نۇرغۇن سوۋغا - سالام بىلەن موللا مۇسانىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىزلىنىپ ئۆلتۈرۈپ كەچۈرۈم سورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، موللا مۇسانىڭ داڭقى يىراق - يېقىنغا تارىلىپ كېتىدۇ. بۇ موللا مۇسانىڭ 16 - 17 ياش ۋاقىتلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ، بۇ ئىش ئۇنىڭ ئىززەت ئابرويىنى ئاشۇ-
رۇۋېتەمدۇ (ئەپسۇسكى، بۇ شېئىردىن بىرەر مىسرامۇ
ساقلىنىپ قالمىغان). موللا نىياز 1854 - يىلى
كۇچادىن ئۆز يۇرتى سايرامغا قايتىپ كېلىپ، ساي-
رام مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىدۇ.

ئۆز ۋاقتىدا سايرام مەدرىسىمۇ خېلى چوڭ،
داڭلىق مەدرىسىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، يېقىن ئەتراپ-
تىكى يېزا - قىشلاقلاردىن تالىپلار كېلىپ ئىلىم
تەھسىل قىلاتتى. سايرام كىچىك يۇرت بولسىمۇ، جە-
نۇبىي شىنجاڭ بويىچە قەشقەر، كۇچا قاتارلىق يەتتە
شەھەردىن قالسىلا خېلى نامى بار، ئىلىم ئەھلىلىرى
كۆپ مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر توپلاشقان ھەم يىپەك
يولىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، كىشىلەرنىڭ ئاغزى-
دا شەھەر نامى بىلەن ئاتىلىدىغان جاي ئىدى. شۇ-
ڭا، سايرامنىڭ نامى ھەر قاچان بايدىن بۇرۇن تىل-
غا ئېلىناتتى (ھازىرمۇ سايرام ۋە سايرامغا قوشنا
يېزىلارنىڭ كىشىلىرى باي ناھىيە بازىرىنى باي
بازىرى، سايرامنى سايرام شەھىرى دەپ ئاتىشىدۇ)،
بۇنىڭغا بەلكى ئەينى ۋاقىتلاردا سايرام ئەمەلدارلى-
رىنىڭ ئاقسۇ، كۇچا ئەمەلدارلىرى بىلەن دەرىجى-
دە ئوخشاش بولغانلىقى سەۋەب بولغان بولسا
كېرەك. «تارىخىي ھەمىدى» دە ... «خاقانى چىن مەن-
سەپدارلىرى ئەمىرلەر ئۇرۇقىدىن بولغان بىر كىشى-
دىن: بۇ ئادەملەرنى قانداق قىلسا، ئۇلار خانغا تە-
ۋە بولۇپ خىزمىتىنى قىلىدۇ، دەپ سوراپتۇ. ئۇ: بۇ

ئادەملەر مېنىڭ سۆز ۋە بۇيرۇقۇمدىن چىقمايدۇ. يا-
ڭا چوڭ مەنسەپ بەرسىڭىز، مەن ئۇلارنى ئۇلۇغ خان-
غا تەۋە قىلىپ بېرەي، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. خاقانى
چىن مەنسەپدارلىرى بۇنى ماقۇل كۆرۈپ، خانغا مە-
لۇم قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاقسۇ، كۇچانىڭ ھاكىملىرى
بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە ئۇچىنچى دەرىجىلىك مەن-
سەپ بېرىپتۇ. شۇڭلاشقا، سايرامنىڭ ھاكىملىرى بۇ-
رۇندىنلا ئاقسۇ، كۇچانىڭ ھاكىملىرى بىلەن دەرىجە
ۋە مەرتىۋىدە باراۋەر ئىدى. لېكىن، ئۇلارغا قارىغان-
دا، پۇقرا ئاز ۋە يۇرتى كىچىك ئىدى»
دېيىلگەن①.

«سايرام» دېگەن نام ۋە موللا مۇسانىڭ ئۆزى-
نى «سايرامى» دەپ ئاتىشىغا كەلسەك، يەنە شۇ شا-
ھانە ئەسەردە مۇنداق مەلۇماتلار بار: «... قۇلتەيجى
... سايرامغا يېتىپ بېرىپ، بۇ جاينى ئىككىنچى قې-
تىم بېسىۋېلىپ، بىر نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، تا-
لان - تاراج قىلىپتۇ. بۇ چاغدا سايرام ئەھلى خوجا
ئۇرۇقى، شاھ ئۇرۇقى، ئەمىر ئۇرۇقى دەپ ئۈچ قەبى-
لە ياكى ئۈچ ئۇرۇقتىن ئىبارەت ئىكەن. قۇلتەيجى
بۇ ئۈچ ئۇرۇقنىڭ ئېسىل ۋە كاتتىلىرىنى تاللاپ،
ھەر ئۇرۇقتىن يىگىرمە ئۆيلۈكتىن ئاتمىش ئۆيلۈك
ئادەمنى ئەھلى ئايالىرى ۋە بالا پەرزەنتلىرى بىلەن
ئاق ئۆيلۈك قىلىپ كۆچۈرۈپ، ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ
كېتىپتۇ. ئۇلارنى بۇ جايدا بىر يىل ئەتراپىدا
تۇرغۇزۇپ، ئاندىن تۇرپانغا ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار تۇرپان-

دا ئىككى بىلىقچە تۇرۇپتۇ. بۇ كۆللەردە قىيىنتەي-
يوقلۇق ماكانىدىن ئورۇن ئېلىپتۇ ۋە خاقان لەشكەر-
لىرىنىڭ ئىلى بىلەن ئالتە شەھەرگە كەلگەنلىك
خەۋىرى ئاڭلىنىپتۇ. بۇ 60 ئۆيلۈك ئادەم ئەمدى
ئۆز يۇرتىمىزغا كەتسەك بولىدىكەن دەپ، ھەددىسىدە
«ۋەتەننى دوست بىلگەنلىك ئىماندۇر» دەپ كۆرسى-
تىلگەندەك، ئۆز يۇرتىغا كېتىپ قوۋم-قېرىنداشلىرى-
غا يېتىش ئارزۇ-ئىشتىياقى بىلەن تۇرپاندىن قوز-
غىلىپ مىز داۋانغا كەلگەندە، چىن خاقان چېرىكلى-
رىنىڭ باشچىسى ئۇچراپ: «سىزلەر نېمە ئادەم؟»
دەپ سورىغاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەرز-ھالىنى
بايان قىلىپتۇ. چېرىكلەرنىڭ باشچىسى شەپقەت يۈزى-
سىدىن «ئۇلۇغ خانىنىڭ چېرىكلىرى كەلدى، يوللار
قالايمىقان، يۇرتلار تىنجىپ بولغۇچە دېھقانچىلىق
قىلىپ كۈن ئېلىپ تۇرۇڭلار» دەپ باھانە-سەۋەب
كۆرسىتىپ، كېتىشكە يول قويماي، ياقىئېرىق دېگەن
جايغا ئېلىپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، ئۇلار بۇ يەر-
دىمۇ بىر نەچچە يىل تۇرۇپ، ئاخىر باي تەۋەسىگە
بېرىپ ئورۇنلىشىپتۇ. بۇ يەردىمۇ بىر مەزگىل تۇرۇپ،
يەنىلا كۆنەلمەي، تاغ ئېغىزى ۋە كەڭرى جاي ئىكەن
دەپ ئۇشبۇ سايرامغا كېلىپ تۇختاپ قاپتۇ. ئۇلار
ئەسلىدە تاشكەنتنىڭ سايرام دېگەن جايىدىن كەلگەن-
لىكى ئۈچۈن، باشقىلار ئۇلارنى «سايرامى» دەپ ئا-
تاپتۇ ②. دەرۋەقە، سايراملىق پېشقەدەملەر ھازىر-
غىچە: بىزنىڭ ئەسلى يۇرتىمىز تاشكەنتنىڭ سايرامى،

بۇ — كۆچكەن سايرام، دېگەن گەپلەرنى قىلىپ قويى- دۇ. ئالىم مۇشۇ مەشھۇر ئەسىرىدە، ئۆز نەسەبى ھەق- قىدە يەنە مۇنداق مەلۇماتلارنى بېرىدۇ: ...... خوجا ئۇرۇقى دېگەنلەر ئۆزىنى ئەلەۋىلەر يەنە ئەلى كىرە موللا ۋەجھۇ بىلەن نەسەپداش دەپ ھېسابلاپ، بىز ئۇنىڭ ئەۋلادى بولىمىز دەپ پەخىرلىنىدۇ، كەمىنە مەنمۇ ئۇشبۇ ئۇرۇقتىن بولىمەن. ئاتا- بوۋىمىزدىن قالغان خۇش مۇبارەك شەجەرە ھازىرمۇ مەۋجۇت بولۇپ، مەن ئۇنى تەۋەررۈك قىلىپ ساقلىماقتىمەن ③. «تارىخى ھەمىدى»دە قەيت قىلى- نىشىچە، خوجا ئۇرۇقىغا بېرىلگەن ئالىي يارلىق نىشانى مىلادى 1538 - يىلى موللا مۇسا سايرامىنىڭ 12 - بوۋىسىغا بېرىلگەن بولۇپ. موللا مۇسا مۇشۇ نەسەرنى يازغىچە تەۋەررۈك قىلىپ ساقلاپ كەلگەن ۋە كىتابقا كىرگۈزگەن.

موللا مۇسا سايرامى مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان چاغلىرىدا پات - پات ئائىلىسىگە قايتىپ ئاتا - ئانا ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يوقلاپ تۇرغان؛ دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش پەيتلىرىدە دېھقانچىلىق ئەمگىكىگە قاتناشقان، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر قېتىملىق ئورمىدا، دىققەتسىزلىكتىن ئۇزىنىڭ قولىنى ئورغاق كېسىۋېتىدۇ. شۇ چاغدا موللا مۇسا سايرامى قىزىقچىلىق قىلىپ:

«يېڭەي تويدۇم بۇنداق ئاشقا،
چۆمۈچ تەگدى ئالتۇن باشقا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ ئۇرمىنى ئورمىسام،
كۆڭلۈم ئۆتمەيدۇ مۇندىن باشقا»
دەپ بىر كۇپلېت قوشاق توقۇغان.

بۇ دەۋر چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىرىك ۋە ئىستىبدات سىياسىتى ئەۋجىگە چىققان، يۇرت ۋە پۇقرالار سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن خاراپلىشىپ ياشاش ئىمكانىيىتى قالمىغان، مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرىدە چىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە قارشى چوڭ-كىچىك خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلگەن بىر دەۋر ئىدى. 1864-يىلى 6-ئايدا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا جۈملىدىن كۇچادىمۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرى ۋە قول-ھۈنەرۋەنلەرنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە ۋە يەرلىك فېئوداللارنىڭ مىللىي زۇلمىغا قارشى كەڭ-كۆلەملىك قوزغىلاڭلىرى پارتلايدۇ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى كۇچادىكى چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنى ۋە يەرلىك فېئوداللارنى تېزلا گۇمران قىلىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ، راشىددىن خوجىنى خان قىلىپ سايلايدۇ. ئۇلار كۇچانى مەركەز قىلىپ، شەرق ۋە غەرب تەرەپلەرگە ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۆز دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە باشلايدۇ. شۇ ۋەجىدىن راشىددىنخان خوجا ئۆزىنىڭ تۇغقىنى بۇرھانىددىن خوجىنى باش قوماندان، موللا مۇسا سايرامىنىڭ ساقساق مەدرىسىدىكى ئۇستازى، مەدرىسىنىڭ باش مۇدەررىسى بايلىق موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنى قوشۇنىنىڭ باش قازىسى، بۇرھانىددىن خوجىنىڭ كىچىك ئوغلى مەھمۇددىن خوجىنى ئاتىسىنىڭ

ياردەمچىسى قىلىپ تەيىنلەپ، 190 لەشكەر ۋە سەككىز زەمبىرەك بىلەن («تارىخىي ھەممىدى»دە 168 لەشكەر، 10 زەمبىرەك دېيىلگەن) سايرام، باي. ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ.

بۇرھانىددىن خوجىنىڭ كىچىك ئوغلى مەھمۇددىن خوجا مولla مۇسا سايرامىنىڭ ساقساق مەدرىستە سەككىز يىل بىر مۇجرىدا يېتىپ - قوپۇپ، بىللە ئوقۇغان ئەڭ يېقىن ساۋاقدىشى ۋە سۆھبەتدىشى ئىدى. مەھمۇددىن خوجا سايرامدا مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان ساۋاقدىشى موللا مۇسا سايرامىغا كۆچادا بولۇپ ئۆتكەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىپ خەۋەر بېرىدۇ ۋە ئۇنى تېزدىن كېلىپ بۇ قوزغىلاڭغا ئىشتىراك قىلىپ، ئۆزىگە ھەمدەم بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ.

موللا مۇسا سايرامى ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن، ئۆز يېقىنلىرى ۋە دوستىيار - ئاغىنىلىرىنى باشلاپ كۇچاغا ماڭىدۇ ۋە قوزغىلاڭچىلار بىلەن قىزىلدا ئۇچرىشىدۇ. موللا مۇسا سايرامى سايرام مەدرىسىدە 8 — 10 يىل مۇدەررىسلىك قىلىش جەريانىدا، ئۆزىنىڭ ئىسىل ئەخلاق - پەزىلىتى، ياخشى خۇلق - مىجەزى، چىقىشقاقلىقى ۋە ئۆتكۈر زېھىنلىكى بىلەن كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلغان بولغاچقا، مۇشۇنداق بىر ئاتاغلىق ئىلىم ئەھلىنىڭ بۇ خەلق قوزغىلىڭىغا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىشتىراك قىلغانلىقىنى كۆرگەن سايرام ۋە باي خەلقى ئىشەنچىلىك ھالدا ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قاتنىشىدۇ. بىر - ئىككى

كۈن ئىچىدىلا قوزغىلاڭغا قىزىل، سايرام، بايدىن قاتناشقانلارنىڭ سانى 7 مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ. موللا مۇسا سايرامى كۈچادا ئوقۇغان ۋاقىتلىرىدا، ھەر قايسى پەنلەردىن بىلىم ئىگىلەش بىلەنلا قالماي، ھەربىي ئىشلار ئىلمىنىمۇ پۇختا ئۆگەنگەنىدى، شۇڭا ئۇ، قوزغىلاڭچى قوشۇن ئىچىدە ئۆز تالانتى ۋە ئىقتىدارى بىلەن تېزلا كۆزگە كۆرۈنىدۇ ۋە چوڭ ئابرويغا ئېرىشىدۇ. ئەمگەكچى ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن موللا مۇسا سايرامى ھەر ۋاقىت خەلقنىڭ غېمىنى يەيدۇ، خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ؛ بارغانلا يېرىدە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، خەلق مەنپەئەتىگە پايدىلىق قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈپ، ئېلان قىلىشقا مەسلىھەت بېرىدۇ.

1864 - يىلى 7 - ئايدا قوزغىلاڭچى قوشۇن ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپاننى ئىشغال قىلىدۇ. قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئۇچتۇرپاندىكى قوماندانى مەھمۇدىن خوجا ئۇچتۇرپاندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ. موللا مۇسا سايرامى بولسا، باش مىرزا، مۆھۈردار، خەزىنە باشقۇرغۇچى ۋە ئوردا قاراۋۇللىرىنىڭ نازارەتچىسى قاتارلىق ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. موللا مۇسا سايرامى ئەنە شۇنداق چوڭ ھوقۇق ۋە ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇپ، قولىدا مالىيە ھوقۇقى بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە تېگىشلىككە شۈكرى قىلىپ، ھەرگىز نەپسانىيەتچىلىك، خىيانەتچىلىك قىلمايدۇ. ھەرقانداق ئىشنى ئاقىلانىلىك ۋە ئادىللىق بىلەن بېجىرىدۇ. بۇ تەپسىلاتلار-

نىمۇ ئالىمنىڭ «تارىخىي ھەممىدى»دىن ئېنىق كۆرۈ-
ۋالغىلى بولىدۇ: «مەن كەمىنە مۇئەللىم مەھمۇدىن
خوجام پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا دائىم بىللە بولىدىغان
سىردىشى ۋە ئۈلپەتدىشى ئىدىم. خاھى ئۆلىما خاھى
پازىل، خاھى ھاكىم، خاھى دادىخاھلار مېنىڭ مەسلى-
ھەتىمسىز بىر ئىش قىلالمايتتى» ... «پادىشاھنىڭ
ھەممە مەخپىي گەپ - سۆز ۋە خەت - ئالاقىلىرىغە ئەسرا،
ئوردىغا كىرىدىغان توققۇز قاراۋۇلغا مەسئۇل ئىدىم.
مېنىڭ رۇخسىتىمسىز ھېچ قانداق كىشى قاراۋۇلدىن
ئۆتەلمەيتتى»④. ئەمدى موللا مۇسا سايرامىنىڭ نەپ-
سانىيەتچىلىك، پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك ئىللەتلى-
رىدىن ئۆزىنى پاك تۇتقانلىقى توغرىسىدا مۇنداق
بايانلار بار: «مانجۇرلاردىن ئالغان بېغداي ئۇنى ئام-
بىرى، ئارپا ئامبىرى قاتارلىق ئۈچ خىل ئاشلىق ئام-
بىرىنى مېنىڭ باشقۇرۇشۇمغا تاپشۇرغانىدى. مەن
ئاشلىق ئامبارلىرىنى باشقۇرۇشقا ئورنۇمدا ئۆز ئىنىم
مۇھەممەت خەلىپىنى قويدۇم (بۇ، ئېھتىمال، موللا مۇسا
سايرامىنىڭ كىچىك دادىسىنىڭ ئوغلى بولسا كېرەك.
چۈنكى موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئۈچ ئىنىسى بولۇپ،
ھېچقايسىسىنىڭ ئىسمى مۇھەممەت ئەمەس ئىدى)........
«مەن ئۆزۈمگە بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىن تاشقىرى بىر
سەر ئاشلىقمۇ ئارتۇق ئالمىدىم. ئىنىم مۇھەممەت
خەلىپە بىلەن بىر ھويلىدا بولغانلىقىم ئۈچۈن، بەزى
چاغلاردا چىراغ يېغى ياكى شام لازىم بولۇپ قالسا،
بازار نەرخى ھېسابلاپ پۇل بېرىپ ئالاتتىم» ... «ئاش-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خانا، ئاتخانىلارغىمۇ ئۆلچەمدىن تاشقىرى ياغ ئىشلەتمىدۇق ياكى سېتىپ پۇلىنى يانچۇقىمىزغا سالمىدۇق. بۇ، مېنىڭ پەرھىزكار ۋە تەقۋادارلىقىمدىنلا بولغان ئىش بولۇپ قالماي، بەلكى ئىنساپ، ئېھتىيات ۋە دىيانىتىمدىنمۇ بولدى»⑤ دېمەك، موللا مۇسا سايرامى كەڭ مېھنەتكەشلەر ئاممىسىنىڭ قان-تەرى بەدىلىگە كەلگەن بايلىق ھېسابىغا راھەت-پاراغەت كۆرۈشنى راۋا كۆرمىگەن. ھەر ۋاقىت ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ غېمىنى يېگۈچى ئۇ زات شۇنچە يۇقىرى مەنسەپ، ئەۋزەل شارائىت ۋە نازۇ-نېمەتلەر ئىچىدە تۇرۇپمۇ ئۆزىنى پاك تۇتقان.

1867-يىلى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاقسۇ ۋە ئۈچ-تۇرپاندىكى ھۆكۈمىتى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسىم باشلىقلىرى ئۆلتۈرۈلىدۇ ياكى نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنىدۇ. جۈملىدىن موللا مۇسا سايرامىمۇ بىرمەزگىل نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنىدۇ، ئاخىردا يەنىلا ئۇنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە تالانت-ئىقتىدارى ئۇنى بۇ مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ مەمۇرىي ئاپپاراتلىرىدا، 1867-يىلىدىن 1877-يىلىغىچە ئاقسۇ رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۆشرە-زاكات ھېساباتىنى خاتىرىلىگۈچى مىرزا بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1877-يىلى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، 1878-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز يۇرتى سايرامغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا موللا مۇسا سايرامىنىڭ

ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئىنىلىرى ئىسلام ئاخۇن، قاسىم ئاخۇن، ھېلاخۇن، سىڭلىسى زىۋۇدىخانلا قالغانىدى. موللا مۇسا سايرامى ئۆز يېزىسىدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، ئەينى يىللاردا ھەمسۆھبەت ۋە ئۈلپەتداش بولغان ئاقسۇلۇق بۇرادەرلىرى ۋە قۇرداشلىرىنىڭ «ئاقسۇغا كەلسەڭ، بىرگە ئۆمۈر ئۆتكۈزسەك» دەپ يازغان تەكلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ، ئاقسۇغا بېرىش نىيىتىگە كېلىدۇ. ئاندىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ مەقسەت - مۇددىئاسىنى بايان قىلىپ: «ماڭا يېگىلى بىر نان بولسىلا بولىدۇ، ھەر قايسىڭلار ئوقەتنى بۆلۈشمەي، بىرگە ئۆتۈڭلار. بۆلۈنگەننى بۆرە يەر» دېگەن گەپ بار، بۆلۈنۈش ياخشى ئەمەس. ئىسلام ئاخۇن دېھقانچىلىققا مەسئۇل، شۇنىڭ بەرگىنىنى يەڭلار. قاسىم ئاخۇن چارۋىچىلىققا مەسئۇل، شۇنىڭ بەرگەن قويىنى يەڭلار، ھېلاخۇن يۇرتدارچىلىق قىلسۇن ھەم سودا - سېتىق، كىيىم - كېچەك ئىشلىرىغا مەسئۇل بولسۇن» دەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ياخشى كۈن، ياخشى سائەتنى تاللاپ تۇغقانلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ئاقسۇغا ماڭىدۇ.

ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىن، ئاقسۇنىڭ ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنكى مەنسەپدارى مۇھەممەت ئىمىن باي ئاقساقال دادىخاھ بىننى مۇھەممەت ئالىمباي مەرغۇلانى دېگەن كىشىنىڭ تەشەببۇسى ۋە بىرنەچچە جان دوست - بۇرادەرلىرى، پېشقەدەم يارۇ - ئاشنىلىرىنىڭ «سەن ئوقۇمۇشلۇق ئادەم، راشىد

دىنخان خوجا، ياقۇپبەگلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلدىڭ، نۇرغۇن ئىشلارنى، ۋەقە - ھادىسىلەرنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭ. ئەۋلادلىرىمىزغا بىر نەرسە يېزىپ قالدۇرۇپ كەتسەڭ، ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، تەڭرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ جېنىنى پىدا قىلغان شېھىتلەرنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى توپلاپ كىتاب قىلساڭ» دېگەن مەسلىھەتىگە بىنائەن، ئىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ، ئاۋۋال شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تارىخى، خوجىلار تارىخى، ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى دەۋرىدىكى ئۇرۇشلار تارىخى ھەققىدە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەرنى توپلاپ، ئاندىن ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە ئۆزى قاتناشقان ۋەقەلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، زور ئىجتىھات ۋە زور ئىجادىي كۈچ بىلەن «تارىخىي ئەمنىيە» ناملىق مەشھۇر تارىخىي ئەسەرنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ ئەسەر 1905 - يىلى روسىيە تارىخچىسى نىكولاي پانتاسوۋنىڭ ياردىمى بىلەن، قازان شەھىرىنىڭ «مەدرىسە ئۇلۇم» باسمىخانىسىدا نەشر قىلىنىدۇ. كىتاب نەشردىن چىققاندىن كېيىن، نىكولاي پانتاسوۋ موللا مۇسا سايرامىغا بۇ كىتابتىن 25 پارچە ۋە 25 تىللا ئەۋەتىدۇ. موللا مۇسا سايرامى كىتاب ۋە تىللانى تاپشۇرۇۋېلىپ، پانتاسوۋغا بىر پارچە مىننەتدارلىق خېتى ئەۋەتىدۇ. بۇ خەت 1957 - يىلى ئالمۇتىدا چىقىدىغان «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىگە ئاپتورنىڭ ئەسلى قول يازمىسى بويىچە بېسىلغان (بۇ گېزىت ھازىر جۇڭگو ئىجتىمائىي

پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تارىخ تەتقىقاتى ئورنىدا ساقلانماقتا).

بۇ كىتاب نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، تۈركىيىنىڭ بىر تارىخچىسى كىتابنىڭ ئايرىم قىسىملىرىغا تەنقىدىي پىكىر بايان قىلغان، ئاپتور بۇ پىكىرلەرنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ، كىتابنى ئەسلى ئاساسىدا 1908 - يىلى قايتىدىن تولۇقلاپ يېزىپ چىققان ۋە ئۇنىڭغا نۇرغۇن يېڭى مەزمۇنلارنى قوشقان. كىتاب دەسلەپ يېزىلغان 1903 - يىللىرى سىرتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلار يوقىتىلىپ ئىچكى يېغىلىقلار تۈگەپ، زامان تىنجىپ، ئەل ئەمىن تاپقان مەزگىل بولغاچقا، كىتابنىڭ ئىسمىنى «تارىخىي ئەمنىيە» دەپ قويغان؛ كېيىن 1908 - يىلى تولۇقلاپ يازغان نۇسخىسى پۈتكەندىن كېيىن، كىتابنىڭ نامىنى تۈركىيە سۇلتانى ئابدۇلھەمىتخاننىڭ نامىغا قويۇپ، بىر نۇسخىسىنى كارۋانلار ئارقىلىق تۈركىيىگە ئەۋەتكەن. ئەپسۇسكى، كارۋان يولىدا قاراقچىلارغا ئۇچراپ قېلىپ، كىتاب يوقىلىپ كەتكەن.

موللا مۇسا سايرامى ئۆز ھاياتىدا، بولۇپمۇ ئاخىرقى ئۆمرىدە بىرمۇنچە مۇھىم ئەسەرلەرنى يازغان. مەسىلەن، 1885 - يىلى «تەزكىرە تۇل ئەۋلىيا»، 1898 - يىلى «دەربايان ئەسھا بۇل كەھف»، 1903 - يىلى «تارىخىي ئەمنىيە»، «قەسىدە ئى سىددىق»، 1907 - يىلى «غەزەلىيات»، 1908 - يىلى «تارىخىي ھەمىدى»، 1916 - يىلى «سالامنامە» قاتارلىقلارنى

يازغان. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، موللا مۇسا ساي-
رامى يەنە «تەزكىرەئى خوجا ئافاق»، «پەرھاد ۋە
شىرىن» قاتارلىق تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى
يازغان، پارس تىلىدىمۇ بىر مۇنچە شېئىرلارنى يېزىپ
قالدۇرغان. بۇ ئەسەرلەردىن «تارىخىي ئەمىنىيە»
مەتبەئەدە نەشر قىلىنغاندىن باشقا («تارىخىي ھەمىدى»
1986 - يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلىندى)، قالغانلىرى
قول يازما ھالىتىدە ساقلىنىپ كەلگەن. «تارىخىي
ئەمىنىيە» 1903 - يىلى ئاقسۇدا يېزىلغان بولۇپ، بۇ
ئەسەر — مىرزا ھەيدەر قەشقەرىنىڭ 1551 - يىلى سۇلتان
ئابدۇرېشىت خاننىڭ نامىغا بېغىشلاپ يازغان داڭلىق
ئەسىرى «تارىخىي رەشىدى» دىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ
تارىخى، جۇغراپىيىسى، يەر - جاي ئىسىملىرىنىڭ
مەنىسى، مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى،
ھەربىر شەھەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئادەملىرىنىڭ مىجەز-
خاراكتېرى قاتارلىق كەڭ ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
بىردىنبىر ئەسەر. بۇ ئەسەرنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدى-
لىكى ئاپتورنىڭ تارىخىي چىنلىققا ھۆرمەت قىلىپ،
تەرەققىيپەرۋەر رېئاللىق نۇقتىئىنەزەرىنى ئىلگىرى
سۈرگەنلىكىدە.

قىسقىسى، بۇ ئەسەر ئىككىنچى ئادەم — نۇھ پەي-
غەمبەردىن تارتىپ XIX ئەسىرگىچە بولغان مۇغۇلىستان
ۋە يەتتە شەھەردە يۈز بەرگەن ئەھۋاللار، ھۆكۈمرانلىق
قىلغان گۇرۇھلار، ئۇلارنىڭ مۇغۇلىيە دەپ ئاتىلىشىدىكى
سەۋەب، مۇسۇلمان خانلىرىنىڭ نەسەبى، يەتتە شەھەر-

نىڭ خاقان چىنىغا تەۋە بولۇش جەريانىدىكى ۋەقە-
لەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەر
ئۆز ۋاقتىدىلا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا كۆپلىگەن
تارىخشۇناسلارنىڭ ئالاھىدە دىققەت - ئېتىبارىنى قوز-
غاپ، بىرنەچچە خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر
قىلىنغان. تارىخچىلار تارىخ تەتقىقاتى خىزمىتىدە بۇ
ئەسەردىن ناھايىتى كۆپ پايدىلانغان. موللا مۇسا ساي-
رامىنىڭ ئىجادىي تالانتىغا، ئەسەرلىرىنىڭ تىلىغا
يۈكسەك باھا بەرگەن. ئاتاقلىق شائىر، جامائەت ئەر-
بابى نىمشېھىت ئەرمىيە داموللام بۇ ئەسەرنىڭ
تىلىنى يۈكسەك دەرىجىدە ماختىغان ۋە مۇنداق دېگەن:
«نىمىدېگەن گۈزەل، پاساھەتلىك تىللار، نېمىدېگەن
جاراڭلىق، يارقىن سادالار، مەن ئۆمرۈمدە نەۋائىيدىن
باشقا مۇشۇ كىشىدەك تىلى باي سۆز ئۇستىسىنى،
تىلى گۈزەل ئەدىبنى ئۇچراتمىغان، ئۇ XIX ئەسىرنىڭ
ئەلىشىر نەۋائىيسى».

«سالامنامە» 1916 - يىلى 9 - ئايدا يېزىلغان،
ھەجمى 100 بەت ئەتراپىدا كېلىدىغان بۇ شېئىرىي
داستان ئاپتورنىڭ سايرامدىكى تۇغقانلىرىغا يازغان
سالام خېتى ۋە ۋەسىيەتنامىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا:

«سالامەت بارمۇ سىز ئىسلام ئاخۇن،
كەتمەن چېپىپ، قوش ھەيدەپ ھارماڭ ئاخۇن.
قاسىم ئاخۇن سىز تاغدا ئامان بارمۇ،
ئارقار، كېيىك، جەرەنلەر سەمرىدىمۇ»

دېگەنگە ئوخشاش مىسرالار بار. ئاپتور شۇ ۋاقىتتا

3 - ئىنىسى ھېلاخۇنغا «ئاقسۇدا بۇغداي كەمچىل 20 — 30 ئېشەككە بۇغداي يۈكلەپ كېلىپ، ئاقسۇ خەلقىنى بۇغداي بىلەن تەمىن ئېتىپ، قايتىشىڭىزدا ئاقسۇنىڭ گۈرۈچىدىن ئالغاچ كېلىپ، باي خەلقىنى گۈرۈچ بىلەن تەمىن ئەتسىڭىز» دەپ تاپىلىغان.

موللا مۇسا سايرامى 1917 - يىلى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىپ، تۇرمۇشى يوقسۇزلۇق، غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن. شۇ يىلى 6 - ئايلاردا سايرامدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا خەت يازغان، خېتىدە:

«قېرىلىقتىن باشقا مەندە كېسەل يوق،
قېرىلىق بەلكى مىڭ كېسەلدىن ئارتۇق»

دېگەن. تۇغقانلىرى خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، موللا مۇسا سايرامىنىڭ كىچىك دادىسى ھوشۇر ئاخۇن خەلپىتىم ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ كالا ھارۋىسى بىلەن ئاقسۇغا بېرىپ، موللا مۇسا سايرامىنى كالا ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، سايرامغا قايتۇرۇپ كەلگەن.

موللا مۇسا سايرامىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە يىغقان بايلىقى بىر دۆۋە كىتاب بولۇپ، ئۇزى ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر، كەڭلىكى ۋە ئېگىزلىكى يېرىم مېتىر كېلىدىغان. قەلەي بىلەن قاپلانغان ساندۇققا قاچىلانغانىكەن. بۇ نۆۋەت سايرامغا قايتىشىدا بۇ بىر ساندۇق كىتابىنى بىللە ئېلىپ كەتكەن. موللا مۇسا سايرامىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ھوشۇر ئاخۇن خەلپىتىم بۇ ساندۇقتىكى كىتاب ۋە قوليازمىلارنى ئەتىۋارلاپ ساقلىغان. 1944 - يىلى كۇچالىق شائىر بايىز قارى ئوغلى

مەمتىمىن بايىز بىلەن بىللە ئاقسۇغا بېرىشىمدا ھوشۇر ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ بىرقانچە كۈن تۇرۇش جەريانىدا، «تارىخىي ھەمدى»نى، بىر قىسىم كىتاب ۋە شېئىرلارنىڭ قول يازمىسىنى ئېلىپ كەتكەن. 1954 - يىلى ھوشۇر ئاخۇن خەلپىتىم ۋاپات بولغاندا، ئۇ كىشىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىشقا كىرگەن ئىمام - مەزىن ۋە ئاخۇن - ئۆلىمالار ساندۇقتا قالغان كىتابلارنى بۆلۈشۈۋالغان. بىرنەچچە پارچە ئۇششاق كىتاب ۋە بىر قىسىم پارچە - پۇرات قول يازمىلار قالغاندا، ئاخۇنۇملار: «بۇلارنى ساقلىيالمىساڭلار، ئوبدان ساقلاڭلار، بولمىسا كەلمەس - كەلمەس يەرگە تاشلىماي، دەرياغا تاشلىۋېتىڭلار ياكى يەرگە كۆمۈۋېتىڭلار» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن، ھوشۇر ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇلارنى ساندۇق بىلەنلا قەبرىستانلىققا كۆمۈۋەتكەن. شائىر بايىز قارى ھوشۇر ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كەتكەن قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلارنى ئەتىۋارلاپ پۇختا ساقلىغان بولسىمۇ، ئاپەتلىك «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدا ئۆزى تارتىپ چىقىرىلىپ سۈرگۈن قىلىنغان، كىتابلىرى (جۈملىدىن يۇقىرىقى ئەدەبىي مىراسلار) بازارغا ئېلىپ چىقىلىپ سېتىۋېتىلگەن. مەلۇم بولۇشىچە ئۇنىڭ بەزىلىرىنى ئۈرۈمچىدىن بارغان كىشىلەر سېتىۋالغان (مەسىلەن، «سالامنامە»نى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئوسمان ئىسىملىك بىر كىشى سېتىۋالغان)، بەزىلىرىنى سېتىۋالغانلار بېيجىڭغا ئېلىپ كەتكەن، سېتىلماي قالغان-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىرى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. شۇنداق قىلىپ، مەرىپەتلىك ئۇيغۇر ئالىمى ۋە شائىر موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئۆمۈر بويى يازغان ۋە يىغقان ئەدەبىي بايلىقى ئاشۇنداق تۈگەپ كەتكەن. بەختكە يارىشا ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى، ئەنۋەر بايتۇردەك ياش ئالىملىرىمىزنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىشى بىلەن، ئالىمنىڭ «تارىخىي ھەمىدى»، «تارىخىي ئەمىنىيە»لىرى نەشر قىلىنىپ، خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

موللا مۇسا سايرامى 1917 - يىلى 6 - ئايدىن 9 - ئايغىچە تۇرۇپ، 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا كىچىك دادىسى ھوشۇر ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ يېنىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇ ئالىمنىڭ نەسلىدىن ھازىر توخسۇن يېزىسىنىڭ توغايلا مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر قىز نەۋرىسى بولۇپ، 75 ياشقا كىرىپ قالغان بۇ ئايال ئۆزىنىڭ تىلى ئاجىز قىزى بىلەن بىللە تۇرىدۇ. ئۇلار ھازىر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخور-لۇقىدىن بەھرىمەن بولماقتا. ئالىمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ تاغىسى، ئىنىلىرى ۋە سىڭلىسى قەش-قەرلىق مەشھۇر مېمارچى يۈسۈپ ئاخۇننى تەكلىپ قىلىپ ئاپىرىپ، ئالىمنىڭ قەبرىسىنى قاتۇرغان، قەبرىنىڭ ئۈستىگە چوڭ بىر گۈمبەز ياسىتىپ، قەبرىنىڭ يېنىغا مەسچىت سالدۇرغان؛ بۇ گۈمبەز «مۇسا موللام گۈمبىزى» دەپ ئاتىلىپ، 1965 - يىلىغىچە ئوبدان ساقلىنىپ كەلگەن. ئاپەتلىك «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»

باشلانغاندىن كېيىن بۇ تەۋەررۈك جايمۇ چېقىپ ۋەيران قىلىۋېتىلگەن. لېكىن، خەلق بۇ سۆيۈملۈك پەرزەنتىنى ئۇنتۇپ قالمىغاچقا، 1982 يىلى ئۆزلۈكىدىن ھەر- كەتكە كېلىپ، قەبرىنى خام كېسەك بىلەن بولسىمۇ قايتىدىن قاتۇرۇپ چىقتى. شۇنىڭدىن باشلاپ كىشىلەر بۇ جايدا ئۇلۇغ بىر زاتنىڭ ياتقانلىقىنى بىلەلەي- دىغان بولدى.

× × ×

ئىزاھلار:

① «تارىخىي ھەمىدى» 592 - بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب، 590 — 592 - بەتلەر.
③ يۇقىرىقى كىتاب، 502 — 593 - بەتلەر.
④ «تارىخىي ئەمىنىيە» 95 - بەتلەر.
⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 96 — 97 - بەتلەر.

قوشۇمچە پايدىلانغان ماتېرىياللار:

«بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1985 - يىللىق 15 - سانىدىكى ئەنۋەر بايتۇرنىڭ «موللا مۇسا شېئىرلىرى»غا يازغان كىرىش سۆز.

قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللىي - دىنىي ئىشلار باش- قارمىسى نەشر قىلغان «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1 - سانى.

«تارىخىي ھەمىدى»، «تارىخىي ئەمىنىيە» قاتار- لىقلار.

(ئاپتورى: باي ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مەن ئەرمىيەنىڭ تەرجىمھالىم

1904 - يىلى توخسۇن يېزا 12 - كەنتتە ئېلى ئاخۇن ئىسىملىك بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1916 - يىلىغىچە ئائىلىدە بولۇپ، ئۇلاق بېقىش، يېزا مەكتىپىدە ئوقۇش ئىشلىرى بىلەن بولدۇم. 1916 - يىلى باي بازىرىدىكى ساۋۇت دامولّامنىڭ مەدرىسىگە ئوقۇشقا ئەكىلىپ قويدى. «ئوقۇش» دامولّامنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىش ئىشلىرى بىلەن بولدۇم. 1918 - يىلى دادام ئۆلۈپ كەتتى. تۇرمۇشۇمدىن خەۋەر ئالىدىغان كىشى يوق. ئوقۇشتىن ئايرىلىش ۋاقتىدا ئانام كېلىپ ساۋۇت دامولّام بىلەن سۆزلىشىپ، مېنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىمنى ئانام قىلىپ بېرىدىغانغا، يېمەك - ئىچمەكمنى دامولّام بېرىدىغانغا، دامولّامنىڭ ئۆيىدە ئىشلەپ يۈرۈپ ئوقۇيدىغانغا توختام قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دامولّامنىڭ ئۆيىدە باشقا ياللىقچىلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىدىم. ئۇلار بىلەن ياتىقىم، تاماقىم بىر بولدى. (ئوخشاش بولدۇم) ئوقۇشقا ۋاقىت تاپسام ئوقۇدۇم، بولمىسا يوق. دامولّامنىڭ خوتۇنى يامان بىر خوتۇن بولۇپ، ئۇرمايدىغان كۈنى يوق. ناھايىتى ئېغىر تۇرمۇشتا قالدىم. قورساققا ۋاقتىدا تويغۇدەك

بىر نەرسە يوق. شۇنداق قىلىپ 1922 - يىلىغىچە
شۇ يەردە بولدۇم. يېشىم بىر ئاز چوڭايغانچە بوئە-
ۋال بەكرەك تەسىر قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن 1922 - يىلى 18 يېشىمدا بۇ
يەردىن قېچىپ ياقمىشىردىققا باردىم. ياقمىشىرىقتا مەھ-
تەمىن ئەلەمنىڭ مەدرىسىدە بىر يېرىم ئاي ئوقۇدۇم.
شۇ چاغدا ئاكام بېرىپ قايتۇرۇپ كېلىپ سايرامغا-
نۇرۇللا مۇپتى ئاخۇنۇمنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويدى.
ئۇ يەردە ئۆزەم ئوقۇدۇم. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇششاق
بالىلارنى ئوقۇتتۇم. شۇنداق قىلىپ سايرامدا ئىككى
يىل تۇردۇم. 1925 - يىلى كۈچاغا بېرىپ بىر قىش
ئىبراھىم قوززات ئاخۇنۇمدا ئوقۇدۇم. يازلىقى ئىسلام
باينىڭ، كېيىن ئەھمەت ھاجىنىڭ زاۋۇتىدا يۇڭ
يۇيۇش ئىشلىرىدا ئىشلىدىم. بۇنىڭ بىلەن ئاز - تولا
پۇل تەييارلاپ قىشلىقى مۇساييوپ دامولامنىڭ مەد-
رىسىگە ئورۇنلۇشۇپ شۇ يەردە ئوقۇدۇم. ھەمدە مەك-
تەپ ئوقۇتتۇم. شۇنداق قىلىپ 1928 - يىلى چىققى-
چە كۈچادا بولدۇم. 1929 - يىلى شايارلىق ئۆمەر
كاتىپ بىلەن بىرلىكتە كۈچادىن قەشقەرگە قاراپ
يولغا چىقتىم. ئۇ كۈنلەردە قەشقەر دىنىي ئوقۇشىنىڭ
مەركىزي قاتارىدىكى ئورۇن ئىدى. ھارۋىدا ئىشەكتە
بولۇپ 36 كۈندە قەشقەرگە يېتىپ باردىم. رەھمەتۇللا
يۇسۇپ مىنىڭدىن 2 - 3 يىل بۇرۇن كەتكەن. مەن
قەشقەرگە بارغان ۋاقىت يازلىق تەتىل كۈنلىرى بول-
غاچقا مەدرىسلەردە تالىپلار يوق ئىكەن. رەھمەتۇللا

يۈسۈپ بولسا شەھەرگە يېقىن يەردە-ھۆسەن پەيزۇ غوجام دېگەن مازاردا ئىكەن. بىزمۇ تەتىل تۇشقۇچە شۇ يەردە تۇردۇق. تەتىل توشقاندا شەھەرگە قايتىپ كىردۇق. رەھمەتۇللا يۈسۈپ ئۆزى ئورۇنلاشقان لاي پەشتاق دېگەن مەدرىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى يىل لاي پەشتاق مەدرىسىدە تۇردۇم. يەنە ئىككى يىل خانلىق مەدرىستە تۇردۇم. قەشقەردە مەن ئوقۇغان ئۇستازلىرىم، لاي پەشتاق مەدرىستە ئىبراھىم ھاجى، خانلىق مەدرىستە شەمشىددىن داموللا ھاجىم ئىمىن موتەۋى، تۇقۇزۇم مەدرىستە، ئابلىزاخۇن داموللاملار، كېيىن مامۇت ئاخۇن داموللامدا ئازراق ئوقۇدۇم. يېڭى بارغان يىلىمىنىڭ قىشلىقى رەھمەتۇللا يۈسۈپ ۋە باشقا تالىپلاردىن قەشقەردە چەتتىن كەلگەن شىۋىت دېگەن ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار بىر تەرەپتىن دوختۇرلۇق قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن خىرىستىئان دىنىنى تارقىتىدۇ. دوختۇرخانىسىغا كېسەل كۆرسەتكىلى بارغانلارغا ئالدى بىلەن بىردىن تۆت ۋاراق بەش-ئالتە ۋاراق كېلىدىغان كىتاب تارقىتىدۇ. ئۇنىڭدا خىرىستىئان دىنىنى تەرغىپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئادەملەر ئۇ كىتابنى تۇتمايدۇ. ئۇلار بۇنداق ئادەملەرگە دورا بەرمەيدۇ. يەنە ھەر يەكشەنبە كۈنى ئۆزىنىڭ ئىبادەتخانىسىدا خىرىستىئان دىنىنى تەشۋىق قىلىدۇ. ھەر كىم كىرىپ ئاڭلىسا ئۇنى توسمايدۇ دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدىم. يەنە مەدرىسلەردىكى تالىپلاردىن بىرىپ قالسا، بەزى چاغلاردا ئۇلار-

غا تۈرلۈك سوئاللارنى قويۇپ مۇنازىرىلىشىدۇ. مۇنا-
زىردە تالىپلارنى يېڭىپ قويسا چاۋاك چېلىشىپ خۇ-
شال بولۇشۇپ كېتىدۇ. تۇغقۇم مەدرىسىدىكى خوتەنلىك
ئابدۇللا ئاخۇن دېگەن تالىپ ھەر قاچان شۇ يەردىن
بەزى دورىلارنى ئەكىلىپ ئىشلىتىپ يۈرۈيدىكەن.
بىر قېتىم دورىغا بارغاندا ئۇنىڭغا بىر سوئال بېرىپ-
تۇ. بىر ئادەم بىر ئاچا يولغا كېلىپ قايسى يولغا
كىرىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. قارىسا ئۇ يەردە
بىر ئۇخلاپ قالغان ئادەم، يەنە بىر ئويغاق ئادەم
تۇرۇپتۇ. ھېلىقى يولۇچى بۇ ئىككى ئادەمنىڭ قايسى-
سىدىن يولنى سوراش كېرەك دەپتۇ. ئابدۇللاخۇن
جاۋابىنى مۇنداق بېرىپتۇ. ئاچا يولنىڭ بېشىدا ئوي-
غاق تۇرغان ئادەم بولسا، ئۆزى ماڭىدىغان يولنى
بىلىشى ئۈچۈن ئۇيقۇدىكى ئادەمنىڭ ئويغىنىشىنى
كۈتۈپ تۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىككىلىسى ئۇخ-
لاۋاتقان ئادەم ئويغانغىچە كۈتۈپ تۇرۇشى كېرەك.
دەپتۇ. بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلار يېڭىل-
گەنلىكى ئۈچۈن دورا يوق دەپ بەرمەي قايتۇرۇۋېتىپ-
تۇ. شۇنىڭدىن بۇيان ئابدۇللاخۇن ئۇ يەرگە دورىغا
بارمايدىغان بولدى، دېگەن گەپنى ئاڭلىدىم. (بۇ
سوئال، جاۋابتىكى ئويغاق، ئۇيقۇدا دېگەن ئىككى
ئادەمدىن ئەيسا بولسا ھايات بار. شۇنىڭ ئۈچۈن
ھەممە ئادەم ئەيسانىڭ يولىغا، خىرىستىئان دىنىغا
ئېتىقاد قىلىشى كېرەك. مۇھەممەت بولسا ئۆلگەن.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ يولى يەنى ئىسلام دىنىدىن

چىككىنىشى كىرەك، دېمەكچى بولىدىكەن) مەن
رىقى سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەيۇ بىردىن
مۇنازىرىلىشىشكە قىزىقتىم. رەھمەتۇللا يۇسۇپ مېنى
يازلىق تەتىل بولغاندا باشلاپ بارماقچى بولدى.
1930 - يىلى 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا بىر يەكشەنبە
كۈنى ئەتىگەندە رەھمەتۇللا يۇسۇپ، مەن،يەنە تۆت،بەش
نەپەر تالىپ بىرلىكتە باردۇق. بىر ئازدىن كېيىن
يىغىلدى. بىزمۇ ئىبادەتخانىغا كىردۇق. ئۇ يەردە
شۇدېتكە بۇرۇندىن سېتىلغان ھەسەن، ئېلى دېگەن
ئىككى ئادەم بولۇپ ئۇ كۈنى ئىبادەتنى ھەسەن باش-
قۇردى. ھەممە ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ئىنجىلنى ئوقۇدى.
ئارقىدىن ھەسەن بىر مۇنچە تەشۋىق قىلدى. ئاخى-
ردا دۇئا قىلىپ تۈگەتتى. زورمو زور مۇنازىرىلەش-
كىلى بولمىدى. قايتىپ كەلدۇق. مەن شۇ كۈنلەردە
بەزگەك كېسەل بولۇپ، تاغنىڭ ھاۋاسىدا بىر ئاز
ياخشى بولىدۇ دېگەنلىكى ئۈچۈن قەشقەر
شەھىرىنىڭ غەربىدە تاغنىڭ تۈۋىدە موش دېگەن
يېزىغا چىقىپ كەتتىم. يازغىچە شۇ يەردە بىر مەد-
رىستە ياتتىم، كۈزلىكى قايتىپ كەلدىم. قىشىچە ئو-
قۇدۇم. 1931 - يىل 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا بىر
بازار كۈنى (پەيشەنبە كۈنى بازار بولاتتى) نامازدى-
گەر ۋاقتى بىلەن تورپانلىق سالاخۇن دېگەن بىر
تالىپ بىلەن مەن ئىككىمىز تاماشا قىلىپ قۇم دەر-
ۋازىنىڭ تېشىدىكى پاختا بازىرىغا باردۇق. قارىسام
شۇئېتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ئولتۇرغۇن ئادەم توپلى-

شىپ قاپتۇ. بىز ئۇ يەرگە باردۇق. ئۇ يەردە ئىككى تالمىپنى شىۋىتىنىڭ ئۇچ-تۆت سېتىلمىلىرى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ھەر خىل سوئاللار بىلەن ئۇ تالمىپلارنى يېگىپ مەسخىرە قىلىشىۋېتىپتۇ. بازاردىن يانغان ئادەملەر توپلىشىپ تاماشا كۆرگىلى تۇرۇپتۇ. مەن ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرالماي ئوتتۇرىغا چۈشتۈم. مۇنازىرىلىشىشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇلار يۇقىرىدا يېزىلغان سوئالنى قويدى. مەنمۇ تەييار جاۋابنى بەردىم. يەڭگىنىم ئۈچۈن مەنمۇ مەسخىرە قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنى قورۇنىڭ ئىچىگە كىرىشكە زورلىدى. مەن ئۇنىمىدىم. ئاخىرى قولۇمدىن تۇتۇپ سۆرەپ ماڭدى. شۇ چاغدا كۆپچىلىك ئارىلىشىپ ئاجرىتىپ قويدى. قايتىپ كېلىپ كېچىچە ئويلىنىپ ئەتىگەنلىكى شىۋىتلەر ھەرىكىتىگە رەددىيە ئاساسىدا بىر پارچە دىنىي تەشۋىقات قوللانمىسى يېزىپ چىقتىم. تالمىپلار كۆرۈپ قوشۇلدى. شۇ كۈنى جۈمەدە بۇ تەشۋىقنى بىر نەچچە ئورۇندا ئېلىپ باردۇق. بۇنىڭ تەسىرى خېلى چوڭ بولدى. بىر ھەپتىگە قەدەر شىۋىتلەر دەرۋازىنى ئاچمىدى. دوختۇرخانىمۇ ئاچمىدى. سەمەن رايونىنىڭ كاندىر دېگەن يېرىدە بىر ئادەمنىڭ يېرىنى سېتىۋېلىپ ئۇ يەردە مەكتەپ ئېچىشى ئۈچۈن تاملىرىنى پۈتتۈرۈپ ئۈستىگە ياغاچ چىقىرىپ قويغان ئىكەن (شىۋىتلەر). تەشۋىقنى ئاڭلىغان دېھقانلار ئۇنى بۇزۇپ تاشلاپتۇ. شىۋىتنىڭ ئادەملىرى ئۇ يەرگە ئىككىنچى بارالماپتۇ دەپ ئاڭلىدىم: شۇنىڭدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېيىن تالىپلارمۇ يارىمايدىغان، بارسىمۇ كىرگۈزمەيد
ىغان بولدى. تەشۋىق قىلىشنى ھۆكۈمەت تەرەپتىن
چەكلەپ قويدى. بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى.
ئەسكەرتىش: مەن ئىلىغا چىققاندىن كېيىن 1949 -
يىلى شۆۋەت دېگەنلەرنىڭ نېمىلىكى بىلەن تونۇشۇپ
چىقتىم. ئۇ ئەسلىدە ئەنگىلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ
«بوخمانىزم» دېگەن بىر جاسۇسلۇق تەشكىلاتى بولۇپ،
بۇلار شۇ تەشكىلاتنىڭ ئادەملىرى ئىكەن. بۇنى ئۇق
قاندىن كېيىن شۇ چاغدا ئىلىدا نەشىر قىلىنغان
«ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ بىر سانىغا مۇشۇ ئەھۋالنى
پاش قىلىپ «بوخمانىزم نىقابى ئاستىدا» دېگەن
تېما بىلەن بىر ماقالە يازغانىدىم. 1932 - يىلى
قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى قەشقەرگە يېتىپ بار-
دى. مېنىڭ ئۇستازىم شەمشىدىن داموللا ھاجىم، قەش
قەر كونا شەھەرگە ھاكىم، سودىگەردىن ئەيدا باي
دېگەن مۇئاۋىن ھاكىم بولدى. مەنمۇ ئۇستازىمغا ئەگى
شىپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ-كېلىپ يۈردۈم. 10
كۈندەك ئۆتكەندىن كېيىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە 40 نەپەر
مۇھاپىزەتچى ئەسكەر ئېلىشنى تەستىقلاپتۇ. شۇ چاغدا
مەنمۇ ئەسكەر بولدۇم. ئۇ ئەسكەرگە مەھمۇت بەگ
دېگەن بىر ئادەمنى باشلىق قىلدى. مەھمۇت بەگ
مېنى ئەسكەرلەرگە مەشىق ئۆگىتىشكە تەيىنلەپ
قويدى. بىردىن قارا مىلتىق، بىر قۇر يازلىق تاشقى
كېيىم بەردى. كۈندە يېرىم سائەت مەشىق قىلدۇرد
مەن، باشقا چاغلاردا شۇ يەردە يۈردۈم. شۇ كۈنلەرنىڭ

بىر كۈنى كۆچىلىق ئەھمەتجان لويجاڭغا ئەسكەر بولۇپ بارغان بايلىق مامۇت مەزىن سوقۇشتا ئۆلجا ئالغان نۇرغۇن كونا، يېڭى كېيىم - كېچەك، بىر قىسىم ئۆي - سايمانلىرىنى مېنىڭ ئۆيۈمدە ئامانەت قويدى. ماڭا بىر دانە يوتقاننى بەردى. مېنىڭ تۇغۇلغاندىن تارتىپ يوتقان كۆرگىنىم شۇ. بىرەر ئاي ئۆتكەندە بايدىن مامۇت مەزىننىڭ ئاكىسى ئىمىن ئاخۇن بېرىپ ئامانەتنى ئېلىپ بايغا قايتۇرۇپ كەلدى. مامۇت مەزىن ھازىر ئۇمباش يېزا (كېۋەزلىك)تە بار. مەن ئەسكەر بولۇپ بىرەر ئاي بولغاندا ئاتۇشتا شەمشىدىن داموللام ھاجىمنىڭ دادىسى ئۆلۈپ خەۋەر كەلدى. شۇ چاغدا شەمشىدىن داموللا ھاجىم تۇجاڭزىنى ماڭا بېرىپ قويۇپ ئاتۇشقا كەتتى. بىر ھەپتىدە كەلدى. يەنە بىر يېرىم ئايچە ئۆتكەندە قىزىنى توي قىلماقچى بولۇپ ئاتۇشقا يەنە بارماقچى بولدى. بۇ قېتىم مەمەت بەگ مېنى ھەم ئاتۇشقا بىللە بارىدىغانلارنىڭ قاتارىغا قوشۇپ قويدى. ئاتۇشقا باردۇق. توينى تۈگىتىپ بولغىچە 10 كۈندەك تۇرۇپ قالدۇق. شەھەرگە قايتىش ئالدىدا تۇرغاندا شەھەردىن خەۋەر چىقتى. بۇ خەۋەردە ئېيتىلىشىچە يېڭى شەھەردىن مازىخۇي ئەسكەر كىرگۈزۈپ لەڭگەرنىڭ يولىدا تۆمۈرنىڭ بېشىنى ئالدى. كونا شەھەرنى خۇيزۇلار بېسىۋالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىرچە شەھەرگە كىرمەي تۇرسۇن دېيىلگەن. يەنە بىر ھەپتە تۇرۇپ قالدۇق. بۇ ئارىدا تۆمۈرنىڭ قول

ئاستىدىكى لويجاڭ تۈەنجاڭلىرى ھەر تەرەپتىن يىغىلىپ
كېلىپ سوقۇشۇپ كونا شەھەرنى تارتىۋالدى. لېكىن
شەمشىدىن داموللا ھاجىم ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ئىككىنچى
بارمىدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىكى ئەسكەرلەرمۇ تارقىلىپ
كېتىپتۇ. مەھەممەت بەگ يوق. بىزنى باشقۇرىدىغان
ئادەم يوق. قولۇمدا مىلتىق بار. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن-
مۇ يېڭى شەھەرگە چىقىپ مازىخۇيىغا قارشى سوقۇشقا
قاتناشتىم. بۇ ۋاقىت 10 - ئاي كۈنلىرى ئىدى، ئەتىگەنلى-
كى بارىمەن. كەچتە قايتىپ كېلىپ مەدرىستە ياتىمەن.
شۇنداق قىلىپ 7 - كۈنى ماڭا ئوق تەگدى. شۇنىڭ-
بىلەن كونا شەھەر دوختۇرخانىدا ياتتىم. مەن دوخ-
تۇرخانىدا تۆت ئاي ياتتىم. لېكىن جاراھەتلىرىم
تولۇق ساقايماستىن 1933 - يىلى 1 - ئايدا قايتىپ
چىقتىم. مەن چىقسام ئەھۋال باشقىچە بولۇپ كېتىپتۇ.
تۆمۈرنىڭ ھاكىمىيەت ئورنىنى ساۋۇت داموللا ھاجى
ئىگىلەپ ئۆزىنى «باش ۋەكىل» دەپ ئاتاپتۇ. قەش-
قەردە بىر نەچچە نازارەت تەشكىل قىپتۇ. مەسىلەن،
ئەدلىيە نازارىتى ئۇنىڭغا ئۆزبېك زىرىپ قارى ھاجىم-
نى باشلىق قىپتۇ. مالىيە نازارىتى ئۇنىڭغا ئىبلاخۇن
دېگەننى باشلىق قىپتۇ. ئەۋقاپ نازارىتى ئۇنىڭغا
شەمشىدىن داموللا ھاجىمنى باشلىق قىپتۇ. ئەمما
يېڭى شەھەردىكى سوقۇش تېخى داۋام قىلىۋېتىپتۇ.
مەن يەنە شەمشىدىن داموللا ھاجىمغا ئەگىشىپ
ئەۋقاپ نازارىتىگە بېرىپ - كېلىپ يۈردۈم. بۇ كۈن-
لەردە جاراھەتلىرىم تېخى پۈتمىگەن. سۆزۈمنى ئو-

چوڭ ئۇقتۇرالمايمەن شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئىشقا مەسئۇل ئەمەس ئىدىم. شۇ كۈنلەردە خوجانىيازھاجى، مامۇت دېگەنلەر بار ئىدى. بۇلارمۇ يېڭى شەھەر سوقۇشىغا قاتناشتى. ئارقىدىن گاسىلىنىڭ دېگەن نۇرغۇن خۇيزۇ ئەسكەرلەر بىلەن بېرىپ يېڭى شەھەرگە كىردى. بۇ چاغدا خوجانىياز ھاجى، مامۇت، ساۋۇت داموللا ھاجى ۋە ئۇنىڭ نازىرلىرى كونا شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. شۇ قاتاردا شەمشىدىن داموللا ھاجىم ئەۋقاپ نازارىتىنىڭ ھەم ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى ماڭا بېرىپ چىقىپ كەتتى. ئەتىسى گاسىلىنىڭ كونا شەھەرگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. ئاردىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ 9 - كۈنى (1933 - يىل 2 - ئاي) بىر ئەتىگەندە خۇيزۇ ئەسكەرلەر كونا شەھەردە ئومۇمىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ بىر نەچچە مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى. ھېچقانداق ئۆي قويماي بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. شەمشىدىن داموللا ھاجىمنىڭ ئۆيلىرىمۇ بۇلاڭ - تالاڭغا كەتتى. بۇ ئەھۋال ئىككى كۈن داۋام قىلدى. 1933 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئايىغىدا رەھمەتۇللا يۈسۈپ بىلەن ئىككىمىز بىر ئىشەكچىگە كىرا قىلىپ بايغا قاراپ يولغا چىقتۇق. 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنلىرى بايغا كەلدۇق. مەن يازىچە تېزەككاغىدا تۇردۇم. كۆزلىكى 10 - ئايلاردا ساۋۇت داموللا ھاجىم كەلدى. (ساۋۇت داموللا ھاجىم ئەسلى بايلىق بولۇپ ھەرەمگە بېرىپ كەلگەندىن كېيىن قەشقەردە تۇرۇپ قالغان. قەشقەردىكى ھۆكۈمەت قۇرغان ساۋۇت داموللا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھاجىم ئەمەس) كۆرۈشكىلى كەلسەم بىر پارچە خەت بىلەن مېنى تاھىر قازى بىلەن قوشۇپ كۇچاغا ئەھمەتخان لويجاڭغا (بۇرۇنقى تۆمۈرنىڭ لويجاڭى) ئەۋەتتى. ئەھمەتخان لويجاڭ ساۋۇت داموللا ھاجىمنى باي ناھىيىسىدە يېڭى مەكتەپ ئېچىش ئۈچۈن مائارىپ مۇدىرى قىلىپ ئۇقتۇرۇش يېزىپ بەردى. بىز كۇچادا بىر ھەپتە تۇرۇپ قايتىپ چىقتۇق. مەن كۇچادا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى، دەرس پروگراممىلىرىنى ئۆگىنىپ چىقتىم. بايغا قايتىپ چىققاندىن كېيىن ساۋۇت داموللا ھاجىم مېنى تۇنجى قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىملىككە بەلگىلەپ قويدى. بالىلارنى يىغىپ ئەمدى دەرس باشلىغاندا 11 - ئايدا ئاغرىپ قالدىم. ئانام مېنى توخسۇن تېزەكقاغىغا ئەپچىقىپ كەتتى.

مەكتەپكە ئاقسۇدىن مۇئەللىم ئەكەلدۈرۈپتۇ. مەن قىشقىچە كېسەل يېتىپ 1934 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئايغىدا بىر ئاز ياخشى بولدۇم. 5 - ئايدا سايرامدا يېڭىدىن مەكتەپ ئېچىلىپ مېنى ئۇ يەرگە مەكتەپ مۇدىرى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن رەھمىتۇللا يۈسۈپنىمۇ مۇئەللىملىككە تەكلىپ قىلدىم 1934 - يىلى 5 - ئايدىن 1935 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە سايرام مەكتەپتە ئىشلىدىم. 1935 - يىلى تەتىل مۇناسىۋىتى بىلەن بايدا ئىككى يېرىم ئايلىق مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كورسى ئېچىلدى. 7 - ئايدا رەھمىتۇللا يۈسۈپ ئىككىمىز كېلىپ

كۆرسقا قاتناشتۇق. 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا كۆرە-
شنى تۈگەتكەندىن كېيىن مېنى قېير مەكتەپكە
بەلگىلەپ ماڭغۇزدى. مەن قېير مەكتەپكە بېرىپ
بالا يىغىپ ئەمدى دەرس باشلىغاندا، ئاقسۇدىن مەك-
تەپ تەكشۈرۈش، ياردەم توپلاش خىزمىتىگە مەسئۇل
بولۇپ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مىللەت مەجلىسىنىڭ رەئىس-
سى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دانىش
قازى، سەمەت مۇپتى ھاجىم دېگەنلەر قېيرغا باردى.
ئۇلار بىرەر قۇر ئەھۋال تونۇشقاندىن كېيىن دانىش
قازى مېنى سەن بايغا قايتىپ بار. بايدا ئۇيغۇر
ئۇيۇشما قۇرۇلۇپ ساۋۇت داموللا ھاجىم خىزمەتكە
يېتىشەلمەي قالدى، سەن مائارىپ ئىشلىرىغا مە-
سئۇل بولسەن دەپ قولۇمغا خەت يېزىپ بەردى.
شۇنىڭ بىلەن قېيردا 18 كۈن تۇرۇپ 1935 - يىلى
10 - ئايدا بايغا قايتىپ كەلدىم. باي ناھىيىسىدە
بۇ چاغدا ئۇيۇشما تەرىپىدىن 30 ئورۇندا يېڭىدىن
مەكتەپ تەشكىل قىلىنغانىدى. مەن بايغا قايتىپ
كېلىپ 1936 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە مائا-
رىپ خىزمىتىدە ئىشلىدىم. تەتىل مۇناسىۋىتى بىلەن
ئاقسۇدا ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى تەرىپىدىن 23
كۈنلۈك جاڭشىخۇي ئېچىلىپ بايدىن ئۈچ-تۆت نەپەر
ئوقۇتقۇچى قاتناشقانىنىڭ سىرتىدا مېنىمۇ قاتنىشىشقا
تەكلىپ قىلدى. بايدىن بارىدىغانلار كەتتى. مەن
خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن بىر نەچچە كۈن كېيىن
باردىم. مەن بارسام توققۇز كۈن تۈگەپتۇ. 13 كۈن قات-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاشتىم. جاڭشىخۇي تۇگمىگەندىن كېيىن بايدىن مېنى كۇچادىن روزى ھاپىز، ئۇمەر ئېلمىنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ نەشرىيات بۆلۈمىگە ئېلىپ قالدى. شۇ چاغدا ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى ئابلىز ئەپەندى، مۇئاۋىن باشلىقى دانىش قارى ئىكەن. مېنى نەشرىيات بۆلۈمىگە باشلىق، روزى ھاپىزنى مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ بەلگىلىدى. بۆلۈمدە بىزدىن باشقا ئىمىن قارى، ياسىن قارى دېگەنلەر يەنە تامەرخان غوجام دېگەن 70 - 80 ياشلاردا بىر ئادەم بار ئىدى. بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز ئورۇمچى، قەشقەر، چۆچەك ئالتاي قاتارلىق ئورۇنلاردىن چىقىدىغان گېزىتلەرگە مۇشتەرى توپلاپ، ئۇنىڭ پۇللىرىنى يىغىپ ماگدۇرۇپ بېرىش، كەلگەن گېزىتلەرنى تارقىتىپ بېرىشتىن ئاشقىرى بۆلۈمدە بىزدىن بۇرۇن ئايدا ئىككى قېتىم چىقىدىغان «ئاقسۇ ئۇچۇرى» ناملىق تام گېزىتى بولۇپ ئۇنى قول بىلەن بېزەپ تەييارلايدىكەن. ناھىيىلەرگە بىردىن ئەۋەتىدىكەن. مەن ئۇ يەرگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن «ئاقسۇ ئۇچۇرى» گېزىتىنى شاپگراپ بىلەن بېسىپ چىقىرىدىغان بولدۇق. 1938 - يىلى 9 - ئايلاردا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن گېزىتخانا تەشكىل قىلىندى. شۇ چاغدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىدىن مېنى گېزىتخانىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭدىن تارتىپ 1945 - يىلى 3 - ئايغىچە گېزىتخانىدا خىزمەت قىلدىم. گېزىت دەسلەپتە شاپگراپ بىلەن بېسىپ چىقىرىلدى. تەخمىنەن ئىككى يىلچە ئۆتكەندە فىق

مەتبەگە ئۆزگەرتىلدى. مېنىڭ گېزىتخانىدا مەسئۇل
بولغان خىزمەتلىرىم، شاپگراپ بېسىش، كوررېكتورلۇق،
باسماخانىدا بۆلۈمچە باشلىقى، تەھرىرلىك خىزمەتلىرى
دە ئىشلىدىم. 43 - يىلى 7 - ئايدا ئۇيغۇر ئۇيۇش-
مىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە
ئىشلىدىم. گېزىتخانىدا يېڭى قۇرۇلغاندا مىرغىياس دې-
گەن ئۆزبېك دوختۇر ئۇيغۇرچە گېزىتنىڭ نەشرىلىك
خىزمىتىنى قوشۇمچە ئىشلىدى. 40 - يىلى 9 - ئايلاردا ئۇ
ئادەم ئۇرۇمچىگە كەتتى. ئاقسۇ 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ
مۇئەللىمى تۇرسۇن ياسىنىنى تەھرىرلىككە ئەكىردى. 42 -
يىلى 5 - ئايلاردا تۇرسۇن ياسىنىنى ئۇرۇمچى گېزىتخانىغا
ئېلىپ كەتتى. تەھرىرلىكتە مەن يالغۇز قالدىم. 43 -
يىلى 9 - ئايلاردا ئۇرۇمچىدىن ل. مۇتەللىپنى تۇرسۇن
ياسىنىنىڭ ئورنىغا تەھرىر قىلىپ ئەۋەتتى. 45 -
يىلى 3 - ئايغىچە ل. مۇتەللىپ بىلەن بىرگە
ئىشلىدۇق.

مەن ئاقسۇدا ئىشلەۋاتقان چاغلاردا «بارات ئەھ-
مىدى»، «قارا باي»، «دېھقان ساۋۇت ئاكا» قاتارلىق
كىچىك سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا
بەرگەن. كېيىن چوڭراق قىلىپ، «لەيلى - مەجنۇن»،
«پەرھاد - شىرىن»نى سەھنىلەشتۈرۈپ بەردىم. ئۇيۇش-
ما سەنئەتچىلىرى بۇلارنى ئويناپ چىققاندىن كېيىن
43 - يىلى يازدا سارى خېنىم دېگەننىڭ بېغىدا ئۇي-
غۇر ئۇيۇشما بىر زىياپەت چېيى بېرىپ، شۇ چاغدا
ئۇيۇشما ئامىدىن ماڭا يەتتە گەز شەيتان تېرىسى

مۇكاپات بەردى. مۇكاپاتنى شۇ چاغدىكى ئۆيۈشمە رەئىسى پاشا غوجا بەردى. 44 - يىلى «لەيلى - مەجنۇن» نىڭ قەلەم ھەققى مۇكاپاتى دەپ 1000 كوي پۇلنى كونۋېرتقا سېلىپ خەت بىلەن مەتتىمىن يۈسۈپ مېنىڭ ئۆيۈمگە ئەكىلىپ بەردى. ئىككى، ئۈچ سەنئەتچى بىللە. مەتتىمىن يۈسۈپ شۇ چاغدىكى ئۆيۈشمىدىكى سەنئەتچىلەرنىڭ باشلىقى ئىدى. ھازىر ئۇ ئادەم ئۈرۈمچىدە بولۇشى مۇمكىن. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان. 68 - يىلى بارلىغىنى ئاڭلىغان. مەن 1944 - يىلى 10 - ئايدا ئاغرىپ يېتىپ قالدىم. 1945 - يىلى 3 - ئايدا دوختۇرنىڭ «ساقايمايدۇ» ھاياتى ئىككى ئايدىن ئۆتمەيدۇ دېگەن قەغەزى بىلەن بايغا قايتىپ كەلدىم. توخسۇن يېزىسى تېزەككاغا كەنتىدە ئانام ۋە تۇغقانلىرىمنىڭ قېشىدا تۇردۇم. لېكىن ئىككى ئاي توشتى مەن يەنىلا ھايات ياتىمەن. ئاكام داۋالاتتىدۇ. 8 - ئايغا كەلگەندە بىر ئاز ياخشى بولدۇم. 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئىلىدىن مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر قىسمى كېلىپ باي ناھىيىسىنى گومىنداڭدىن تارتىۋالدى. 10 كۈندەك تۇرۇپ بايدا بەزى ئىدارىلەرنى تەشكىللەپ قويۇپ ئاقسۇغا كەتتى. مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشمىدىم. ئۇلار ئاقسۇ تەرەپكە كەتكەندىن كېيىن، كۇچادىن گومىنداڭ چىقىپ باينى قايتىدىن بېسىۋالدى. مىللىي ئارمىيە بايغا ئوسمان سايىتنى ھاكىم قىلىپ، دوڭلازا ئىمامنى (خۇيزۇ) مۇئاۋىن ھاكىملىققا ساي

لاپ قويغانىكەن. گومىنداڭ كەلگەندە ئوسمان سايىت قېچىپ كېتىپتۇ. ئاڭلىشىمچە دوڭلازا ئىمام قاچماپتۇ، لېكىن گومىنداڭچىلار دوڭلازا ئىمامنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن قوغلىۋەتمەپتۇ. باشقا ئاكىم قويماپتىمىش. 9-ئاينىڭ باشلىرىدا مىللىي ئارمىيىدىن يەنە بىر تۈركۈم كەلدى. ئۇلار قېيرغا كەلگەننى ئاڭلاپلا گومىنداڭچىلار باينى تاشلاپ قاچتى. مىللىي ئارمىيە باينى يەنە ئىشغال قىلدى. بۇ قېتىم ئۆز ئېھتىياجىم ئۈچۈن بازارغا كەلسەم، تاھىر سايىت مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بوپتۇ. مېنى ئوسمان سايىتنىڭ قېشىغا باشلاپ كىردى. ئوسمان سايىت ئىلىدىن كەلگەن ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىنىڭ قېشىغا ئەكىرىپ تونۇشتۇرۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ۋەكىللەر ئىدارىسىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتىم. ئۇ يەردە قىلىدىغان خىزمىتىم ئاساسەن شاپىگراپ بېسىش بىلەن بولدى. قاسىم مۇھەممەدى دېگەننى ياردەملەشكىلى بەردى. مەن ئۇ يەرگە كىرگەندە ماموت ھاشىم، تونىياز توختى، سادىق ئىمىنلەر شۇ يەردە خىزمەتتە ئىكەن. ساقچى ئىدارىسىگە ياسىن ئاخۇن دېگەن بىر ئادەمنى باشلىق، رەھمەتۇللا يۈسۈپنى مۇئاۋىن باشلىق قىپتۇ. 10-ئاينىڭ بېشىدا ئەھمەت ئەلەمنىڭ ئۆيىدىن كىرچالىق داۋۇت موللا دېگەن بىر ئىشپىيون تۇتۇلۇپ سولاندى. سوراق ئۈستىدە مەلۇم بارىدىم. ئۇنىڭ ئىقرارىچە ئۇ سېيىت ئەھمەتنىڭ ئادىمى بولۇپ، بۇ قېتىم كۈچادىكى ھاتۇۋەنجاڭ ۋە سېيىت ئەھمەتنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن كۈچا

ساقچى ئىدارىسىدىكى ئايۇپبەگلەر بىرلىكتە خىزمەت ئ
شۈرۈۋېلىپ، باي ئارقىلىق شىڭخا ساقچى ئىدارىسىگە ماڭ-
غۇزغانىكەن. كېچىدە كىچىك چىغىر يوللار بىلەن ئومباش
يېزىسىنىڭ كېۋەزلىكى ئارقىلىق قوشتامدىكى ھېلاخون
ئىمامىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۇ يەردە بىر كۈن تۇرۇپ
كېچىدە شەھەرگە — ئەھمەت ئەلەمنىڭ ئۆيىگە كەپ-
تۇ. ئەتىگەن ناماز ۋاقتى بىلەن ئەھمەت ئەلەم ئۆزى
كېلىپ خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تۇتۇپ
سولىدى. ئەھمەت ئەلەمنىڭ يېقىن ئادىمى توقى ئىمىد-
رىسىنى بىرگە ئەكىلىپ قاماپ قويدى. ھېلاخون ئىمام-
نىمۇ قامىدى. 45 - يىلى 10 - ئاينىڭ 8 -
كۈنى كۈچادىن ناھايىتى نۇرغۇن ساندا گومىنداڭ
ئەسكەرلىرى چىقىپ كەلدى دېگەن خەۋەر بولۇپ، شۇ
كۈنى كەچتە مىللىي ئارمىيە بايدىن چېكىندى، مەن-
مۇ بىرگە قاچتىم. 10 - ئاينىڭ 26 كۈنى غۇلجىغا
يېتىپ باردۇق. ئارمىيەدە خىزمەت قىلىشقا
تەكلىپ قىلدى. مەن كېسەلدىن يېڭى ساقايغان دەپ
قوبۇل قىلمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئاي گېزىتخا-
نىغا ۋاقىتلىق تەھرىرلىككە ئەكىرىپ قويدى. ئىككى
ئاي گېزىتخانىدا خىزمەت قىلدىم. 1946 - يىلى 1 -
ئاينىڭ 1 - كۈنى ھەربىي مۇپتىي ئەسكەر ئىدارى-
سى قايتۇرۇپ چىقىپ، مېنى يەنە ھاشىر ئەپەندى دېگەن
بىر ئادەمنى ياقۇپجان دېگەن بىر ئەسكەرنى قوشۇپ
ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىنقىلاب تارىخىي ھەققىدە ماتېرى-
يال توپلاپ كېلىشكە بەلگىلىدى. خىزمەتكە ئوڭايلىق

بولۇن ئۈچۈن ھەر ئىككىمىزگە كاپىتان دەرىجىلىك ھەربىي ئۇنۋان بەردى. كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك مائاش ۋە باشقا ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسى ھەربىي تۈزۈم بويىچە بولۇپ يۈرۈش - تۇرۇشىمىز ئىختىيارى. ھېچقايسىمىزدا قورال يوق. 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى خىزمەتكە يۈرۈپ كەتتۇق. 1946 يىلى 1 - ئايدىن 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنىگىچە بىز چۆچەك، دوربىلجىن، ساۋەن، شىخو، جىڭ، بورتالا، ئارشاڭ. قورغاس، سۈيدۈڭ نامىلىرى، شىخەنزە، ئالانئۇس، ساندوخوزا، يەلىسخەي، كۈيتۇڭ، چىپەيزە، پورتاجى، چىڭسىخو، داخيەنزە، لوسوگوڭ، قورغاس مازار رايونلىرى ھەم كورە شەھىرى قاتارلىق جايلارغا باردۇق. بىز غۇلجىغا قايتىپ كەلسەك ئىلىي ئارمىيە بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق كېلىشىم بوپتۇ. ئىلىدىكى ھۆكۈمەت باشلىقى ئېلىخان تۆرە كېتىپتۇ. ئۇنىڭ مۇئاۋىنى ھاكىم بەگ خوجا ئەسلى ئىلىلىق بولغىنى ئۈچۈن قاپتۇ. ئىلىنى بۇرۇنقىدەك ۋىلايەت قىلىشى ئۈچۈن، كادىرلارنى قىسقارتىش ئالماشتۇرۇش ئۈستىدە ئىكەن. بېرىپ يېزىپ كەلگەن ماتېرىياللىرىمىزنى مۇپتى ئەسكەر ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بەردۇق. ھاشىر ئەپەندى بىلەن مېنى دىنىي نازارەتكە تونۇشتۇرۇپ بەردى. دىنىي نازارەتتە مېنى ئالىمىي بۆلۈمگە باشلىق، ھاشىر ئەپەندىنى مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى قىلىپ بەلگىلىدى. 1946 - يىلى 7 - ئايدىن 1948 -

يىلى 10 - ئايغىچە دىنىي نازارەتتە ئىشلىدىم. ئىلمىي بۆلۈمدە بىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىمىز، دىنىي نازارەتنىڭ ھەممە بۆلۈملىرىگە كېرەكلىك باسىدىغان نەرسىلەرنى بېسىپ بەردۇق. دىنىي نازارەتتە مىخالى خەلپەم دېگەن باشلىق، تېيىپ زاد خەلپەت دېگەن كىشى باش كاتىپ ئىكەن. پۈتۈن ئىشنى تېيىپ زار باشقۇرىدىكەن. بىز شۇ تېيىپ زار بىلسۇن دەپ قول قويغان نەرسىلەرنى باستۇق. يەنە باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە دىنىي دەرسلىكى قوللانمىسىنى باستۇق. يەنە ئىمام مەزىنلەرگە تارقاتقىلى، ئىمان، ئىسلام رىسالىسى، غۇسلى، مەيىت، شارائىتى ئىمان، يۈز ئالتە پەرھىز، ئەملى ناماز دېگەن ئۇششاق دىنىي كىتابچىلارنى باستۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى شاپىگراپ بىلەن بېسىلدى. بۇنىڭدىن باشقا دىنىي نازارىتى نامىدىن، «ھايات مەجەللى» نامىلىق ئۈچ سان دىنىي ژۇرنال چىقاردۇق. يەنە ساۋۇت داموللا ھاجى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان «روشەن بايان» دېگەن قۇرئان تەپسىردىن بىر پارىنى بېسىپ چىقاردۇق. بۇنىڭدىن باشقا، ئەر - ئاياللارنىڭ نىكاھلىنىشى قەغەزىنى شۇ بۆلۈمدە باشقۇردۇق. 48 - يىلى 10 - ئايدا مېنىڭ ئاغرىقىم بەك تۇتۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن خىزمەتتىن ئىستىپا سوراپ قايتىپ چىقتىم. 1948 - يىلى 8 - ئايدا غۇلجىدا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ رەھبەرلىكىدە «شىنجاڭدا تىنچلىق خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» دېگەن بىر تەشكىلات قۇرۇلدى. 10 - ئاي-

دىن باشلاپ بۇ تەشكىلىنىڭ نەشرى ئەپكارى قىلىپ «ئىتتىپاق» ناملىق ژورنال نەشر قىلىندى. مېنى ئۇنىڭ تەھرىر ھەيئەتلىكىگە سايلاپتۇ. ئۇنىڭدا ئىشلىدىم. (مائاشسىز) ئىتتىپاققا ئەزا بولدۇم. تەھرىر ھەيئىتىنىڭ خىزمىتى ھەپتىدە بىر كۈن ياكى ئىككى كۈن. ئەمدى تۇرمۇش قامداش ئۈچۈن ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى تەشەببۇس قىلىپ، شىرىك دەپتەرچىلىك قىلىشقا سەرماي بەردى. ئىككى ئايدا دەپتەرچىلىك قىلىپ بىر ئاز سەرمايىگە ئىگە بولدۇم. 1949 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ باشقىلار بىلەن شېرىك دەپتەرچىلىك، ئەينەكچىلىك دۇكان ئاچتىم. كېيىن ئۆزۈم شەخسىي شاپگراپ بىلەن باسمىچىلىقنى قوشۇپ قىلدىم. بۇنىڭدا ھەر قايسى ئىدارە جەمئىيەتلەرنىڭ ھەر خىل ئۇبزور، ھۆججەتلىرىنى بېسىپ بەردىم. بۇ ئىشنى 1950 - يىلى 3 - ئايغىچە داۋاملاشتۇردۇم. مەن ئىلىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن گومىنداڭ مېنىڭ ئۈيۋاق تەلۇقاتىمنى مۇسادىرە قىلغانىنىڭ سىرتىدا مېنىڭ ئايالىمنى مەجبۇرىي باشقا ئەرگە ياتلىق قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىلىدا ئۆيلەندىم. ئىككى بالىلىق بولدۇم. بۇرۇن بالام يوق ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن بايىغا قايتماقچى بولغاندا ئۇ ئايال بايىغا كېلىشكە ئۇنىمىدى. ئاقىۋەت مەن بايىغا كېلىپ ئارامنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلىش، ئەگەر ئارام ھايات بار بولسا ئىلىدىكى ئايالىم بىلەن ئايرىلىشىدىغانغا ھاۋادا ئارام ئۆلۈپ كەتكەن بولسا مەن ئىلىدا تۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

قالدىغانغا ئايالىم بىلەن توختام قىلىشتۇق. 4 - ئاي-دا بايغا كەلسەم ئانام ھايات بار ئىكەن، كۆرۈشتۈم. مېنىڭ بۇ قېتىم كېلىشىمنىڭ سەۋەبىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مېنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىمغا تازا ئىشەن-مەي بۇ يەردە ئۆيلەپ قويدى. 7 - ئايدا ئاكام بى-لەن ئىلىغا چىقىپ 9 - ئايدا بايغا قايتىپ كەلدىم. ئۇ ئايال بىلەن بۇرۇنقى توختام بويىچە ئايرىلىشتۇق. چوڭ بالام ئابدۇرېھىم ئىككى يېرىم ياشقا كىرگەن ئىدى. ئۇنى مەن ئېلىپ كەلدىم. كىچىكى بەش ئايلىق بولغان ئىدى، ئۇ قالدى. 1950 - يىلى 9 - ئايدىن ھازىرغىچە بايدا تۇرۇۋاتىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئازادلىق-تىن بۇرۇنقى تەرجىمھالىم ئاخىرلاشتى.

دەپ: ئەرمىيا

1970 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى

# ئىنقىلابىي قۇربان ئابدۇللا داۋۇتوپ

ئۆمەر كېرەم

پېداگوگ، تارىخچى، ئىنقىلابىي قۇربان ئابدۇللا داۋۇتوپ 1918 - يىلى باي بازار ئىچى چاسا كوچىدا ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى داۋۇت مۇپتاخۇنۇم ئەينى ۋاقىتتا باي ناھىيىسىنىڭ مۇپتىسى ۋە چاسا كوچا مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى بولۇپ، قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇپ ئاتۇش، باي ناھىيىلىرىدە مۇدەررىسلىك قىلغان مەرىپەتپەرۋەر ئۆلىما ئىدى. داۋۇت مۇپتاخۇنۇم توخسۇن يېزىسىنىڭ كونا شەھەر مەھەللىسىدىن بولۇپ، قەشقەردە باي پەننىي مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى ساۋۇت داموللا ھاجىم بىلەن بىرگە ئوقۇغان. 1933 - يىلى ئىلغار دىنىي زاتلار بىلەن بىرلىكتە باي پەننىي مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. يۇرتقا ئۆلگە كۆرسىتىپ 1933 - يىلى ئۆز مەدرىسىسىدە ئوقۇۋاتقان ئوغلى ئابدۇللانى، 1938 - يىلى قىزى بۇۋىخەلچەمنى پەننىي مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇتقان. بۇلار باي ناھىيىسىدە يېتىشىپ چىققان 1 - ئەۋلاد ئوقۇتقۇچىلار.

ئابدۇللا داۋۇتوپ 1933 - يىلى تۇنجى پەننىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش جەريانىدا زېرەك، تىرىشچان

بولغاچقا، 1934 - يىلى 9 - ئايدا تۈنجى قارار دارىل-
مۇئەللىمىننى ئەلا پۈتتۈرۈپ، باي ئاھىيىسىدىكى
چەت يېزا — داۋانچىغا بېرىپ مەكتەپ ئاچقان. ئۆزى
ھەم مەكتەپ مۇدىرى بولغان. داۋانچىدا جاپالىق
شارائىتتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، بىر تۈركۈم ئوقۇغۇ-
چىلارنى تەربىيىلەپ چىققان. 1936 - يىلى يازدا
سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە
بېرىپ، تاللىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقى-
دىغان 3 - قارار دىكىلەر قاتارىدا «ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت-
لىك ئۇنىۋېرسىتېتى» دا ئوقۇغان. مەكتەپ پۈتتۈرۈپ
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىم-
مىننىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى بولغان ھەم مەركىزىي
ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا ئىشلىگەن. شېڭ شىسەي ئەسلى
ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، ئىلغار زىيالىيلارنى، ئىنقى-
لابچىلارنى تۇتقۇن قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە باشلىغاندا —
1943 - يىلى باش يازدا ئايالى ۋە بىر بالىسى
بىلەن سۈرگۈن ھېسابىدا يۇرتى بايغا قايتىپ كېلىدۇ.
بايغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاۋا مەكتىپى 1 - باش-
لانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولىدۇ. لېكىن ھۆكۈمەت
تەرەپ كەينىگە پايلاقچى سېلىپ قويىدۇ. ئابدۇللا
داۋۇتۇپ ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىندە ئۆزى دەرس
بەرگەن ئىلغار پىكىردىكى ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن
بىرلىكتە بەزى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ
مۇناسىۋەت بىلەن بايدا تۈرمىگە سولىنىدۇ. 1945 -
يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى ئارقا - ئارقىدىن غەلىبە

قىلىۋاتقان شارائىتتا، قۇيرۇقى تىترەپ، ئالاقىزادە بولغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئابدۇللا داۋۇتوپنى «ئوقۇتقۇچى» لىققا «تەكلىپ» قىلىش باھانىسى بىلەن ئاقسۇغا ئېلىپ كېتىدۇ. شۇ قاتاردا بىر پىكىردىكى ئوقۇغۇچىلىرى ئوسمان قاسىم، ئەمەت يۈسۈپلەرنىمۇ بىرگە ئېلىپ كېتىدۇ. ئابدۇللا داۋۇتوپ مېڭىش ئال- دىدا ئۆز تەقدىرىنى نېمە كۈتۈپتۇرغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكتىن ئىنىسى ئابدۇرېھىمجانغا: «مەن ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىن خەت يازسام، خېتىمنى كۆرسەڭلا مېنى بار دەڭلا، خېتىم كەلمىسە، يوق دەڭلا، مېنى ئىزلەپ بارماڭلا، ئوغلۇمنى سىزگە تاپشۇردۇم، ياخشى ئوقۇتۇڭ» - دەيدۇ. (ئايالى تۇغۇتتىدا ئۆلۈپ كەتكەن) ۋە كىتاب، ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ قويۇپ ئاقسۇغا كېتىدۇ.

ئابدۇللا داۋۇتوپ ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىن ئوقۇ- غۇچىسى — ئوت يۈرەك شائىر ل. مۇتەللىپ قاتارلىق ئىنقىلابچىلار بىلەن بىرلىكتە ئىنقىلابىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. 1945 - يىلى «ياش ئۇچقۇنلار ئىتتى- پاقى» نىڭ ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە قولغا ئېلىنىپ، 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سەبداشلىرى بىلەن بىرگە ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ قاتاردا بايىدا بىرلىكتە ئىنقىلابىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئوقۇغۇچىلىرى ئوسمان قاسىم، ئەمەت يۈسۈپلەرمۇ بىرگە ئۆلتۈرۈلىدۇ.

بۇ ئوت يۈرەك ئىنقىلابچى، ئازادلىق ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ، ئادىل ئازاد زاماننىڭ كېلىشىنى

ئارزۇ قىلغانىدى. تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىك، جاھالەت ھۆكۈم سۈرگەن زاماندىن نەپرەتلىنىپ ئوغۇللىرىغا گۈلىستان، نۇشىرۋان دەپ ئىسىم قويۇپ، ئۆز ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەنىدى. بىراق يېڭى دەۋرنى كۆرۈش نېسىپ بولمىدى، ئىنقىلابچىنىڭ قېنىدا سۇغۇرۇلغان زېمىندىن ئاخىرى گۈلىستان بارلىققا كەلدى!

1990 - يىل 10 - ئاي

# ئاھىيىمىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىنى توپلاش ۋە رەتلەش جەھەتتىكى بەزى پىكىرلەر

ھەسەن سەپەر

تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش ۋە رەتلەش سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. كومىتېتىمىز ئىككى يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق بۇ كىتابچىنى تۇنجى قېتىم نەشر قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق. قولىمىزدىكى بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ئاھىيىمىز تارىخىدىكى بىر چوڭ ئىش بولۇپ، ئاھىيىمىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىنىڭ يوقىلىش گىردابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدۇق. ۋە بۇ جەھەتتىكى بىر بوشلۇق تولدۇرۇلدى. بۇ پەقەت بىر باشلىنىش.

1989 - يىلى 4 - ئايلاردا بۇ ئىشقا رەسمىي كىرىشىپ، ئاھىيىمىزنىڭ تارىخىي ۋەقەلىكىدىن، ئىنجەتەن خەۋىرى بار پىشقەدەم يولداشلارنى ۋە مۇناسۋەتلىك ئىدارە مەسئۇللىرىنى قاتناشتۇرۇپ، تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش ۋە رەتلەش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى، زۆرۈرلىكى ۋە ئۇنىڭ تەخىرسىزلىكى ھەققىدە سەپەرۋەر قىلدۇق. يىغىندا قاتناشقان يولداشلار

تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن، ئەگەر ناھىيە
مىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىنى توپلاش رەتلەش
خىزمىتى ئىشلەنمىگەن بولسا، بىز بارلىق كۈچىمىز
ۋە ئامال بىلەن يېقىندىن ياردەم بېرىمىز دەپ
ئىپادە بىلدۈرۈپ بىزنى ئىلھاملاندۇردى. بۇنىڭ بىلەن
كومىتېتىمىزدىن مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ ئۆتكەن
يىلى بىر يىل جەريانىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ،
دەسلەپكى قەدەمدە ئاز بولمىغان ماتېرىياللارغا ئىگە
بولدۇق. لېكىن بۇ ماتېرىيال دەسلەپكى يىپ ئۇچى
بولغاچقا، ئۇنى ئۆز پېتى ئىشلەتكىلى بولمايتتى.
خېلى كۆپ ماتېرىياللارنى ئىز قوغلاپ يۈرۈپ تەھقىق
لەشكە ۋە ئۇنىڭ چىنلىقىغا ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا
كەلەتتى. شۇڭا بۇ ماتېرىيالغا ئەمەلىي قول سېلىپ
ئىشلەۋاتقانلارنىڭ يېتىشەلمەيۋاتقانلىقىنى نەزەرگە
ئېلىپ، پۈتۈن ئىدارە-ئورگانلارنى يەنىمۇ كەڭ سە-
پەرۋەر قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىپ 1990-
يىلى كىرگەندە دائىرىسىنى تېخىمۇ كەڭ قىلىپ.
كۆپلىگەن ئىدارە مەسئۇللىرىنى قاتناشتۇرۇپ، يەنە
بىر قېتىم سەپەرۋەر قىلدۇق. بەزى ئىدارىلەرگە ئۆز
ئورنىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىنى رەتلەش ھەققىدە
ۋەزىپە تاپشۇردۇق. بۇ قېتىمقى يىغىنغا سىياسىي
كېڭەش ئورگىنىدىكى رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەرنىڭ
تولۇق قاتنىشىشىدىن باشقا ناھىيىلىك پارتىيە كومى-

ئېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش سوڭ شىياڭشىنىڭ① قاتناشتى ۋە ناھىيىمىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىنى توپلاش - رەتلەش خىزمىتى ھەققىدە مۇھىم سۆز قىلدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش ھېكىم ئانايەت②، ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى شىر ئېلى مەھەممەتلەر ناھىيىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىنى توپلاش ۋە رەتلەشكە ئادەم يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، مۇۋاپىق ئادەم ئاجرىتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئادەم كۈچىمىز تولۇقلىنىپ، تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش ۋە رەتلەش خىزمىتى تېخىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللارغا ئىگە بولدۇق. لېكىن بىز شۇنى ئېيتماي تۇرالمايمىزكى، بىز يۇقىرىدا دېگەنگە ئوخشاش بۇ توپلانغان ماتېرىياللار پەقەت خام ماتېرىيالدىن ئىبارەت. شۇڭا بىزنىڭ كۆپ ۋاقتىمىز توپلانغان ماتېرىياللارنى ئىسپاتلاش ۋە دەلىللەش بىلەن ئۆتتى. مەسىلەن، بىز قېيىر، قىزىل، سايرام، توخسۇن، ياتۇر، تېرەك، ياقىرىق، ئاقسۇ كونا شەھەر، ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ شەھىرى قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ، تارىخىي ۋەقەلىكتىن خەۋىرى بار يولداشلارنى زىيارەت قىلدۇق ۋە ئۇلاردىن پىكىر ئالدۇق. ئورگىنىمىزدا ھەم كۆپ قېتىم سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىپ پېشقەدەم يولداشلارنىڭ پىكىرىنى ئالدۇق. بەزى ماتېرىياللار بىر قانچە قېتىم تۈزىتىش

---

① سوڭشىياڭشىڭ — ھازىر دەم ئېلىشتا. ② ھېكىم ئانايەت — ھازىر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى.

كىرگۈزۈلۈپ يېزىلدى. ھەر قېتىم تۈزىتىلگەن نۇسخىسىنى شۇ ۋەقەلىككە ئۆزى بىۋاسىتە قاتناشقان، بىلىدىغان ۋە ئاڭلىغان يولداشلارغا ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تەكرار پىكرىنى ئالدۇق. مەسىلەن، ئۈچ ۋىلايەت ھەللىي ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، كەسىپ ئالمىشىپ، ئاقسۇدا خىزمەت ئىشلەۋاتقان ۋە دەم ئېلىشقا چىققان يولداشلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇلارنى زىيارەت قىلدۇق ۋە ئۇلارغا رەتلەنگەن ماتېرىياللارنى ئوقۇپ بېرىپ پىكىر ئالدۇق. ئۇلار كۆپلىگەن جايلىرىغا قارىتا مۇھىم بولغان تۈزىتىش ۋە تولۇقلاش پىكرىنى بەردى. داھىيە بازىرىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان پېشقەدەم يولداشلاردىن ئىبراھىم ياقۇپ، سۇلايمان زىياۋۇدۇن، ئىدرىس روزى، رىشىت كېرەم قاتارلىق يولداشلارمۇ بىزگە يېقىندىن ياردەمدە بولدى ۋە بىر قىسىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۈچ ۋىلايەت ھەللىي ئارمىيىسىنى بايغىچە يول باشلاپ كەلگەن سايىم ئەپەندى ① ھەم قىممەتلىك تولۇقلاش ۋە تۈزىتىش پىكرىنى بەردى. دېمەك «ئۈچ ۋىلايەت ھەللىي ئارمىيىسىنىڭ بايدىكى پائالىيىتى» دېگەن ماۋزۇلۇق ماقالە چوڭ جەھەتتە تۆت قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. ھەر بىر قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە تولۇقلاش ھەققىدىكى پىكىر - تەلەپلەر چۈشكەندە بىز

---

① سايىم ئەپەندى — سودىگەرچىلىك بىلەن ئىلىغا چىقىپ تۇرۇپ قالغان بولۇپ، 1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ھەللىي ئارمىيىسى جەنۇبىي يۆنۈلۈش قىسمىنى بايغىچە باشلاپ كەلگەن.

يەنە تۈزىتىش ۋە تولۇقلاش ئېلىپ باردۇق. شۇنداق
قىلىپ ئاخىرقى نۇسخىسىنى بېكىتتۇق.

ناھىيىمىزدىكى پەننىي مەكتەپنىڭ بارلىققا
كېلىشى دېگەن ماقالىنى يېزىپ پۈتتۈرۈشتىمۇ خۇددى
يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش كۆپ تەرەپلىمە ئىزدەندۇق.
ناھىيىمىزدىكى پەن - مائارىپ 1933 - يىلى قۇرۇلغان
بولۇپ، ناھىيىمىزدىكى پەننىي مائارىپنىڭ بارلىققا
كەلگەن ۋاقتىغا قارىتا پىكىرلەر ئوخشاش بولمىدى.
بەزىلەر 1934 - يىلى قۇرۇلغان دېسە بەزىلەر 1933-
يىلى قۇرۇلغان دەپ بىر مەزگىل پىكىردە بىرلىككە
كېلەلمىدۇق. بىز يەنىلا ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەت-
قىق قىلىپ، پاكىتقا ھۆرمەت قىلىپ تۈنجى قېتىمدا
ئوقۇتقۇچى بولغان ئابدۇرېھىم مەخسۇم، 1 - 2 - تۈر-
كۈمدە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى بولغان پېشقەدەم كادىر
ئاتاقلىق تەرجىمان ئۆمەر سابىر (ۋاپات بولۇپ كەتتى)،
روزى ئىبراھىم (ۋاپات بولۇپ كەتتى)، ئىمىن نىياز،
سىدىق راشىدىن، بارات ئىبراھىم (ۋاپات بولۇپ
كەتتى)، مەمەتنىياز توختى، تالىپ نىياز، ھەسەن قاسىم
(ۋاپات بولۇپ كەتتى) قاتارلىق نۇرغۇنلىغان پېش-
قەدەم مائارىپچىلار بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەت يىغىن-
لىرىنى ئاچتۇق، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلىدۇق.
مائارىپ ھەققىدە رەتلەنگەن ماتېرىياللارنى ئۇلارغا
قايتا - قايتا ئوقۇپ بېرىپ ۋە قايتا - قايتا پىكىر
ئېلىپ مەرھۇم، ئاتاقلىق يازغۇچى نىمشېھىت ئارمىيە
داموللا ھاجىمنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن تارىخىي ماتېرى-

يالىلىرىگە ئاساسەن ۋە باشقا ئەمەلىي پاكىتلارغا ئاساسەن. ناھىيەمىزنىڭ پەننىي مائارىپىنى 1933 - يىلىنىڭ 10 - 11 - ئايلاردا قۇرۇلغان دەپ قەيت قىلدۇق. بىزنىڭ بۇنداق بېكىتىشىمىز ئەمەلىي پاكىتقا تامامەن ئۇيغۇن. شۇنداق قىلىپ بىز ناھىيەمىزدىكى پەننىي مائارىپنىڭ بارلىققا كېلىشى دېگەن ماقالىنىڭ ئاخىرقى نۇسخىسىنى بېكىتتۇق.

«ئاق تاغ ۋەقەسى» ماۋزۇلۇق ئەسلىمىنى مەرھۇم ئوختى سېيىت 1989 - يىلى يېزىپ پۈتتۈرۈپ، سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار گۇرۇپپىسىغا تاپشۇرغان بولۇپ، بىز بۇ ماتېرىيالنى تەھقىقلەش ئۈچۈن، ئاق تاغ ۋەقەسىگە بىۋاسىتە قاتناشقان شاھىدلەردىن ئىمىن نىياز (دەم ئېلىشتا)، تاش ئىبرايىم (دەم ئېلىشتا)، روزى ئىبرايىم (ۋاپات بولۇپ كەتتى)، مولنىياز روزى قاتارلىق كۆپلىگەن يولداشلارنىڭ پىكىر قىلىشى ۋە تولۇقلىشىغا سۇندۇق. ئاق تاغ ۋەقەسى ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي مۇھىتتا يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ئەسلىمىگە نىسبەتەنمۇ ئوخشاش بولمىغان پىكىر قاراشلارمۇ چۈشتى.

1937 - يىلى مەنسۇر بىلەن چىڭ پاك سىلىڭ (شەھەر مۇداپىئەسى سىلىڭى دەپ ئۇزدىنى ئاتىۋالغان مىللىتى خۇيزۇ) نى شېك شىسەي ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى كېسىپ، ئاتىنىڭ تۇۋۇرىسىغا سېلىپ، ئاق تاغدىن ناھىيە بازىرىغا ئەكىلىپ «غەلىبىنى» تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئىككى كالىنى خادىغا ئۆتكۈزۈپ تەلۈچۈك دەرياسى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بويىدا ئۈچ كۈن سازايى قىلىنىپ باي خەلققە بايرام تەنتەنىسى قىلدى دەپ يېزىلغان. بۇنىڭغا قارىتا بەزىلەر كاللا ئىككى بولغان بىلەن ئىززىنىڭ بىرسى چىك پاك سىلىڭنىڭ كاللىسى ئەمەس. باشقا بىر خۇيزۇنىڭ كاللىسىنى چىك پاك سىلىڭنىڭ كاللىسى دەپ ئاتىۋالغان دېسە، يەنە بەزىلەر چىك پاك سىلىڭنىڭ ئاق قاغدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى يالغان. ئابلا تۆەنجاك تەرىپىدىن مەنسۇر ۋە چىك پاك سىلىڭنىڭ بىرمۇنچە ئادەملىرى — قولغا ئېلىنغان بولۇپ شۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر خۇيزۇ سولاقتا ئۆلگەن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆلۈكنى كۆمۈۋاتقان يەردىن ئېچىپ كاللىسىنى كېسىپ، سازايى قىلغان دېسە، يەنە بەزىلەر ئىززىداق بولغاندا سازايى قىلىنغان كاللا ئۈچ بولۇپ قالامدۇ؟ دېيىشىپ تالاش-تارتىش بەك قىزىپ كەتتى. بىز بۇنىڭغا قارىتا ھەر خىل يېپ ئۇچىغا ئاساسەن يەنىمۇ ئېچكىرىلەپ تەكشۈرۈپ تېرەكتىكى تۇرختى ئەقىل دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارغىنىمىزدا چىك پاك سىلىڭنى، ئابلا تۆەنجاك ① ئاق تاغدا ئۆلتۈرگەن بولۇپ كاللىسىنى كېسىپ مەنسۇرنىڭ كاللىسى بىلەن، ئاتنىڭ تۇۋرىسىغا سېلىپ، تېرەكتىكى ئابلىزخانىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ بىر كېچە قونۇپ بايغا ئېلىپ كەتكەن تېرەكتىكى ئادەملەر چىك پاك سىلىڭنىڭ كاللىسىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن دەپ ئېيتتى. تۇرختى

① ئابلا تۆەنجاك — شىڭ شىسەينىڭ ئادىمى

ئېقىلىنىڭ ئىسپاتلىشى مەرھۇم توختى سەيىتنىڭ يازغىنى بىلەن ئوخشاش چىقتى. يۇقىرىدىكى ئىسپاتلارغا ئاساسەن سازايى قىلىنغان كالىلىنىڭ بىرسى چىلك پاك سىلىكىنىڭ كالىسى دەپ قەيت قىلىندى.

بىز يەنە ياتۇر يېزا دۆڭ مازاردىكى توختى ئىمام بىلەن كۆرۈشتۇق. توختى ئىمام 1937 - يىلىدىكى ئاق تاغ ۋەقەسىگە بىۋاستە قاتناشقان بولۇپ، ئاق تاغ ۋەقەسى ھەققىدىكى ماتېرىيالنى ئوقۇپ بەرگىنىمىزدە، شىڭ شىسەينىڭ ئادىمى بولغان ئابلا تۈنجاڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەر ئىچىدە باي ناھىيىسىدە نامى بار ئاتاقلىق ئادەملەرنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، زۆرۈر بولغان تولۇقلاش ئېلىپ باردى. (يۇقىرىقى چۈشۈپ قالغان ئادەملەر، ئاق تاغ ۋەقەسى ھەققىدىكى يېزىلغان ماتېرىيالغا كىرگۈزۈلدى.) يەنە بىرسى چىلك پاك سىلىكىنىڭ ئەسلى ئىسمىنى ئوقۇش ئۈچۈن كۆپ ئىزدەنگەن بولساقمۇ شۇ ۋاقىتتا ھەممە ئادەم چىلك پاك سىلىك دەپ ئاتىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمىنى تاپالمىدۇق. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا بىز ئىككى يىل جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق باي ناھىيىسىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىنى توپلاش-رەتلەش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ كىتابخانلارنىڭ قولىدىكى بۇ كىتابنى تۇنجى قېتىم نەشر قىلدۇق.

ھۆرمەتلىك كىتابخان يولداشلار بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى سەۋىيىمىز تۆۋەن، تەجرىبىمىز يوق. بۇ تارىخىي ماتېرىيالنى توپلاش - رەتلەش ۋە نەشر

قىلىشتا سەۋەنلىك ۋە خاتالىقلاردىن خالىي ئەمەسمىز شۇڭا كىتابخانلارنىڭ كېيىنكى سانلىرىدا تولۇقلاپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ناھىيىمىزنىڭ تارىخىي ماتې- رىياللىرىنىڭ تۇنجى سانىنى مۇۋاپپەقىيەتلىك بىلەن چىقىرالىشىمىز ياي ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكى ۋە زۆرۈر بولغان شەرت - شارائىتىمىزنى ھازىرلاپ بېرىشى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بۇ بىر خىز- مىتىمىزنى قوللىشى بىلەن بولدى.

بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزغا يېقىندىن ياردەمدە بولغان ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى، مەدەنىيەت ئىدارىسى، 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، مەدەنىيەت يۇرتى، 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ، 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ، بىلىم ئاشۇرۇش مەك- تىپى قاتارلىق ئورۇنلارغا ۋە شۇ ئورۇنلاردىكى ياردەم بەرگەن يولداشلارغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىمىز.

1990 - يىلى 24 - دېكابىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: باتۇر مەمەت

باي تارىخ ماتېرىياللىرى (1- سان)
جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى باي
ناھىيىلىك كومىتېتى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپ
باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 1/32: باسما تاۋاق: 12
1995 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
تىراژى: 1500
ئەچكى ماتېرىياللارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش
كېنەشكە نومۇرى: 2639
(ئەچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)

*

拜城县文史资料（第一期）
中国人民政治协商会议拜城县委员会编印
乌鲁木齐市第十四中学印刷厂印刷
开本：787×1092 1/32 对开印张：12
1995年10月第一次印刷
印数：1500册
内部资料准印证号2639
（内部发行）